ئەختەم ئۆمەر


# مۇڭلۇق زېمىن

(كىنو سىنارىيىلىرى)

مىللەتلەر نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

مۇڭلۇق زېمىن .............................. (1)
نەسىردىن ئەپەندىنىڭ پالاكەتكە يولۇقۇشى ............... (85)
دولانلىقلار................................... (173)
يۇرتىغا قايتقان ستۇدېنت .......................... (262)



# مۇڭلۇق زېمىن

(هاجى ئەھمەد كۆلتېكىننىڭ «گۈلجامال» ناملىق پوۋېستىغا ئاساسەن سېنارىيىلەشتۈرۈلۈپ ئۆزگەرتىلدى)

## مۇقەددىمە

قىش، كۈندۈز، شىۋىرغانلىق قارلىق دالىدا جۇلدۇر كىيىملىك گۈلجامالخان (45 ياش)، بىر قولىدا ئۇزۇن هاسا تۇتقان ماغدۇرسىزلانغان هالدا، مۆدۈرۈپ-چوقۇرۇپ قاچماقتا. ئۇرۇق، قورۇق باسقان چىرايىنى ئەنسىزلىك قاپلىغان، قارلار ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلىدۇ. ئۇ قار ئۈستىگە دۈم يىقىلىدۇ. تىرەجەپ ئورنىدىن تۇرۇپ قاچىدۇ، خۇرجۇنى قار ئۈستىدە قالىدۇ، خۇرجۇنىدىن نان پارچىلىرى چېچىلىپ قالىدۇ.

بىر بۆرە ئىت قاۋىغان پېتى گۈلجامالخاننىڭ ئارقىسىدىن شىددەت بىلەن قوغلايدۇ.

# مۇڭلۇق زېمىن

(ھاجى ئەھمەد كۆلتېكىننىڭ «گۈلجامال» ناملىق پوۋېستىغا ئاساسەن سېنارىيىلەشتۈرۈلۈپ ئۆزگەرتىلدى)

## مۇقەددىمە

قىش، كۈندۈز، شۇئۇرغانلىق قارلىق دالىدا جۇلدۇر كىيىملىك گۈلجامالخان (45 ياش)، بىر قولىدا ئۇزۇن ھاسا تۇتقان ماغدۇرسىزلانغان ھالدا، مۆدۈرۈپ-چوقۇرۇپ قاچماقتا. ئۇرۇق، قورۇق باسقان چىرايىنى ئەنسىزلىك قاپلىغان، قارلار ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلىدۇ. ئۇ قار ئۈستىگە دۈم يىقىلىدۇ. تىرەجەپ ئورنىدىن تۇرۇپ قاچىدۇ، خۇرجۇنى قار ئۈستىدە قالىدۇ، خۇرجۇندىن نان پارچىلىرى چېچىلىپ قالىدۇ.

بىر بۆرە ئىت قاۋىغان پېتى گۈلجامالخاننىڭ ئارقىسىدىن شىددەت بىلەن قوغلايدۇ.

بەگ دەرۋازىسى ئالدى. بىرنەچچە غالچا بىلەن گىدىيىپ، قان تولغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇرغان، شاپ بۇرۇت، كۆتمەك چار ساقال سېمىز ئەمەتبەگ (58 ياش) گۈلجامالخانىنىڭ ئارقىسىدىن قارايدۇ، ئىككى غالچا:

— بېگىم قوغلامدۇق، — دەيدۇ. ئەمەتبەگ قامچا تۇتقان قولىنى كۆتۈرۈپ بېشىنى چايقاپ:

— ياق، — دەيدۇ. غالچىلار بەگكە باش ئېگىپ تەزىم قىلىپ ئەمەتبەگنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ تۇرىدۇ.

گۈلجامال مۆدۈرۈپ قاچماقتا. كالتا يىرتىق ئىشتىنىدىن پاچاقلىرى كۆرۈنۈپ قالىدۇ. ئۇششۇقلىرىغىچە قارغا پاتقان پۇتىنىڭ بىرىدە كونا يىرتىق ئۆتۈك، بىرىدە كىگىز پايپاق كۆزگە چېلىقىدۇ.

شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كەلگەن ئىت گۈلجامالغا يېتىشىپ ئۇنىڭغا ئېسىلىدۇ. گۈلجامال قار ئۈستىگە دۈم يىقىلىدۇ. ئىت ئۇنى غالجىرلىق بىلەن تالايدۇ. گۈلجامال ”ۋاي جان... ئادەم بارمۇ، ...“ دەپ داد-پەرياد كۆتۈرىدۇ.

ئەمەتبەگ ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرى قاقاقلاپ كۈلىشىدۇ.

ئىت گۈلجامالنى تالىماقتا. قىپقىزىل قان قارنى قىزىل بويايدۇ.

ئەمەتبەگ، غالچىلار قاقاقلاپ كۈلۈشىدۇ.

گۈلجامالنىڭ ئۈنى ئۆچىدۇ. بۆرە ئىت ئالدى ئىككى پۇتىدا گۈلجامالنىڭ قان ساقىپ تۇرغان تىتىلىپ كەتكەن دۈمبىسىگە دەسسەپ ئۇزۇن تىللىرىنى چىقىرىپ ھاسىرىغان ھالدا يىراقتا تۇرغان ئەمەتبەگكە قاراپ قاۋايدۇ.

ئەمەتبەگنىڭ يېنىدىكى بىر غالچا باش مالتىقى بىلەن بىگىز بارمىقىنى ئاغزىغا سېلىپ ئىسقىرتىدۇ. ئىت شۇئان گۈلجامالنى تاشلاپ بەگنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىدۇ.

گۈلجامال قار ئۈستىدىن ئۆمىلەپ قوپۇپ ئالدىغا قاراپ يۈگرەيدۇ. قان ئارىلاش ئاياغ ئىزى قار ئۈستىدە قالىدۇ.

ئىت ئارقىسىغا يېنىپ يەنە قوغلايدۇ.

گۈلجامال سازلىققا كېلىپ قالىدۇ، پۇتلىرى پاتقاققا چوڭقۇر پاتىدۇ. ئۇ ئارقىسىغا قاراپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقان غالجىر ئىتنى كۆرۈپ پۈتۈن كۈچى بىلەن يۈگرەيدۇ. ئۇ ئالغا يۈگۈرگەنسېرى پاتقاققا چوڭقۇرلاپ كىرىدۇ. ئىت يېتىشىپ كېلىپ ”هاپ“ قىلىپلا ئۇنىڭ ئۈستىدىكى جۇل-جۇل لاتىنى بېلىگىچە يىرتىپ چۈشۈرىۋېتىدۇ.

ئىت يەنە بىر ئېسىلىپ ئۇنىڭ مۈرىسىدىن چوڭ بىر پارچە گۆشنى چىشلەپ ئۈزۈۋالىدۇ. گۈلجامال قاتتىق بىر چىرقىراپ، ئالدىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. قار سۈيى يىغىلىپ قالغان بىر ئازگالغا چۈشۈپ كېتىدۇ.

ئۇ بارا-بارا قاپقارا لاي سۇ ئىچىگە چۆكۈشكە باشلايدۇ. ئىت ئالدىغا مېڭىشقا جۈرئەت قىلالماي ئازگالغا بويىنىنى سوزۇپ قاۋايدۇ. ئىتنىڭ قانغا تولغان ساپسېرىق چېقىر كۆزلىرى چوڭىيىپ كۆرۈنۈپ بىر جۈپ كۆز ئىچىدىن «مۇڭلۇق زېمىن» دېگەن خەت چىقىپ، كۆرۈنۈش توختايدۇ. ئارقىسىدىن فىلىم ئاپتورلىرى ۋە ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئىسمىلىكى چىقىدۇ.

مۇقەددىمە تۈگەيدۇ.

## 1

قىش، كۈندۈز. قىڭغىر-قىيسىق خارابە ئۆيلەر لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قار تۇزۇندىلىرى ئارىسىدا، قار ئاستىدا غۇۋا كۆرۈنىدۇ. ھۇشقىيتىپ چىقىۋاتقان شۇرغان دەرەخ غوللىرىدىكى قارلارنى ئۇچىرىدۇ.

تېيىلغاق يېزا يولىدا مۈكچەيگەن بىر ئايال بويىدىن ئېگىز بىر تاياققا

تايانغان هالدا قەدەملىرىنى ئاران يۆتكەپ ماڭماقتا. شالاپ-شالاپ قىلىپ بېسىلغان ئەسكى بىر پاي ئۆتۈك، بىر پاي كىگىز پايپاق ئېنىق كۆرۈنىدۇ. ئېكراندا گۈلجامالنىڭ سۇلغۇن چىرايى كۆرۈنىدۇ.

## 2

كۈندۈز. تاملىرى زەي ئۆرلەپ يىقىلاي دەپ قالغان بىر ئۆينىڭ ئىشىك ئالدى. گۈلجامال ھالسىزلىنىپ ھاسراپ بىر ھازا تۇرۇپ قالىدۇ. سوغۇققا چىدىماي بەدەنلىرى لاغىلداپ تىترەپ تۇرىدۇ. ئۇ زەئىپ ئاۋازدا:

— ھەق دوست ئىللەللا! غېرىپنىڭ قەدىمى يەتتى. بالانىڭ قەدىمى يەتمىگەي. ئاللا يولىدا بەرگەن سەدىقەڭلار زايا كەتمىگەي ئامىن!... ، — دەپ توۋلايدۇ.

بىر ھازادىن كېيىن ئاياغ شەپىسى ئاڭلىنىپ، ئىشىك ئۇلگۇجىكى غىچىرلاپ بىر قانتى قىيا ئېچىلىدۇ. چىرايى تاتارغان، ئورۇق ھاشىم بوۋاي (67 ياش) ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ بىر پارچە ناننى گۈلجامالغا ئۇزىتىدۇ. گۈلجامال ناننى ئالماي ھاشىم بوۋايغا تىكىلىپ قارايدۇ. ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترەيدۇ.

— ھا...شىم ... جۇ... ۋازچى، — دەپ پىچىرلايدۇ.

ھاشىم بوۋاينىڭ ھەيرانلىقتىن ئاغزى ئېچىلىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ نان تەڭلەپ تۇرغان قولى چۈشۈپ كېتىدۇ. كۆڭلىدىن مۇنۇ سۆز كېچىدۇ: ”پەرۋەردىگارا نېمە كارامەت بۇ؟ كۆزۈمگە ئادەم سۇرەتلىك جىن كۆرۈنۈۋاتامدىغاندۇ؟ رەھمەتلىك ئايالىمنىڭ روھى مېنى يوقلاپ كېلىۋاتامدۇ يا؟...“

ھاشىم بوۋاينىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ بىر يۇمۇلىدۇ. ئاندىن ”سۇف،

سۇڧ“ دەپ ئىككى يېقىغا دەم سالىدۇ-دە، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئىشىكنى يېپىپ، تاقاقنى سالىدۇ. سەنتۇرۇلگەن پېتى كەشنى تاراقلىتىپ ئىشىك ئىچكىرىسىگە كىرىپ كېتىدۇ.

## 3

كــۇندۇز. ئەمەتبەگنىڭ كاتتا قورۇسى ئالدى. قورۇ ئىچىدىن توي نەغمىسى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. قورۇ ئالدىدا قاتارى توختىتىلغان مەپە، خادىك هارۋىلار تۇرىدۇ. ئاتلار سوۋۇتۇلۇش ئۈچۈن باغلاپ قويۇلغان.

هەر خىل كىيىنگەن كىشىلەر نەقىشلىك كەڭ دەرۋازىدىن ئالدىراپ كىرىپ-چىقىشىپ تۇرىدۇ. گۈلجامال دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرىدۇ. ئاندىن تىترەڭگۈ ئاۋازدا:

— هەق دوست ئىللەللا! ... بۇۋى پاتىمەمنىڭ هەققى-هۆرمىتى ئۈچۈن غېرىب بىچارىگە سەدىقە بېرىڭلار، ئى سەخى جەننەتىلەر، — دەيدۇ.

دەرۋازىدىن يۇندا قاچىسى كۆتۈرگەن ئايىمخان (54 ياش) چىقىپ كېلىدۇ. گۈلجامالغا ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتتە تىكىلىدۇ. يۇندا قاچىسنى يەرگە قويۇپ، كونا نىمچىنىڭ يانچۇقىدىن بىر بوردا ناننى ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇنىدۇ.

گۈلجامال ئايىمخانغا تىكىلىپ قاراپ قالىدۇ. ”قېرىپ كېتىپتۇ بىچارە ئايىمخان، بەلكىم مەن ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك قېرىپ كەتكەندىمەن“، — دەپ پىچىرلايدۇ. ئۇ ئايىمخاننىڭ قولىدىكى ناننى ئېلىپ خۇرجۇنغا سالىدۇ، كەتمەكچى بولۇپ ئارقىسىغا يېرىم ئۆرۈلۈپ بولۇپ يەنە ئايىمخانغا قاراپ سۆزلەيدۇ:

— بۇ هەشەمەتلىك قورۇ كىمگە قارايدىكىن خېنىم؟

— ئەمەتبەگكە.

— ھەممىسى بۇرۇنقىدەكلا تۇرۇپتۇ، — دەيدۇ گۈلجامال زەئىپ ئاۋازدا.

ئايىمخان بىر قولى بىلەن ياقىسىنى تۇتۇپ لىۋىنى چىشلەپ كۆڭلىدە ”ئەقلىدىن ئازغانكەنده بىچارە“ دەيدۇ.

گۈلجامال يەنە سورايدۇ:

— بەگ غوجام زىمىستان قىشتىكى ھۆل-يېغىنغا قارىماي مەرىكە ئۆتكۈزۈپتۇ ھە؟

— ھەئە، ئوغلىنىڭ توپىنى قىلىۋاتىدۇ، — دەيدۇ ئايىمخان.

— كېلىن ئانچام بەكمۇ چىرايلىق بولسا كېرەك! بەگزادەمنىڭ مۇبارەك ئىسىملىرى كىم بولىدىكىن؟

ئايىمخان ئالاق-جالاق بولۇپ ئارقىسىغا بىر قارىۋېلىپ:

— بۇ يەردىن تېزراق كېتىۋېلىڭ قېرىنداشىم. غوجاملار بۇگۈنكىدەك كۈنىدە ئىشىك ئالدىغا تىلەمچىلەرنىڭ كېلىشىنى ياقتۇرمايدۇ. شۇڭا بىرەرسىنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالغۇدەك بولسىڭىز ئازار بەرمىسۇن يەنە! ... — دەيدۇ.

— ئايىماچا، تالادا كىم بىلەن سۆزلىشىپ تۇرىلا؟

قورۇ ئىچىدىن شىر ئېلى (20 ياش)نىڭ ئاۋازى چىقىپ ئۆزىمۇ ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولىدۇ. ئايىمخان ھودۇقۇپ، تەمتىرەپ كېتىدۇ. تىلى كالامپايلىشىپ:

— كۆرمەملا غوجام، ماۋۇ مۇساپىر بىچارىنى! ھەي خۇدايىم ئۆزى ياراتقان مۇساپىر بەندىسىنى مۇشۇ ھالغا سېلىپ قويۇپتۇ. ئۇ سىلىنىڭ توپلىرى بولىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ مۇشۇ خاسىيەتلىك كۈننىڭ شەرىپى ئۈچۈن سەدىقە تىلەپ كەپتۇ، — دەيدۇ.

يىگىت ئۆزىگە تىكىلگەن پېتى ھەيكەلدەك قېتىپ قالغان تىلەمچى

ئايالغا ئىچ ئاغرىتقان هالدا قاراپ قويۇپ، قويۇن يانچۇقىدىن بىر دانە ئاق تەگگىنى چىقىرىپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزىدۇ. گۇلجامال كۆڭلىدە: ”ئاھ... مۇشۇمىدۇ؟ مانا بۇ ئۇزۇن كىرپىك، قويۇق قاشلار يۇلتۇزدەك يېنىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆز... قاڭشالىق بۇرۇن، دەل شۇنىڭ ئۆزى! ... گۆدەكلىك چېغىدىكى مەسۇم چىرايى ھېلىمۇ ئۆزگەرمەپتۇ“ دەيدۇ.

گۇلجامالنىڭ قورۇق بېسىپ، مومدەك قارىيىپ كەتكەن يۈزىنى بويلاپ كۆزىدىن ياش تامچىلاشقا باشلايدۇ، شىرئېلى بۇ هالنى كۆرۈپ ئايىمخانغا:

— مۇزلاپ كەتكەن ئوخشايدۇ بۇ بىچارە، قورسىقىمۇ ئاچ بولۇشى مۇمكىن. ھويلىغا ئەكىرىپ يېگۈدەك بىر نەرسە بەرسىلە. ئىسسىنىۋالسۇن.

— خوش غوجام، — دەيدۇ ئايىمخان.

4

ھويلا ئىچى. ھويلا ئىچىدە ئادەتتىكى كىشىلەر، بايلار، مۆتىۋەرلەر، قـاسـقـان شـەپكە كىيگەن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى كىرىپ-چىقىپ، ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ. خىزمەتكارلار ئالدىرىشىپ ئۇ ياقتىن-بۇ يـاقـقـا قاتراماقتا. بىر بۇلۇڭدا بورا ئۈستىدە كالا-قوينىڭ كېسىلگەن، چۇقا-پاقالچاقلىرى دۆۋىلىنىپ تۇرىدۇ. داش قازانلاردا پۇرۇقلاپ ھور چىقىپ گۆش قاينىماقتا.

ئـايـىمخان گۇلجامالخاننى چالا كۆيۈپ ئىس چىقىۋاتقان چۇچۇل دۆۋىلەنگەن بۇلۇڭغا باشلاپ كېلىپ ئولتۇرغۇزىدۇ. ئۆزى بىر تەرەپكە كېتىپ ئۇزۇنغا قالماي بىر قاچا پولو ئەكېلىپ بېرىدۇ.

5

ئوتقاشتەك گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن ھۇجرا. تاش ئەينەك ئالدىدا

ئــەمــەتــبەگنىڭ ئۇچىنچى خوتۇنى نۇسرەت خېنىم (30 ياش) ئۆزىنى پەدەزلىمەكتە. سىپمىزلىكتىن ئۆزىنى ئاران سۆرەپ ماڭىدىغان يوغان قورساق ئەمەتبەگ ھۇجرىغا كىرىپ كېلىدۇ. نۇسرەت خېنىم ئەمەتبەگنى كۆرۈشى بــىلەنلا ”ھىم“ دەپ دىمىقىنى قېقىپ ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرىدۇ. ئۇنىڭغا يــاردەملىشىۋاتقان دېدەك قىزغا ئەمەتبەگ كۆزىنى چوڭ ئېچىپ سۈرلۈك قارايدۇ. دېدەك قىز بەگكە بىرنى تەزىم قىلغاندىن كېيىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئىشىككە ماڭىدۇ. نۇسرەت خېنىم:

— نەگە بارسەن؟ — دەپ سورايدۇ.

دېدەك قىز ئىزىدا توختاپ قورقۇمسىراپ بىر بەگكە بىر نۇسرەت خېنىمغا قارايدۇ. ئەمەتبەگ قولىنى شىلتاپ:

— ماڭ جۇگۇر تويىي بولغان قىزغا ياردەملەش، — دەيدۇ، دېدەك چىقىپ كېتىدۇ. بەگ نۇسرەت خېنىمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ ئىگىكىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قارىتىدۇ.

— سەت، ئىزا تارتمايدىغان قېرى، — دەيدۇ نۇسرەت خېنىم تەنە ئارىلاش ناز بىلەن. بەگ خوتۇنىغا قاراپ ھېجىيىپ:

— نېمە دېسەڭمۇ مەيلى. ئەقلى-ھوشۇڭ جايىدا. خەلقئالەم ئالدىدا شەرمسار بولماي ئىشىمىز مۇشۇنچىلىك ئوڭغا تارتتى خۇداغا شۈكرى، — دەيدۇ.

## 6

ھويلا. ئەمەتبەگ ھويلىدا پەيدا بولىدۇ، ئۇ، ھەر خىل ئىشلار بىلەن ھــويلىدا قىمىرلاپ يۈرگەن ئادەملەرگە تەكەببۇرانە قىياپەتتە شۇم نەزەر تاشلاپ:

— ئايغىغلارنى چاققان قىلىپ، تېز-تېز قىمىرلاڭلار! — دەيدۇ.

ئۇنىڭ كۆزى بۇلۇڭدا ئولتۇرغان گۈلجامالخانغا چۈشىدۇ. تەلەتىنى بۇزۇپ ۋارقىرايدۇ:

— شوي نان قېپىلار! بۇ پاسكىنا جۇلدۇر كىيىمىنى نېمشقا كىرگۈزۈشتىڭ بۇ يەرگە؟ ئۇنى دەرھال ھەيدەپ چىقار!

گۈلجامالخان ھاڭۋاققان قىياپەتتە بەگكە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن چىرايى تاتىرىپ، قوللىرى دىرىلداپ تىترەپ، ساپال قاچا ئاش بىلەن يەرگە چۈشۈپ چېقىلىدۇ. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ بەگنى زاڭلىق قىلغاندەك لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ:

— خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان مەندەك بىر بەختسىز بەندىنى دەرگاھىڭدىن قوغلىما بېگىم! ... خۇدا يولىدا بىرىۋاتقان نەزرەڭدىن مەنمۇ ئۈز نېسىۋەمنى ئالاي ... — دەيدۇ.

بەگ غەزەپ بىلەن ۋارقىرايدۇ:

— يوقال، ھوي ئەبگا دەللە! ئىتلىرىمنىڭ ھەققىگە شېرىك بولماي، ئۆز نېسىۋەڭنى گۆرۈستاندىن تېپىۋال!

گۈلجامالنىڭ خۇنۇك كۆزلىرى چوڭ ئېچىلىدۇ:

— ئۆزۈڭنىڭ ئاجىز قولۇڭنى تونۇمايۋاتامسەن بېگىم؟ يۈزسىزلىكنىڭ چېكى بولىدۇ! ... — دەيدۇ.

مېھمانلار ھەم خىزمەتچى، چاكارلار بۇ ئىككىيلەننىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ ھاڭقېتىپ تۇرىشىدۇ، غەزەپتىن ئېسلىپ كەتكەن بەگ گۈلجامالخاننىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىپ دەيدۇ:

— ئېبلىس تونۇسۇن سەندەك خۇنۇك ئالۋاستىنى. يوقال كۆزۈمدىن!

گۈلجامالخان بەگنىڭ قىياپىتىگە قاراپ سەۋدايىلارچە قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىدۇ. ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى بەگكە تەڭلەپ تۇرۇپ:

— قىزلىق يىتىپ ئاينىپ قالغان ئوخشايسەن بىگىم. مېنى تونۇيالمىغىنىڭنى قارا ... قىزىل گۈلنىڭ غۇنچىسىدەك گۈزەل ياشلىقىمنى چەيلەپ، غازاڭ قىلغىنىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ مەندىن كۆنلەپ ساۋۇتۇمنى قىيناپ ئۆلتۈرگىنىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ ھېلىقى ۋاڭ لويىغا سولاپ بەرمەكچى بولغىنىڭدا قارشىلىق قىلسام لاخشىگىر بىلەن ئۇرۇپ پېشانەمنى يېرىۋەتكىنىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ قارىغىنا مەن كىمگە ئوخشايمەن؟ ... — دەپ سورايدۇ.

گۈلجامالخان چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان يىرتىق تۇماقنى ئېلىپ چۆرۈۋېتىدۇ. ئۇنىڭ سول چېكىسىدە ئۇزۇن بىر تارتۇق كۆرۈنىدۇ.

ئەمەتبەگ ئەس-ھوشىنى يوقاتقان ھالدا گۈلجامالخانغا بىر ھازا چەكچىيىپ قاراپ قالىدۇ:

— ھوي سەن... سەن؟ — دەپ خىرقىرايدۇ.

گۈلجامالخان ئاۋۋالقىدىنمۇ بەكرەك كۈلۈپ كېتىدۇ.

— ئەمدى ئېسىڭگە كەلدىمۇ بېگىم؟ مە... مەن شۇ. سېنىڭ جېنىڭنى ئالغۇچى ئەزرائىلمەن! ...، — دەيدۇ.

گۈلجامالخاننىڭ كۆزلىرى قورقۇنچلۇق بىر تۈسكە كىرىدۇ. ئۇ ئاستا-ئاستا ئەمەتبەگكە يېقىنلىشىدۇ.

بەگنىڭ كۆكۈرگەن چىرايى قورقۇنچىدىن قېتىپ قالىدۇ. ئۇ ناھايىتى تەستە خىرقىرايدۇ:

— كۆزۈمدىن يوقىتىڭلار بۇ ئالۋاستىنى. ھوي، قېنى سىلەر ئىتنىڭ بالىلىرى! ...

خىزمەتكار مالايلار گويا ئەمدىلا ئۇيقىدىن ئويغانغاندەك چۆچۈشۈپ، يوپۇرۇلۇپ كېلىپ گۈلجامالخانغا تاشلىنىدۇ.

## 7

كـۈنــدۈز، قارلىق دالا. بەگنىڭ غالچىلىرى گۈلجامالخاننى سۆرەپ ئەكېلىپ بىر قارلىق ئازگالغا تاشلىۋېتىدۇ. گۈلجامالخان قار ئىچىگە چۆكۈپ كېتىدۇ، غالچىلار بىر-بىرىگە قارىشىپ ھىجىيىشىدۇ-دە، قايتىپ كېتىدۇ.

## 8

كـۈنــدۈز، بەگنىڭ ھويلىسى. ئەمەتبەگ پۈشۈلداپ تىنىپ، چېكە تـومـۇرلـىـرى كـۆپـكەن ھالدا ئىزىدا بىردەم قېتىپ تۇرغاندىن كېيىن ماغدۇرسىزلىنىپ ئورنىدا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالىدۇ. خىزمەتكارلار دەرھال ئۇنى يۆلىۋالىدۇ.

## 9

ئەمەتبەگنىڭ خاس ھۇجرىسى.

بـەگ مـامۇق چۈشەك ئۈستىدە پۈشۈلداپ تىنىپ ياتىدۇ. ئۇنىڭ پۇت-قوللىرى بەزگەكتەك تىترەيدۇ. چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىدۇ. ئۇ بىردىنلا ئورنىدىن دەس تۇرىدۇ.

## 10

كـەچ، شــرئېلى ھويلىدا قازان قومۇچلارنى يىغىشتۇرۇپ يۈرگەن خىزمەتكارلارنى يانداپ ئۆتۈپ باغقا چىقىدۇ. ئۇ ئاسماندا جىمىرلاپ تۇرغان

سان-ساناقسز يۇلتۇزلارغا تكىلىدۇ. كۆز ئالدىدا تۇرسۇنئاينىڭ سىماسى پەيدا بولىدۇ.
ئەسلىمە.

## 11

كەچ، ئەمەتبەگنىڭ ھۇجرىسى. ھۇجرىدا نۇسرەت خېنىم ئاق رومال ئاستىدىن بېشىنى ئاق لاتىدا تاڭغان، ئۇزۇن پەرىجە ئۇستىدىن قارىلىق باغلىغان ھالدا مشلداپ يىغلاپ ئولتۇرىدۇ. ھۇجرىغا ئەمەتبەگ كىرىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر قاچىدا چۆچۈرە كۆتۈرگەن شرئېلى (15 ياش) كىرىپ دادىسىنىڭ يېنىدا تۇرىدۇ. بەگ گېلىنى قىرىپ قويۇپ:

— ھە، بولدى قىل خوتۇن يىغلاۋەرمە. يىغلىغانغا ئۆلگەن ئادەم تىرىلمەيدۇ. ھەممىمىز ئۆلىمىز. بۇ خۇدانىڭ تەقدىرى. دادىڭ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا ئۇنىڭ كەينىدىن ئۆلگۈلۈكمۇ؟ دادىڭ ئۆلگەن بولسا مەن — تاغدەك ئېرىڭ تۇرۇۋېتىمەنغۇ؟ نېمىدېگەن تۈگىمىگەن يىغا بۇ، — دەيدۇ.

نۇسرەت خېنىم بېشىنى كۆتۈرۈپ بەگگە:

— مەنغۇ مەيلى، سىڭلىم تۇرسۇنئاي كىچىككىنە تۇرۇپ ئاتا-ئانىسىز قارا يېتىم بولۇپ قالدى. كىمنىڭ ئالدىدا قېقىندى-سوقۇندى بولۇپ يۈرەر بىچارە، — دەيدۇ. ئەمەتبەگ:

— خوتۇن كىشى دېگەن ھەرقانچە ئەرشتە ئۇچسىمۇ يەنە كالتە پەمدە. بىر قىز مېنىڭ شۇنچە كاتتا قورۇ جايىمغا سىغمامدىكەن. شۇنىڭغىمۇ كالالاڭ ئىشلىمەيدۇ-دە. ئەلۋەتتە سەن ئۇنىڭغا ئانا، مەن دادا بولۇپ، ھە ماۋۇ بىزنىڭ شرئېلى ئاكا بولۇپ، بېشىنى سىيلاپ ئۆز ئاتا-ئانىسىنىڭ يوقلىقىنى بىلىندۈرمەيمىز-دە، — دەيدۇ.

## 12

ياز، باغ. شىرئېلى بىر دانە كېپىنەكنى تۇتىۋالىدۇ. تۇرسۇنئاي (11 ياش) خۇشال بولۇپ چاۋاك چېلىپ شىرئېلىنىڭ قولىغا ئېسىلىدۇ.
تۇرسۇنئاي:

— ئاكا، ئاكا... ماڭا بەر... ماڭا بەر ... — دەيدۇ.

شىرئېلى قاچىدۇ. تۇرسۇنئاي قوغلايدۇ. يىتىشەلمەي ئىزىغا ئولتۇرۇپ تېپىچەكلەپ يىغلايدۇ. شىرئېلى تۇرسۇنئاينىڭ يېنىغا كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ:

— مەن قانداق ئاكاڭ؟ — دەيدۇ.

— تاتلىق ئاكام، قەندەك ئاكام، — دەيدۇ تۇرسۇنئاي.

— يەنىچۇ؟

— يەنە... يەنە ... —، تۇرسۇنئاي گەپ تاپالماي لېۋىنى پۈرۈشتۈرىدۇ.

— سۆيۈپ قويە! ئاندىن بېرىمەن.

تۇرسۇنئاي شىرئېلىنى سۆيۈپ قويىدۇ. شىرئېلى كېپىنەكنى تۇرسۇنئايغا بېرىدۇ. تۇرسۇنئاي كېپىنەكنى ئېلىۋېلىپلا:

— ئەسكى ئاكام، ئەسكى ئاكام، — دىگىنىچە قاقاقلاپ كۈلۈپ قاچىدۇ. شىرئېلى قوغلايدۇ.

ئەسلىمە تۈگەيدۇ.

## 13

كېچە، باغ.

شرئېلى باغنى ئارىلاپ ماڭىدۇ. ئايىغى ئاستىدا قار غىچىرلايدۇ. ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئەمەتبەگنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى جاراڭلايدۇ: ”شرئېلى بېشىڭ يىگىرمىنىڭ قارىسىنى ئالدى. بېشىڭنى ئوڭلاپ قويىدىغان پەيت ئۆتۈپ كېتەي دەۋاتىدۇ. شۇڭا مەن تۇرسۇنئاينى ساڭا ئېلىپ بېرەيمىكىن دەۋاتىمەن، ئالدىمدا چوڭ بولغان بۇ ئېسىل قىزنى سىرتقا بەرگەندىن كۆرە...

— دادا ئۇ مېنىڭ سىڭلىم تۇرسا.

— نەدە سېنىڭ سىڭلىڭ بولىدۇ. ئۆزۈڭ خېلى چوڭ بولغاندەك قىلغىنىڭ بىلەن ئەقلىڭ چوڭ بولمىدى-دە سېنىڭ. ئۇ دېگەن خان ئاچاڭنىڭ سىڭلىسى. بولدى گەپ شۇنداق بولسۇن!...“

شرئېلى قار ئۈستىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرىدۇ. كۆزىنى يۇمۇدۇ. ئەسلىمە.

## 14

كۈز، كۈندۈز، باغ ئىچى.

تۇرسۇنئاي گۈلزارلىق ئىچىدە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرىدۇ. قىز گۈل ئارىسىدا شۇنچىلىك گۈزەل كۆرۈنىدۇ، چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ ئولتۇرىدۇ. شرئېلى پەم بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىغا كېلىدۇ. قىز سەزمەيدۇ. شرئېلى قىزنىڭ كۆزىنى ئېتىۋالىدۇ.

— ۋىيىەي! ... كىم بۇ؟ — دەيدۇ تۇرسۇنئاي.

تۇرسۇنئاي چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ. ئۇ شرئېلىنىڭ قوللىرىنى ئېتتىرىپ قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنىدۇ.

— كۆزۈمنى ئاغرىتىۋەتتىلە! قويىۋەتسىلە، — دەيدۇ.

— ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، — دەيدۇ شىرئىبلى ئاۋازىنى باشقىچە چىقىرىپ، — مېنىڭ كىملىكىمنى تاپالىسىلا ئاندىن قويىۋېتىمەن، — دەيدۇ.

— بۇ... سىلە... قارىكا! — دەيدۇ تۇرسۇنئاي.

— تاپتىلا! — شىرئىبلى قولىنى قويىۋېتىدۇ.

— ئۆز خىيالىم بىلەن ئولتۇرۇپ سىلىنىڭ يېنىمغا كەلگەنلىكلىرىنى سەزمەي قاپتىمەن قارىكا، — دەيدۇ قىز ئەپۇ سوراۋاتقاندەك ئۆزرىخاھلىق بىلەن.

شىرئىبلى ئۇنىڭ سارغايغان چىرايى، مۇڭ بېغىپ تۇرغان كۆزلىرىگە سىنچىلاپ قارايدۇ.

— نېمە بولدىلا تۇرسۇنئاي؟ يېقىندىن بېرى ھەممىمىزدىن چەتنەپ يىغلاپ يۈرگەندەكلا قىلىدىلىغۇ؟ ئۆيدىكىلەردىن بىرەرسى كۆڭلىلىرىگە ئازار بەردىمۇ- يا؟ — دەيدۇ مېھرىبانلىق بىلەن. تۇرسۇنئاي:

— يوقسۇ قارىكا، ئۆزۈمچىلا شۇنداق، دەيدۇ. شىرئىبلى:

— چوڭلار ئارىسىدىكى ئىككىمىزنىڭ تويى ئۈستىدە بولۇنغان گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلىغان بولسىلا، شۇ ئىغىر كېلىۋاتامدۇ- يا؟ ... ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولىدىغان بولسا مەن سىلىنى بۇ تەشۋىشتىن خالاس قىلىشنىڭ چارىسىنى تاپىمەن!...

قىزنىڭ سۇلغۇن يۈزىگە قىزىللىق يۈگۈرۈپ، لەۋلىرىدە مۇڭلۇق تەبەسسۇم جىلۋە قىلىدۇ، قىز ياش ئەگىپ تۇرغان خۇما كۆزىنى يىگىتكە تىكىپ ئەندىككەن ھالدا:

— ئۇلارنىڭ ئىپتىقىنىدەك بولۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم قارىكا. لېكىن خۇدايىم ماڭا ئۇنداق بەختنى نېسىپ قىلماپتىكەن، — دەپ ئۆكسۈپ يىغلاپ، يۈزىنى قولى بىلەن توسقان ھالدا يۈگۈرۈپ باغدىن چىقىپ كېتىدۇ. شىرئىبلى قىزنىڭ ئارقىسىدىن قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا قاراپ

قالدۇ. كېيىن چىرايىغا ئۆللۈق تەبەسسۇم يۈگۈرەيدۇ. ئەسلىمە تۈگەيدۇ.

## 15

كېچە، ھويلا.

ئۆيلەرنىڭ دېرىزىسىدىن چۈشكەن چىراغ نۇرى ھويلىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇرىدۇ.

شىرئېلى باغ ئىشىكىدىن ھويلىغا كىرىپ كېلىدۇ. شۇ چاغدا يان ھۇجرىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ سېمىز بىر ئايال چىقىدۇ.

— بەللى، كېلىن بىچارە نەۋاقتىن بېرى ئورۇن ئىچىدە يىگىتنى كۈتۈپ ياتسىمۇ، بەگزادەمنىڭ بۇ يەرگە قېچىپ كىرىۋالغىنىنى قارىمامدىغان! ھى... ھى... تازا خوپ كەلدى-دە، بىرى قۇرغۇيدەك يىگىت، بىرى چىلگىدەك خېنىم، ۋاي... ۋاي... ۋاي... خۇدايىم سىلەرنى يىلىمدەك يەملەشتۈرۈۋەتسۇن ھى... ھى... ھى...، — دەيدۇ سېمىز ئايال.

شىرئېلى يانچۇقىدىن بىر ئاق تەڭگىنى ئېلىپ ئايالغا بېرىپ ھۇجرىسى تەرەپكە ماڭىدۇ.

## 16

كېچە، ئازادە بېزەلگەن كەچلىك ھۇجرىنى پەنەر يورۇقى يورۇتۇپ تۇرىدۇ. ئوچاقتا گۈرۈلدەپ ئوت كۆيمەكتە. ئىشىكتىن شىرئېلى كىرىپ كېلىدۇ.

ئۆي بۇلۇڭىغا راسلانغان ئورۇن ئىچىدە قىز ياتىدۇ. قىز يەلكىلىرىنى تىترىتىپ ئۈنسىز يىغلىماقتا. سوغۇقتا ئۇزاق تۇرغانلىقتىن مۇزلاپ كەتكەن

شىرئېلى ئوچاقتىكى ئوتتا قولىنى ئىسسىتتى. قىزنىڭ بارغانچە ئېسەدەپ يىغلاشلىرى شىرئېلىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ”بىچارە قىز نېمىشقا يىغلايدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ نازۇك قەلبى كۆتۈلمىگەن تۈيىنى ئورۇنلاشتۇرغۇچىلارنىڭ قوپاللىقىدىن ئازار يېگەنمىدۇ ياكى...“ شىرئېلىنىڭ كۆڭلىدىن ئەنە شۇ خىياللار كېچىدۇ. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ يېشىنىپ قىزنىڭ يېنىدىكى ئورۇنغا كىرىدۇ.

— نېمىشقا يىغلايسىز؟ — دەيدۇ ئۇ، ھودۇقۇش بىلەن. ئۇ، قىزنىڭ ياش بىلەن يۇيۇلغان يۈزىنى سىيلاپ:

— ياكى مەن بىلەن توي قىلغىنىڭىزغا ھەسرەت چېكىۋاتامسىز؟ — دەيدۇ.

قىز ئۆزىنى تېخىمۇ بېسىۋالالماستىن ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتىدۇ.

— ئاھ! ... ئۆز ھالىمغا قويسىلا مېنى قارىكا ... — دەيدۇ قىز تىترەك ئاۋازدا، — بۇ شەرمەندىلىكىم بىلەن قانداقمۇ يۈزلىرىگە قارىيالايمەن؟ بۇنداق ياشاشتىن كۆرە ئۆلگىنىم ياخشى!...

شىرئېلى قىزنى باغرىغا باسىدۇ. ئۇ قىزنىڭ مەڭزى، پېشانىسى، بويىنىغا سۆيىدۇ. يەنە سۆيۈش ئۈچۈن لېۋىنى يېقىن ئەكېلىپ بىردىنلا توختاپ قالىدۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلىدۇ. يىگىت ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىدۇ. ئۇ قىزغا تىكىلىپلا قاراپ قالىدۇ. ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە غەلىتە شارقىرىغان شىددەتلىك سادا پەيدا بولىدۇ، ئۇ قۇلاقلىرىنى ئېتىۋالىدۇ. تامنىڭ تورىسىغا قارايدۇ. شىددەتلىك شاۋقۇن بىلەن تەڭ ئۆي پىرقىراپ چۆرگىلەشكە باشلايدۇ، ئۆي ئەڭ يۇقىرى سۈرئەتتە پىرقىرىماقتا. شىرئېلى بىردىنلا ھالسىزلىنىپ يەرگە يىقىلىدۇ. شىددەتلىك شاۋقۇن بىر خىل شارقىرىماقتا. ئۆي يۇقىرى ئەۋجىدە پىرقىرىماقتا.

## 17

كېچە، ھويلا.

ئەتراپ تىمتاسلىققا چۆمگەن. يىراق-يىراقلاردىن ئاندا-ساندا ئىتلارنىڭ قاۋىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

ھۇجرا ئىشكى ئېچىلىپ شىرئېلى دەلدۈگىنىپ چىقىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ كۆزىدە ياش لىغىرلايدۇ. ئۇ سەنتۈرۈلگەن پېتى لاپاس ئاستىدىكى خادىك ھارۋىغا كېلىپ ھالسىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالىدۇ. بېشىنى چاڭگاللاپ بۇلدۇقلاپ يىغلىۋېتىدۇ. ”ئانا... ئانا... سەن بولغان بولساڭ ئوغلۇڭ مۇشۇ كۈنلەرگە قالارمىدى؟ سەن ئوغلۇڭنى تۇغۇپ قويۇپلا ئۆلۈپ كەتمىگەن بولساڭچۇ؟ ...“ دېگەنلەر كۆڭلىدىن كېچىدۇ. ”دادام... ئۇ نېمىشقا بۇ توينى ئالدىراپ قىلىۋېتىدۇ؟... ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بالا...“ مۇنۇ سۈرەتلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتىدۇ.

ئەسلىمە.

## 18

ياز، كۈندۈز، بەگ ھويلىسى.

بەگنىڭ چوڭ خوتۇنى 14 ياشلاردىكى مىشىلداپ يىغلاپ تۇرغان قىزنى پەپىلەپ تۇرۇپ، بەگكە داد ئېيتماقتا:

— ھوي، بۇ شۇمتەكلىرىڭ دەستىدىن قىزىمىزغا كۈن بارمۇ يوق؟ بۇ بولىسچۇ سىلىنىڭ پۇشتىلىرىدىن چۈشكەن ھالال قىزلىرى جۇمۇ...

ئەمەتبەگ، شىرئېلى (12 ياش)نىڭ قولىقىدىن سوزۇپ تۇرۇپ، غەزەپ بىــلەن ئۇنى تەستەك بىلەن ئۇرىدۇ. ئۇنىڭ بۇرنىدىن بۇلدۇقلاپ قان

چىقىدۇ.

بەگ قوللىرىنى شىلتىبىدۇ، قان تولغان كۆزلىرىدىن ياۋۇزلۇق يېغىپ تۇرىدۇ. ئۇ شىرئېلىنى بىر بۇلۇڭغا قىستاپ كەلمەكتە. شىرئېلى قورقۇنچلۇقىدا ياڭۇرماقتا. بەگ تىللىماقتا.

## 19

كەچ، بەگ شىرئېلىنى تاراس قىلىپ قامچا بىلەن ئۇرىدۇ. شىرئېلىنىڭ يۈزىدە قانلىق قامچا ئىزى قالىدۇ.

## 20

كۈندۈز، پاتىمە خېنىم (100 ياش) ھۇجرىسىدا تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرىدۇ. شىرئېلى (14 ياش) يىغلىغان پېتى ھۇجرىغا ئالاقزادە ھالدا قېچىپ كىرىدۇ. پاتىمە خېنىم شىرئېلىنى باغرىغا بېسىپ:

— ھوي نائىنساپلار مېنىڭ نەۋرەمگە قايسىڭ ئازار بېرىشتىڭ ھە؟! — دەيدۇ زەئىپ ئاۋازدا.

ھۇجرىغا غەزەپلىك ئەلپازدا كىرگەن ئەمەتبەگ بوسۇغىدا توختاپ قالىدۇ، ئۇ قەددىنى سەل ئېگىپ تۇرۇپ:

— ئانا... ئۇنى... ، — دەيدۇ.

— ھە قايسىنى؟ — پاتىمە خېنىم قاپىقىنى تۈرىدۇ.

— بالام بۇمۇ سېنىڭ پۇشتۇڭدىن تامغان بالا. ئۇنىڭ ئۈستىگە سېنىڭ ئىزىڭ بولۇپ قالىدۇ. خوتۇنلىرىڭنىڭ گېپىگە كىرىپ ئۇنى خورلىمىغىن، مەن رازى ئەمەس، — دەيدۇ پاتىمە خېنىم.

بەگ بىر نەرسە دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللەيدۇ-يۇ، پاتمە خېنىمنىڭ سۇرلۇك قىياپىتىدىن ئەيمىنىپ ئىلاجسىز ”خوش ئانا“ دەپ باش ئېگىپ قويۇپ چىقىپ كېتىدۇ.

## 21

كۇندۇز، بەگنىڭ خاس ھۇجرىسى. بەگ سۇلغۇن، قاپاقلىرى سېلىنغان چىرايىدىن قانداقتۇر بىر خىل غەم-قايغۇ ياغقان ھالدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىدۇ.

ھۇجرىغا قورۇنغان ھالدا شىرئېلى كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ:

— دادا مېنى قىچقىرغانمىتىلە؟ — دەيدۇ.

بەگ چىرايىغا زورىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ:

— مەكەل، يېنىمغا كەل. قېنى ما ئۇدۇلۇمغا كېلىپ ئولتۇر. ئالە، ما چاينى، خان ئاچاڭ ئۆز قولى بىلەن ناۋاتتا دەملىگەن. ھەقچان ناشتا قىلمىدىڭغۇ دەيمەن. ماۋۇ توقاچتىن يېگىن، قوي يىلىكىنى ئارىلاشتۇرغان توقاچ، يېگىن مە، — دەيدۇ.

شىرئېلى دادىسىنىڭ بۇ قىلىقىدىن ھەيران بولۇپ گاڭگىراپ قاراپ قالىدۇ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن دادىسىنىڭ ئۇنىڭغا غەزەپلىك تېگىشلىرى، قوللىرىنى كۆزىگە تەڭلەپ چالۋاقاشلىرى، ئۇنى ئۇرۇش ئۈچۈن قولىنى كۆتۈرگەن سىماسى چارسىلداپ ئۆتىدۇ. ئۇ دادىسىنىڭ ئۆزىگە ھەددىدىن زىيادە كۈلۈمسىرەپ قاراشلىرىغا ھەيران بولۇپ قاراپ قالىدۇ. ئۇ چايدىن ئوتلاپ بەگگە ”نېمە دەيتلە“ دېگەن مەنىدە تىكىلىدۇ. بەگ:

— ھە شىرئېلى مۇنداق گەپ. سەن بىلىپ تۇرىۋاتىسەن. يېقىندىن

بىرى تەن-سالامەتلىكىم تازا ئوبدان بولماي كېتىۋاتىدۇ. سودا-سېتىق ئىشلىرىمىز تازا دېگەندەك يۈرۈشمەي قويدى. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىشلارنى ئۆزۈڭ بىر تەرەپ قىلىپ، ئۆزۈڭ جۆندىمىسەڭ بولمىدى. ھازىر سەن ئوبدان جابدۇنۇپ ئەتە يولغا چىقىدىغان سودا كارۋىنى بىلەن بىرىپ يەكەن، قاغىلىق تەرەپلەردىكى يالاپ تويماس كارزاپلاردا بار قەرزىنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ كەلگىن. "مانا"، "ئەنە" دەپ ئىت يىلدىن ئېشەك يىلىغىچە سۆرەيدىغان ئوخشايدۇ بۇ تۈزكورلار. قايتىپ كېلىشىڭگىلا تۇرسۇنئاي بىلەن تويۇڭلارنى قىلىۋېتىمىز، شۇڭا بەخەستەلىك قىلمىغىن.

شىرئېلى ئورنىدىن تۇرۇپ "خوش دادا" دەپ تەزىم قىلىدۇ.

## 22

كۇندۇز، قارلىق دالا. قاتارى تىزىلغان تۆگىلىك كارۋان قوڭغۇراقلىرىنى جىرىڭلىتىپ كەلمەكتە. باشتىكى تۆگە ئۈستىدە تۈلكە تۇماق كىيىپ، جۇۋىغا ئورانغان شىرئېلى ئولتۇرىدۇ.

## 23

كۇندۇز، ئەمەتبەگنىڭ دەرۋازىسى ئالدى.

دەرۋازا ئالدىدا ئەمەتبەگ، ئىككى چوڭ خوتۇنى، ئۈچىنچى خوتۇنى نۇسرەت خېنىم ۋە خىزمەتچى چاكارلار تۇرىشىدۇ. تۆگە كارۋىنى يېتىپ كېلىدۇ. شىرئېلى تۆگىدىن سەكرەپ چۈشۈپ بەگنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېگىلىپ سالام قىلىدۇ. شىرئېلى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم. دادا... خان ئاچىلار، — دەيدۇ.

— ۋائەلەيكۇم ئەسسالام. يارايسەن ... يارايسەن، قاراڭلار بىزنىڭ شىرئېلى ياراملىق يىگىت بولۇپ قالدى جۇما... ھا... ھا... ھا...، دەپ كۈلدى.

بەگ شىرئېلىنى قۇچاقلاپ كۆرىشىدۇ. نۇسرەت خېنىم كېلىپ ئۇنىڭ ئۇستىباشلىرىنى قېقىشتۇرىدۇ.

ئەمەتبەگ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ھە ئىشلارنى قانداقراق ئورۇنداپ كەلدىڭ؟ — دەيدۇ.

— ئىشىمىز خېلى ئوڭغا تارتتى، دەپ جاۋاب بېرىدۇ شىر ئېلى.

— ھەببەللى. بىزمۇ سېنىڭ توي تەييارلىقىڭنى ئوبدان قىلىپ قويدۇق. ئەتىلا قىلايلى، — دەيدۇ بەگ.

شىرئېلىنىڭ چىرايىدا بەختىيارلىق تەبەسسۇمى جىلۋە قىلىدۇ. ئەسلىمە تۈگەيدۇ.

## 24

كېچە، بەگنىڭ ھويلىسى. شىرئېلى خىيال سۈرگەن ھالدا قورۇ ئۆيلەرنىڭ ئالدىدا ئاستا ماڭىدۇ. ئۇ، پاكار-پاكار سېلىنغان قارا ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. ھەممە ئۆيلەرنىڭ چىرىغى ئۆچۈرۈلگەن بولۇپ، بىر ئۆينىڭ رۇجىكىدىن قارا چىراغنىڭ غۇۋا يورۇقى كۆرۈنىدۇ. شىرئېلى ئىشىك ئالدىدىن ئاستا ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىر ئايال كىشىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىزىدا توختاپ قالىدۇ. ئۆي ئىچىدىن ئايالنىڭ مۇنداق گەپلىرى ئاڭلىنىدۇ:

— ئاللا ئىگەم، ياراتقان بەندىلىرىڭنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بېرىپ بارلىق مۇشكۈللىرىنى ئاسان قىلغايسەن. شۇ بەندىلىرىڭنىڭ قاتارىدا بۈگۈن بىر تەكىگە باش قويغان ئىككى ياشنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىسسىقچىلىق سېلىپ،

كۆڭۈل رىشتىنى ئۈزۈلمەس قىلغايسەن!

شىرئەلىنىڭ كۆڭلىدىن مۇنۇ خىيال كېچىدۇ.

"ۋاھ... ئۆز دەردىنى تارتالمايۋاتقان بۇ بىچارىلەر ئارىسىدا بۈگۈن تويى بولغان قىز-يىگىتنىڭ بەختىنى تىلەپ خۇداغا سىغىنىۋاتقان مېھرىبان ئايال كىمدۇ؟!"

— ئايىمخان ئاچام، — دەپ پىچىرلايدۇ شىرئەلى.

ئۇ ئاستا ئىشىكنى ئېتىرىدۇ.

## 25

ئـايــىمخاننىڭ غېرىپخانىسى. ئايىمخان تىتىلىپ كەتكەن جايناماز ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ دۇئا قىلماقتا. ئۆيگە شىرئەلى كىرىپ كېلىدۇ.

ئايىمخان قورقۇپ، ھودۇقۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ تىلى گەپكە كەلمەي چىرايى تاتىرىپ كېتىدۇ.

— ئـۇخـلـىـمـىـدىـڭـىزمۇ ئايىمخان ئاچا، — شىرئەلى غەمكىن كۈلۈمسىرەيدۇ.

— يوغىسۇ غوجام... كەلسىلە، كەلسىلە! قانداق بولۇپ بۇ كېچىدە مەندەك بىر غېرىپ بىچارىنىڭ ئۆيىگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ قالغانلا؟...

ئايىمخان شۇنداق دېگەچ پايپېتەك بولۇپ بۇلۇڭغا قاتلاپ قويۇلغان ئەسكى-تۈسكىلەر ئىچىدىن يېڭىراق بىر كۆرپىنى سۇغۇرۇۋېلىپ مېھماننىڭ ئاستىغا سالىدۇ. شىرئەلى ناھايىتى قىينالغان قىياپەتتە:

— ئۆزۈمچە... شۇنداقلا بىر ئايلىنىپ يۈرگەنىدىم. سىلىنىڭ تېخى ئـۇخلىمىغانلىقلىرىنى كۆرۈپ، بىردەم مۇڭدىشىپ چىقاي دەپ كىرىشىم، دەيدۇ. ئايىمخان:

— رەھمەت غوجام، رەھمەت، — دەپ كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدۇ.
— بۇ دەرگاھتا پەقەت ئۆزلىرىدىنلا كۆڭلۈم سۇ ئىچىدۇ غوجام، شۇڭا ھەر قېتىملىق نامىزىمدا سىلىگە بەخت تىلەپ دۇئا قىلىمەن، — دەيدۇ.
يىــگىتنىڭ لىۋىدە غەمكىن كۈلۈمسىرەش پەيدا بولىدۇ، تىترەڭگۈ ئاۋازدا:
— يــاخشى كۆڭۈل، سەممىي تىلەكلىرى ئۈچۈن كۆپ رەھمەت ئايمخان ئاچا! ئەپسۇسكى تۇغۇلۇشۇمدىن تارتىپلا بەختى قارىلىق پىشانەمگە پۈتۈلگەنىكەن. ئۇنداق بولمىغاندا ئۆز ئانام يېنىمدا بولماسمىدى؟ ئىچىدە زەھــەر قاينايدىغان كۈندەش خوتۇنلار ئارىسىدا قېقىندا-سوقۇندا بولۇپ يۈرەرمىدىم؟ ھەممىدىن يامىنى بۈگۈنكىدەك خورلۇق ۋە نومۇسقا قالارمىدىم؟
— دەيدۇ شىرئېلى ۋە ھۆكرەپ يىغلاپ كېتىدۇ.
ئايمخان تەشۋىشلىنىپ:
— سەۋر قىلسىلا غوجام! — دەۋېتىپ ئۆزىمۇ ئۆكسۈپ يىغلىۋېتىدۇ.

## 26

كېچە، ئايمخاننىڭ ھۇجرىسى. شىرئېلى بېشىنى ئايمخاننىڭ قۇچىقىغا قويۇپ ھۆكرەپ يىغلىماقتا. ئايمخاننىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش ئۇنىڭ قورۇق باسقان يۈزىنى يۇيماقتا.

## 27

كېچە، باغ ئىچى. تۇرسۇنئاي قېرى ئۆرۈك شېخىغا سىرتماق قىلىپ سېلىنغان ئارغامچا ھالقىسىنى بوينىغا سالىدۇ. بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن ئاخىرقى

ياش تامچىيدۇ. كۆزى غۇۋالىشىدۇ. ئۇنىڭ كۆزىگە شىرنىبلىنىڭ مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ تۇرغان سىماسى كېلىدۇ. تۇرسۇنئاي يۈرىكىدە ”خەير... خەير ... مەن ئۈچۈن قايغۇرما... مېنى ئەپۇ قىلغىن. مەن قىيامەتتىمۇ ساڭا يۈز كېلەلمەيمەن“ دەيدۇ.

## 28

كېچە، ئايىمخاننىڭ ھۇجرىسى. شىرنىبلى ئايىمخانغا قاراپ سۆزلەيدۇ:

— ئەھۋال ئەنە شۇنداق بولدى. مەن نېمە قىلاي ئانا. مېنىڭ بۇ دەردىمنى ئانامدىن باشقا كىمگە ئېيتىشىم مۇمكىن؟! ئانام گۆردە يېتىپ مېنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمنى بىلگەنمىدۇ، ئانام بولمىغاچقا كۆڭلۈم، يۈرىكىم دائىم سىلىنى ئانا دېيىشكە ئىنتىلىدۇ. چۈنكى مېنىڭ يۈرىكىم پەقەت سىلىدىنلا بالىنىڭ ئانىدىن ئېلىشقا تېگىشلىك مېھرىبانلىقىنى ئالدى. ئانا، سىلە ئېيتسىلا مەن زادى قانداق قىلاي؟ مېنىڭ ئانام توغرىسىدا بىلىدىغىنىم نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئاز؟ ھە ئېيتسىلا... ھازىر ئانامنىڭ يوقلۇقى مېنى قـانچىلىك ھەسرەتتە قويىۋاتقانلىقىنى بىلدىلىما. كىچىك چېغىمدىمۇ بىر نەرسىدىن قورقسام، تەس كۈنگە قالسام ”ئانا“ دەپ توۋلايتتىم ئەمما...

— بـــولدى سۆزلىمىسىلە. مەن ئەمدى چىداپ بولالمىدىم. مەن سىلىگە ھەممىنى دەپ بېرەي، — دەيدۇ ئايىمخان.

يىگىتنىڭ ياشقا تولغان كۆزلىرىدىن ئۈمىد ئۇچقۇنى يانىدۇ. ئايىمخان يىراق ئۆتمۈشتىن سۆز باشلايدۇ.

ئەسلىمە.

## 29

ياز، كۈندۈز. مەخسۇت موزدۇزنىڭ كىچىككىنە ئاددىي ئۆيى. مەخسۇت

مۇزدۇز (50 ياش) بىر كونا چورۇقنى ياماپ ئولتۇرىدۇ.

## 30

كۇندۇز، مەخسۇت مۇزدۇزنىڭ ئىچكىرىكى ئۆيى، گۈلجامال (16 ياش) چاق ئېگىرمەكتە. ئۇ بېشىغا ئاددىي مەخمەل دوپپا كىيگەن بولۇپ ئۇششاق ئۆرۈلگەن ئۇزۇن، قارا چاچلىرى يەلكىسىگە يېيىلىپ ئۇنى نازاكەتلىك، گۈزەل كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ قاپقارا قىياقتەك قاشلىرى، بۇلاقتەك كۆزلىرى، مەسۇملۇق يېغىپ تۇرغان قىزغۇچ مەڭزى ئالاھىدە جەزبىلىك گەۋدىلىنىدۇ.

## 31

كۇندۇز، مەخسۇتئاخۇن ياماقچىلىق قىلىۋاتقان ئۆي. مەخسۇتئاخۇن پۈتۈن زېھنى بىلەن موملانغان قارا يىپنى تارتىپ ياماق ياسىماقتا.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — ئۆيگە 20 ياشلاردىكى بىر قاراmuتۇق يىگىت كىرىپ كېلىدۇ. يىگىتكە بىر قاراپلا مەخسۇت مۇزدۇزنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئورنىدىن يېرىم تۇرۇپ:

— ۋائەلەيكۇم ئەسسالام، — دەپ قويۇپ ئىزىغا ئولتۇرۇپ ئۆز ئىشىنى داۋام قىلغۇزىدۇ. يىگىت ئەيمەنگەندەك ئاستا كېلىپ مەخسۇت مۇزدۇزنىڭ يېنىدا ئولتۇرىدۇ. مەخسۇت مۇزدۇز كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا يىگىتكە قارايدۇ. يىگىت ھەدەپ ئىچكىرى ئۆيگە بويۇنداپ قارايدۇ. مەخسۇت مۇزدۇز:

— ھە ئىشىڭ بارمىدى؟ — دەپ سورايدۇ.

يىگىت ھودۇقۇپ كېتىدۇ.

— ھە... ھەئە... ياق... مانداق بىر... بىردەم يانلىرىدا ئولتۇرۇپ

ھۇنەر قىلغانلىرىنى كۆرەي دەپ كىرىۋىدىم، — دەيدۇ.

— ھىم...، — دەپ مەخسۇت موزدۇز قىيسىق كۆزلىرىنى يىگىتكە بىر خىل سىرلىق تىكىپ يەنە ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. يىگىت موزدۇزنىڭ ئۆز ئىشىغا بېرىلىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ يەنە ئىچكىرىكى ئۆيگە بويۇندايدۇ، قانائەت قىلماي ئورنىدىن سەل تۇرۇپ قارايدۇ، موزدۇز كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا شۇنداق قاراپ، ياماقتىكى يىپنى تارتقان بولۇپ مۇشتى بىلەن يىگىتنىڭ قورسىقىغا ئۇرىدۇ. يىگىت "ھىق" قىلىپلا ئىززىغا ئولتۇرۇپ قالىدۇ. موزدۇز ئۇنى ئەمدى كۆرۈۋاتقاندەك:

— ھە قولۇم تېگىپ كەتتىمۇ؟ — دەيدۇ. يىگىت ئوڭايسىزلىنىپ:

— ھەئە، — دەيدۇ. موزدۇز:

— بەك ئاغرىمىغاندۇ؟ — دەيدۇ. يىگىت:

— ھە... ياق...، — دەيدۇ ئوڭايسىزلىنىپ.

موزدۇز قوشۇمىسىنى تۈرۈپ:

— بۇ يەرگە نېمىگە كىردىڭ؟ — دەيدۇ. يىگىت:

— ھۇنەرلىرىنى كۆرگىلى، — دەيدۇ، موزدۇز:

— ھۇنەرلىرىنى كۆرگىلى؟ ماڭا ھۇنەر كۆرسەتكىلىما؟ — دەيدۇ ئاچچىق بىلەن. يىگىت:

— ھە؟ ... ياق...، دەپ ئالاقزادە بولىدۇ. موزدۇز:

— ماڭ كاززاپ، كۆتۈر قاسقىنىڭنى. ھېلى كۆزۈڭگە بىگىز تىقىمەن، دەپ يىگىتنى قوغلايدۇ.

يىگىت قورقىنىدىن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، ھودۇققان ھالدا ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ. موزدۇز لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالىدۇ. كۆڭلىدە "دۇنيادا قىز ساقلىماقتىن تەس ئىشمۇ بارمىدۇ؟ كۈندە نەچچىنى يولغا سالىمەن، ئۇھ ... نېمە كۈن بۇ... راست، ئۇمۇ چوڭ بولۇپ قالدى.

تالاغا چىقىرىدىغان ۋاقتى بولدى. ماۋۇ ساۋۇت بالا كۆزۈمگە خېلى ئىسسىق كۆرۈنىدۇ. ئىككىسىمۇ...“ دەيدۇ.

— دادا، — دەپ ئىچكىرىكى ئۆيدىن گۈلجامال چىقىپ كېلىدۇ.

موزدۇز قىزىنى گويا ئەمدى كۆرۈۋاتقاندەك تىكىلىپ قاراپ قالىدۇ. ”ياپىر دىققەتمۇ قىلماپتىمەن پەرىشتىدەك بالا بولۇپ ئۆسۈپسەن قىزىم“ دەيدۇ كۆڭلىدە.

— دادا چۈشلۈك غىزا ۋاقتى بولۇپ قالدى. چاي تەييارلايمۇ؟ — دەيدۇ گۈلجامال دادىسىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراشلىرىدىن ئىزا تارتىپ.

— ماقۇل تەييارلىغىن قىزىم، — دەيدۇ مەخسۇت موزدۇز.

## 32

ياز، كۈندۈز. ئەتراپىنى قويۇق چۆپلەر قاپلىغان چىغىر يول.

گۈلجامال قاپاقنى يۈدۈپ چىغىر يول بىلەن مېڭىپ كەلمەكتە. ئۇ يېشىللىق ئىچىدە ياتقان مەھەللىگە تويماي قارايدۇ، كۆزلىرىدىن بەخت ئۇچقۇنى يالتىرايدۇ.

## 33

كۈندۈز، بۇلاق بېشى. بۇلدۇقلاپ سۇ چىقىپ تۇرغان سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيىدە گۈلجامالنىڭ سىماسى كۆرۈنىدۇ. گۈلجامال ئاستا يۈزلىرىنى سىيلايدۇ. ماڭلاي چاچلىرىنى تۈزەشتۈرىدۇ، كۈلۈمسىرەيدۇ. قاپاقنى بۇلاققا چۆكۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قانداقتۇر بىر شەپە كەلگەندەك بولىدۇ. گۈلجامال چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئارقىسىغا قارايدۇ.

ئــەمەتبەگ (40 ياش) ئات ئۈستىدە غادىيىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئاچكۆزلۈك بىلەن تىكىلىدۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئىككى ئاتلىق غالچا قارىشىپ تۇرىدۇ. قىز بەگنىڭ قاراشلىرىغا چىدىيالماي يۈزلىرى قىزارغان ھالدا يەرگە قــاراپ، ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن يانداپ ماڭىدۇ. ئۇزۇن قامچا دەستىسى ئالدىنى توسايدۇ. قىز بەگكە قورقۇمسىراپ قارايدۇ. بەگ سەت ھىجىيىپ تۇرۇپ:

— سەن ئۆزى كىمنىڭ قىزى بولىسەن؟ — دەپ سورايدۇ.

— مەخسۇتئاخۇننىڭ، — دەيدۇ گۈلجامال جاۋابەن.

بەگ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئويلىنىدۇ.

— قايسى مەخسۇتئاخۇننىڭ ...، ھە... ھە... ھېلىقى مەخسۇت موزدۇزنىڭما؟ —، دەپ يەنە سورايدۇ.

قىز ئۈندىمەي يەرگە قاراپ تۇرىدۇ.

قىز ئىلدام مېڭىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ تېقىمغىچە چۈشكەن بوستان چــاچــلــىرى بەگــنىڭ كۆزلىرىنى ئالاچەكمەن قىلىۋېتىدۇ. ئۇ تىلىنى چاكىلدىتىپ شەھۋانىي ھىجىيىدۇ. يېنىدىكى بىر غالچا خۇشامەت بىلەن ھىجىيىپ:

— بېگىم كېچىدىن ياخشى چۈش كۆرۈپتىكەنلا-دە. ھى... ھى... ھى...، — دەپ كۈلىدۇ.

## 34

كېچە، بۇلاق بويى. بۇلاقتا تولۇن ئاينىڭ ئەكسى كۆرۈنىدۇ. بۇلاق بېشىدا گۈلجامال بىلەن ساۋۇت (21 ياش) بىر-بىرىگە يېقىن ئولتۇرىشىدۇ. گۈلجامال:

— بۇنداق كەچتە مېنى نېمشقا بۇ يەرگە چىقىشقا زورلايسىز؟ — دەپ سورايدۇ. ساۋۇت:

— سىزنى قانغۇچە كۆرۈۋالماي كېتىشكە يۈرىكىم زادىلا ئۇنىمىدى.

گۈلجامال كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ ساۋۇتقا قاراپ:

— نەگە بارىسىز؟ - دەيدۇ، ساۋۇت:

— مارالبېشىغا، چوڭ ئانام ئېغىر كېسەلكەن بىزنى كەلسۇن دەپ خەۋەر بېرىپتۇ. ئانام بىلەن ئىككىمىز بارىدىغان بولدۇق. مەن بارمىسام پەقەت بولمايدۇ. چوڭ ئانام ماڭا بەك ئامراقتى. ئۇ مېنى بىر كۆرۈۋالسام بولاتتى دەپ يىغلاپتۇ، — دەيدۇ. گۈلجامال:

— قاچان ماڭىسىز؟ — دەيدۇ كۆڭلى يېرىم بولۇپ.

— ئەتىگەنلىككە تورغاي چۇچۇدا يولغا چىقمىساق ئىسسىقتا يول ئاۋۇمايدۇ، — دەيدۇ ساۋۇت جاۋابەن. گۈلجامال:

— قاچان قايتىپ كېلىسىز؟ —دەپ يەنە سورايدۇ.

ساۋۇت بېشىنى چايقايدۇ، ھەر ئىككىسى جىمىپ كېتىدۇ. قىز ئورنىدىن تۇرىدۇ. ئۇ يىگىتكە مېھرى بىلەن تىكىلىپ:

— بارسىڭىز خۇداغا ئامانەت ئاق يوللۇق بولۇڭ، بەك ئۇزاق تۇرۇپ قالسام دادام ئاچچىقلايدۇ، — دەيدۇ.

ئۇ قاپاقنى يۇدىدۇ. يىگىت ئاستا قاپاقنى ئۇنىڭ مۈرىسىدىن ئېلىپ يەرگە قويىدۇ. قىزنىڭ مۈرىسىدىن قۇچاقلايدۇ. ئۇنىڭ بويىنىغا سۆيىدۇ.

قىز يىگىتنىڭ قۇچىقىدىن ئاجراپ قوللىرىنى چىڭ سىقىۋالغان يىگىتنىڭ قولىغا بىر ئاق ياغلىقنى قالدۇرۇپ قاپاقنى ئالدۇ-دە، يۈگۈرگەن پېتى كېتىپ قالدۇ. يىگىت ياغلىقنى ئاستا ئاچىدۇ. ياغلىق ئوتتۇرىسىدا بىر تال قىزىل غۇنچە كەشتىسى كۆرۈنىدۇ.

## 35

كۇندۇز، مەخسۇت موزدۇزنىڭ ئۆيى. دەستىخان ئۈستىدە غورىگۇل نازۇ نېمەتلەر تىزىلغان. بىرقانچە سەللە ئورىغان پېشقەدەم، مۆتىۋەر كىشىلەر ئولتۇرىشىدۇ. تۆرىدە ئولتۇرغان كۆتمەك ساقال تەكەببۇر بىر كىشى ئالدىدا قـول بـاغـلاپ تۇرغان مەخسۇت موزدۇزغا قاراپ مەنسىتمەسلىك بىلەن سۆزلەيدۇ:

— قارىغاندا چىرايلىق گەپ سىلىگە ياراشمايدىغاندەك تۇرىدۇ. سىلە تۇرىۋاتقان بۇ زېمىننىڭ ھەممىسى ئەمەت بېگىمنىڭ زېمىنى. دوپپىلىرى چـۈشـسە بـەگنىڭ زېمىنىغا چۈشىدۇ. ئاجىزەلىرىگە بېگىمىزنىڭ نەزىرى چۈشكەنىكەن قائىدە بويىچە ئىككى قوللاپ سۇنۇشلىرى كېرەك. بۇ كېيىنكى كۈنلىرىنىڭ ئوبدان بولۇش يولى، ئەگەر يەنە ئۇنى-بۇنى دەپ تىللىرىنى چاينىسىلا بۇ زېمىنغا دەسسەپ تۇرۇشلىرى تەس بولارمىكىن...

## 36

كۇندۇز، مەخسۇتئاخۇننىڭ ئىشىكى ئالدى.

مېھمانلار ئىشىك ئالدىغا چىقىشىدۇ، ئاتلىرىغا مىنىشىدۇ. مۈكچىيىپ قالغان مەخسۇتئاخۇن ئۇلارغا بىچارىلەرچە بويىنىنى قىسىپ قاراپ قول باغلاپ تۇرىدۇ. ھېلىقى كۆتمەك ساقال تېپىرلاپ تۇرغان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرۇپ:

— شۇنداق بولىدۇ، ياخشىلىقچە رازى بولسىلىمۇ، يامانلىقچە رازى بولسىلىمۇ بەرىبىر رازى بولىلا، — دەيدۇ.

ئـاتـلىقلار ئۇزاپ كېتىدۇ. مەخسۇتئاخۇن ئىزىغا ئولتۇرۇپ قالىدۇ.

ھۆكرەپ يىغلىۋېتىدۇ.

## 37

كـۈندۈز، مەخسۇتئاخۇننىڭ ئۆيى. مەخسۇتئاخۇن ئېغىر غەم-قايغۇ ئىچىدە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرىدۇ. سۇپا ئۈستىدە بىر توپ ئېسىل تـاۋار-دۇردۇن كـــيىملەر دۆۋىلىنىپ تۇرىدۇ. گۈلجامال سىرتتىن كىرىپ كىيىملەرنى كۆرۈپ ھەيران قېلىپ:

— دادا، بۇ كىيىملەر كىمنىڭ؟ ـــدەپ سورايدۇ.

مەخسۇتئاخۇن جاۋاب بەرمەيدۇ.

گـۈلجامال كىيىملەرگە قىزىقىپ قارايدۇ. ئۇ بىر كۆڭلەكنى ئېلىپ ئۆزىگە چاغلاپ بېقىپ:

— دادا، دادا قارىڭا ماڭا يارىشامدىكەن؟ ــ دەيدۇ.

مەخسۇتئاخۇن بېشىنى كۆتۈرۈپ قىزىغا قارايدۇ. قىز ئەركىلەپ:

— قانداق ماڭىمۇ يارىشامدىكەن؟ ـــدەپ يەنە سورايدۇ.

— ياراشتى ... ئۆھۆ... ئۆھۆ... ، ــ مەخسۇتئاخۇن قاتتىق يۆتىلىپ كـېتـــدۇ. ئاغزىدىن قان يانىدۇ. قىز قورقىنىدىن كۆڭلەكنى تاشلاپ ۋارقىرىۋېتىدۇ.

## 38

كۈندۈز، مەخسۇتئاخۇننىڭ ئۆيى. مەخسۇتئاخۇن كۆزلىرى يۇمۇلغان، چىرايى ساماندەك سارغايغان ھالدا چۈشەكتە ياتىدۇ. قىز ئۇنىڭ بېشىدا يـۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ يامغۇردەك ياش تۆكۈپ يىغلىماقتا. مەخسۇتئاخۇن

كۆزلىرىنى تەستە يېرىم ئېچىپ ئاغزىنى قىمىرلىتىدۇ. گۈلجامال قۇلىقىنى دادىسىنىڭ ئاغزىغا يېقىن ئەكېلىدۇ. مەخسۇتئاخۇن:

— مەن... مەن... ئۆھۆ... ئۆھۆ...، — ئۇنى بىردىنلا قاتتىق يۆتەل تۇتۇپ يۈزلىرى ئېسىلىپ كۆزلىرى چاچراپ چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ كېتىدۇ. كۆزىنىڭ قارىسى ئىچىگە تارتىلىپ بىردىنلا ئىڭىكى چۈشۈپ قالىدۇ.

— دادا...! دادا...

گۈلجامال ۋارقىرىغان پېتى ئۆزىنى دادىسىنىڭ ئۈستىگە تاشلايدۇ. بوۋاينىڭ كۆزلىرى ئوچۇق ھالدا ياتماقتا. قىز بار ئاۋازى بىلەن دادىسىنى تولۇلىماقتا.

## 39

كۈندۈز، دەرەخ يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ يەرگە تۆكۈلمەكتە. كائىنات ساغۇچ رەڭگە كىرگەن. قارىلىق تۇتۇپ ئۇزۇن رومال سالغان، بېلىگە قارىلىق باغلىغان گۈلجامال قاپاقنى يۈدىگەن ھالدا چىغىر يولدا ماڭماقتا.

## 40

قىش. كۈندۈز، لەپىلدەپ قار چۈشمەكتە. چىراينى مىسكىنلىك باسقان گۈلجامال بۇلاق بويىدا قاپاق تۇتۇپ تۇرىدۇ. يىغىدىن قىزارغان كۆزلىرىنى يىراققا تىكىدۇ. ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە مۇڭلۇق دىئالوگ جاراڭلايدۇ.

— ساۋۇت، قاچان كېلىسىز؟

— ئۇقمايمەن.

”ئۇ ھازىرغىچە يوق“ دەپ پىچىرلايدۇ گۈلجامال.

## 41

كۈندۈز. قارلىق يولدا توي نەغمىسى قىلىشىپ بىرقانچە ھارۋىلىق ئادەملەر ماڭماقتا.

## 42

مەپە ئىچى. گۈلجامال ئېسىل تويلۇق كىيىملەرنى كىيگەن بولۇپ، قاپىقىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان ئىككى سېمىز خوتۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆكسۈپ يىغلىماقتا.

## 43

كېچە، ھەشەمەتلىك بېزەلگەن ھۇجرا. ھۇجرىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا راسلانغان چۈشەك ئۈستىدە گۈلجامال ئولتۇرىدۇ. ئەمەتبەگ قانغا تولغان كۆزلىرىنى گۈلجامالغا سۈرلۈك تىككەن ھالدا ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كېلىدۇ. گۈلجامال قورقىنىدىن تۈگۈلۈپ بەگكە شەپقەت تىلىگەندەك تىكىلىپ قاراپ قالىدۇ.

## 44

كېچە، بۇلاق بېشى. ساۋۇت قىزىلگۈل غۇنچىسى كەشتىلەنگەن ياغلىقنى تۇتىۋالغان. ئۇ ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن ياغلىققا تىكىلىپ قارايدۇ.

كۈندۈز، ھۇجرا. ئەمەتبەگنىڭ چوڭ خوتۇنى مەرەمخان ئەينەك ئالدىدا ئـولـتـۇرـىدۇ. گـۈلـجـامـال قـورقـۇمسىراپ ئۇنىڭ ئۆزىنى پەدازلىشىغا ياردەملەشمەكتە.

ھـۇجـرىغا بەگ كىرىپ كېلىدۇ. مەرەمخان بەگكە ئالىيىپ قويۇپ قولىدىكى تاغاقنى گۈلجامالنىڭ قولىغا دوق قىلىپ تۇتقۇزۇپ:

— تۇته، گالۋاڭ گادايىنىڭ قىزى. پەسىنىڭ پۇشتى دېگەن لايغەزەل بولىدۇ. بېشىمنى تارا، — دەيدۇ.

گۈلجامال تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا تاغاق سالىدۇ. مەرەمخان يەنە چالۋاقايدۇ:

— ھۇ كۆك ئۇچەي ئۇلۇمتۇك، يەنە ئەزمەڭنى ئەزگىلى تۇردۇڭغۇ؟ ... ۋاي ... ۋايجان! ما پەسىنىڭ قىزىنى، تايىنلىق مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئوكچە ئالاي دەمسەن ما ئۆيىنى.

مەرەمخان گۈلجامالنى ھاپپاق بىلەن "چاڭ-چۇڭ" قىلىپ ئۇرىدۇ ھەم قوللىرىنى شىلتىپ:

— چـىـقـە مـاڭ، كـۆزۈمـدىن يوقال! ھېلىبىكار كۆرگىلىكىڭنى كۆرستمەن، — دەپ ۋارقىرايدۇ.

گۈلجامال يۈزلىرىنى قولى بىلەن يېپىپ يىغلىغان پېتى ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ. بەگ ئۇنىڭغا ھەجىيىپ قاراپ:

— ھـاي خـوتـۇن، ئـۇ سىېنىڭ دېدىكىڭ ئەمەس كۈندىشىڭ، ئاچچىقىڭنى بوشراق قىل، — دەيدۇ. مەرەمخان:

— ھە، نېمە بولدى يۈرەكلىرى سىيلىپ كېتىۋاتامدۇ. تېگى پەس گادايغا ئوبدان ئۆگەندىلە، بىردەم ئايرىلسىلا چىدىيالمايلا. بىزمۇچۇ ئۆز

ۋاقتىدا ئۇنداق سىكىۋاشنى قولىمىزغا سۇ قۇيغىلى سالمايتتۇق، — دەيدۇ.

## 46

كۈندۈز، گۈلجامالنىڭ ھۇجرىسى. گۈلجامال چۈشەك ئۈستىگە ئۆزىنى دۈم تاشلاپ ئۆكسۈپ يىغلايدۇ. بىر دېدەك قىز كىرىپ:
— كىچىك خېنىم، سىلىنى ئىككىنچى خېنىم چاقىردۇ— ، دەيدۇ.

## 47

كەچ، بەگنىڭ ئىككىنچى خوتۇنى سېلىمىخاننىڭ ھۇجرىسى.
بەگنىڭ ئىككىنچى خوتۇنى قۇچىقىدىكى بالىسىنى پەپىلەپ ئولتۇرىدۇ.
ھۇجرىغا گۈلجامال كىرىپ كېلىدۇ. سېلىمىخان قاش-قاپاقلىرىنى سۈزۈپ گۈلجامالغا تىل سالىدۇ:
— ھوي كۆكتۈش قەلەندەرنىڭ قىزى. قاچان ئەر قارىسى كۆرەرمەنكىن دەپ ئاران تۇرۇپتىكەنسەنمۇ دەيمەن. قازىنىقىڭغا بېكىنىۋېلىپ كۈن بويى ئۆزۈڭنى تۈزەپ ئولتۇرماي ساڭا ئىلتىپات كۆرسەتكەن ما مەندەك كۈندەشىڭگىمۇ قارايسەن جۇمۇ. تۇتە ما بالىنى بىردەم بېقىپ بەرسەڭ شۇمۇ ئىش.
ئايال بالىنى گۈلجامالغا بېرىدۇ. بالا شۇئان قىرقىراپ يىغلايدۇ.
سېلىمىخان شۇئان گۈلجامالدىن بالىنى ئېلىۋېلىپ دېدەك قىزغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ كېلىپ گۈلجامالنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ، قوللىرىنى پېشانىسىگە نوقۇپ تىل سالىدۇ:
— ھۇ قارا كۆڭۈل دەيۈز پاسكىنا. دەردىڭنى مۇشۇ نارەسىدىدىن

ئـالامـسەن؟ بالىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ ئۆزۈڭ تۇغۇپ بېگىمىنىڭ ئالدىدا ئۆزۈڭنى تۆرگە چىقارماقچىما؟ يوقال كۆزۈمدىن سېسىق قانجىق.
سېلىمىخان شۇنداق دەپ گۈلجامالنى ئىتتىرىۋېتىدۇ. گۈلجامال يەرگە دۈم چۈشىدۇ.

## 48

كـېچە، باغنىڭ بىر بۇلۇڭى. گۈلجامال ئېسەدەپ يىغلىماقتا. تامغا يامىشىپ كەتكەن قۇرۇق چىڭگىلىك شاراقشىپ ئۇنىڭ ئارىسىدىن ساۋۇت چىقىپ كېلىدۇ. گۈلجامال:
— ۋايجان! ... كىم بۇ؟ — دەيدۇ.
گۈلجامال قورقۇپ ۋارقىرىۋېتىدۇ.
ساۋۇت چەبدەسلىك بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ ئاغزىنى ئېتىۋالىدۇ ۋە قۇلىقىغا شىۋىرلايدۇ:
— ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ. ئۇنىڭىزنى چىقارماڭ. گۈلجامال بۇ مەن ... مەن ساۋۇت.
قـورقۇپ كەتكەن گۈلجامال ئۇنىڭغا قاراپ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالىدۇ.
— ساۋۇتئوم، سىز بۇ يەرگە نېمەدەپ كىردىڭىز؟ — دەيدۇ گۈلجامال.
ساۋۇت:
— سـىـزنى كۆرگىلى كەلدىم، — ئۇ ئازابلانغان ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇرىدۇ:
— جېنىم گۈلجامال مەن ھەرگىز بۇنداق بولۇشنى كۈتمىگەنىدىم. سىزنى بەگنىڭ ئادەملىرى ئەپكەتكەن كۈن، مەن چوڭ ئانامنىڭ ئۆلۈمنى

ئۇزاتقان كۈنگە توغرا كەپتۇ. دادىڭىزمۇ ئۇ دۇنياغا كېتىپ قاپتۇ. مەن بەگدىن قىساس ئېلىپ سىزنى قۇتقۇزۇش مەقسىتىدە تۈنلەپ بەگ قورۇسىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈردۈم، لېكىن، ئىشقا ئاشۇرالمىدىم. سىزدىن ئايرىلغاندىن بېرى يىگىنىم نان، ئىچكىنىم ئاش ئەمەس، كاللام پەقەت سىزنىلا ئويلاشتىن باشقا ھېچنەرسىگە ئىشلىمەيدۇ. قولۇم ھېچقانداق ئىشقا بارمايدۇ. بۇ جاھان ئەمدى ماڭا ھارام بولدى. بېشىمنى ئېلىپ بۇ يەردىن يىراق بىر يەرگە كېتەي دەپمۇ ئويلىدىم، لېكىن كۆڭلۈم سىزگە تارتىشىپ كەتمىدىم. بىرنەچچە قېتىم باغ تېمىنىڭ ئارقىسىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، سىزنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىڭىزنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. ئاخىر چىداپ تۇرالماي ھەر نېمە بولسىمۇ بىر كۆرۈۋالاي دەپ بۇ يەرگە كەلدىم. ئەگەر ”چىقىپ كەت“ دەپ مېنى بۇ يەردىن قوغلىسىڭىز... ئۇنىڭغىمۇ مەيلى...

يىگىتنىڭ ۋۇجۇدى ياپراقتەك تىترەيدۇ. گۈلجامال ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزىنى تاشلايدۇ. ئۆكسۈپ يىغلايدۇ. ساۋۇت ئۇنىڭ چاچلىرىنى پۇرايدۇ.

## 49

ياز، كېچە، باغ ئىچى. گۈلجامال پەم بىلەن ئەمما ھودۇققان ھالدا باغنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭى تەرەپكە ماڭىدۇ. قويۇق چىڭگىللىك ئارىسىدىن ساۋۇت چىقىدۇ. ئىككىسى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدۇ.

## 50

كېچە، ھۇجرا ئىچى. گۈلجامال چۈشەك ئىچىدە تولغاق تۇتۇپ قىينالماقتا. بىر قېرى مەزلۇم ئۇنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ، گۈلجامالنىڭ

پىشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتتىدۇ.

## 51

كېچە، سېلىمىخاننىڭ ھۇجرىسى. ھۇجرىدا بەگ بىلەن سېلىمىخان ئولتۇرىدۇ. بەگ كىچىك قىزنى ئەركىلەتمەكتە. ئۇ بالىسىنى سۆيۈپ قويۇپ:

— كاساپەت، ئوغـۇل بولۇپ قالغـان بولسـاڭ بېشـىم ئاسمانغـا يەتمەمتى؟! ئاناڭ تۇغۇشنى بىلمەيدۇ، — دەيدۇ.

سېلىمىخان تۇمشۇقىنى ئۇشلاپ:

— ھىم، خۇدانىڭ بەرگىنىگە شۈكرى دېمەي دائىم كۇپۇر سۆزلەيدۇ، — دەيدۇ.

ھۇجرىغا بىر دېدەك خۇشال يۈگۈرۈپ كىرىپ:

— بېگىم... بېگىم... كىچىك خېنىم يەڭگىدى، — دەيدۇ.

بەگنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كېتىدۇ.

— ھە... نېمە تۇغدى؟ — دەپ ئالدىراپ سورايدۇ. دېدەك:

— ئوغۇل بېگىم، ئوغۇل، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

بـەگ خـۇشـاللىقىدا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ قولىدىكى قىزنى كۆتۈرگەن ھالدا ئىشىك تۈۋىگە يۈگۈرۈپ بېرىپ بولۇپ، قولىدا بالا بارلىقى ئـېـسىگە كېلىپ ئارقىسىغا يېنىپ قىزنى سېلىمىخاننىڭ قۇچىقىغا دوق قىلغاندەك تاشلاپ، پالاقلاپ يۈگۈرگەنچە چىقىپ كېتىدۇ. بالا قىرقىراپ يىغلاپ كېتىدۇ.

سېلىمىخان بوشاشقان ھالدا ئولتۇرۇپ قالىدۇ.

## 52

كېچە، ھۇجرا. بەگ يېڭىدىن تۇغۇلغان بوۋاقنى بېشىدىن ئۇستۇن

كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ چاتىرىقىغا سۆيۈپ كېتىدۇ. بوۋاق يىغلايدۇ. گۈلجامال كۆزلىرى يۇمۇلغان هالدا هوشسىز ياتىدۇ.

## 53

كۈندۈز، هۇجرا. بۇدرۇقىنا سېمىز بوۋاقنى بەگ ئەركىلىتىپ چاتىرىقىغا سۆيىدۇ.

— شىرئېلى، شىرئېلى! — بەگ بالىسىنى چاقىرىدۇ. بوۋاق ۋىلىق-ۋىلىق كۈلىدۇ. بەگ خۇشاللىقىدىن بالىنى تېخىمۇ سۆيۈپ كېتىدۇ. گۈلجامال بولسا سۇلغۇن ئولتۇرىدۇ.

## 54

كۈندۈز، مەرەمخاننىڭ هۇجرىسى. مەرەمخان هۇجرىسىدا جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ مەيۈسلۈك بىلەن دۇئا قىلماقتا:

— ئى خۇدايا، پاكا پەرۋەردىگارا، ئالدىڭدا نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيتتىم. مېنى نېمىشقا تۇغماس قىلىپ ياراتقانسەن. ئەشۇ تېگى پەس گادايىنىڭ ۋۇجۇدىغا ئاتا قىلغان پەرزەنتنى ماڭا ئاتا قىلساڭچۇ؟!...

## 55

كۈندۈز، سېلىمخاننىڭ هۇجرىسى. سېلىمخان قۇچىقىدىكى قىزنى دېدەككە دوقىدە تۇتقۇزىدۇ. قىز قىرقىراپ يىغلايدۇ. سېلىمخان دېدەكنى هاپىاق بىلەن ئۇرۇپ قولىقنى ئېتىۋېلىپ جېنىنىڭ بېرىچە چىرقىرايدۇ:

— يوقال كۆزۈمدىن، چىقە. ھۇ ھاڭۋاقتى قانجىق، يوقال دەيمەن يوقال!

## 56

كۈندۈز، بەگنىڭ ھويلىسى. ئەمەتبەگ گۈلجامالنىڭ ھۇجرىسىدىن خۇشال چىقىپ، قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ چاكارلارنىڭ ئۆيى تەرەپكە كېتىدۇ.

ئۆز ھۇجرىسىنىڭ ئالدىدا تۇرغان سېلىمىخان بۇنى كۆرۈپ غەزەپتىن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، ئېغىناقلاپ ماڭغىنىچە گۈلجامالنىڭ ھۇجرىسىغا قاراپ كېتىدۇ.

## 57

كۈندۈز، گۈلجامالنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىچى. شىرئېلى بۆشۈكتە تاتلىق ئۇيقۇدا ياتىدۇ. گۈلجامال بۆشۈككە يۆلەنگەن ھالدا كۆز يېشى قىلىپ، مۈگدىنىپ ئولتۇرىدۇ.

ئۆيگە سېلىمىخان كۆزلىرىگە قان تولغان ھالدا ئېتىلىپ كىرىدۇ-دە، گۈلجامالنىڭ چېچىدىن قامallاپ ئېلىپ:

— ھۇ تېگى پەس، سېسىق گادايىنىڭ قىزى ئەتىگەندىن كەچكىچە كۈچۈكىڭنى يالاپ ئولتۇرامسەن؟ مەن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قوياي، سەن ئۆزۈڭنى خېنىملار قاتارىدا ھېسابلىما. غوجامنىڭ قۇچىقىدا يېتىپ كۈچۈكلىغىنىڭ بىلەنچۇ سەن يەنىلا بۇ ئائىلىنىڭ دېدىكىسەن. ئۆزۈڭنىڭ بىر يالاڭ تۆش ئەۋلادى ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالما. باشقا چاكارلارغا ئوخشاش قىلىدىغان ئىشىڭنى تېپىپ قىل! — دەيدۇ غەزەپ بىلەن.

سېلىمخان گۈلجامالنى چېچىدىن سۆرىگەنچە ئەپچىقىپ كېتىدۇ. بۆشۈكتە ياتقان شىرئېلى غەۋغادىن ئويغىنىپ كېتىپ قىرقىراپ يىغلايدۇ. گۈلجامال ئارقىسىغا تارتىنىپ توۋلايدۇ:

— ئوغلۇم... شىرئېلى! ... بالام!...

## 58

كۈندۈز، ئەسكى ئۆي. ئۆيدە ئايىمخان (20 ياش) ياغۇنچاق چۆرىمەكتە.

سېلىمخان گۈلجامالنى چېچىدىن سۆرىگەن هالدا كىرىدۇ. ئۇ گۈلجامالنى ئىتتىرىۋېتىدۇ. گۈلجامال يەرگە دۈم چۈشىدۇ. ئايىمخان ئورنىدىن يۈگۈرۈپ قوپۇپ گۈلجامالنى يۆلەيدۇ. سېلىمخان سېمىزلىكتىن سالپىيىپ تۇرغان ئېڭەك گۆشلىرىنى لىغىلدىتىپ، قوللىرىنى بېلىگە تايانغان هالدا سۆزلەيدۇ:

— هۇ ئەبگا پاسكىنا، كۈچۈكنىڭ بىلەن چىرايىڭنى دەسمى سېلىپ ماخچىيىپ ئولتۇرماقچىمۇ سەن؟ ئاڭلاپ قوي، بۈگۈندىن باشلاپ ماۋۇ ئايىم بىلەن ئىككىڭ چاكار-يىللىقچىلار يەيدىغان ئۇننى مۇشۇ ياغۇنچاقتا چىقىرىسەن، ئەگەر ئۇلگۈرتەلمىسەڭ كۆرگىلىكىڭنى كۆرسىتىمەن.

ئۇ شۇنداق دەپ ئىشىكنى جالاقلىتىپ يېپىپ چىقىپ كېتىدۇ. گۈلجامال ئۆزىنى ئايىمخانغا تاشلاپ هۆكىرەپ يىغلاپ كېتىدۇ.

## 59

كېچە، باغ ئىچى. گۈلجامال ساۋۇتنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ

ئۆكسۈپ يىغلىماقتا. ساۋۇت ئۇنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ تۇرۇپ سۆزلەيدۇ:

— يىغلىماڭ ئامرىقىم. مەن ھەممىنى ئۆيدىكىلەر بىلەن پۈتۈشۈپ قويدۇم. خۇدا بۇيرۇسا كۈزلۈكنى يىغىۋېلىپ سىزنى بىر كىچىدىلا ئېلىپ چىقىمەن-دە، ھەممىمىز بۇ يۇرتنى تاشلاپ يىراق يەرلەرگە كېتىمىز. كۈزلۈك زىرائەتلەرنى يىغىشقا يەنە بىر ئاي قالدى. ئوتتۇز كۈن دېگەن گەپ، ئوتتۇز كۈن چىشىڭىزنى چىشلەپ بەرداشلىق بېرىڭ، مەن سىزنى چوقۇم ئەپكېتىمەن. بۇ دوزاختىن سىزنى چوقۇم قۇتقۇزىمەن!

گۈلجامال يىغىدىن قىزارغان كۆزلىرىنى ساۋۇتقا تىكىپ:

— راستما؟ — دەيدۇ خۇشال بولۇپ.

— ھەئە، — ساۋۇت قەتئىيلىك بىلەن گۈلجامالغا تىكىلىدۇ. گۈلجامال ساۋۇتنىڭ بويىنىغا ئېسىلىدۇ. ئىككى ئاشىق-مەشۇق بىر تەن بولۇپ كېتىدۇ.

باغ تېمىنىڭ بۇرجىكىدە ماراپ تۇرغان مەرەمخاننىڭ ياۋۇزلۇق يېغىپ تۇرغان چىرايى كۆرۈنىدۇ. ئۇ چىرمىشىپ كەتكەن ئاشىق-مەشۇقلارغا قاراپ زەھەرلىك ھىجىيىدۇ.

## 60

كېچە، بەگنىڭ بېغىنىڭ ئېگىز تېمى ئۈستىدە ساۋۇتنىڭ بېشى كۆرۈنىدۇ. ئۇ باغ ئىچىگە زەن سېلىپ قارايدۇ. باغ ئىچىدە ھېچنەرسە كۆرۈنمەيدۇ. پاقا، چېكەتكىلەرنىڭ كۇرۇلداشلىرى ئاڭلىنىدۇ، ئۇ تامدىن باغ ئىچىگە سەكرەيدۇ.

تام ئارىسىدىكى قويۇق چىگىلىك ئارىسىدىن ئالتە، يەتتە غالچا يۈگۈرۈپ چىقىپ ساۋۇتقا تاشلىنىدۇ. ساۋۇت چەبدەسلىك بىلەن ئىككىسىنى ئۇرۇپ موللاق ئاتقۇزىدۇ. ئارقا تەرىپىدىن بىر كالتەك ئۇنىڭ

بىشىغا تېگىدۇ. ئۇ ھوشسىزلىنىپ يىقىلىدۇ.

## 61

كېچە، يەر ئاستى گەمە يولى. قوللىرىدا مەشئەل تۇتۇشقان غالچىلار ھوشسىز ساۋۇتنى سۆرەپ گەمە ئىچىگە ئەكىرىپ تاشلايدۇ.

## 62

كېچە، گۈلجامالنىڭ ھۇجرىسى. گۈلجامال قارا رومالدا يۈزىنى چۈمكەپ ئىشىك تەرەپكە ماڭىدۇ. ئىشىك يېنىغا بېرىشىغا، ئىشىك جالاقلاپ ئېچىلىپ كۆزلىرىگە قان تولغان بەگ ۋە بىر توپ يالاقچى كىرىپ كېلىدۇ. گۈلجامال قورققىنىدىن داڭ قېتىپ قالىدۇ.

## 63

كېچە، گەمە ئىچى. لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتقان قەندان ئىچىدە قىپقىزىل قىزىرىپ كەتكەن تۆمۈر زىخ كۆرۈنىدۇ.

بەگ زىخنى ئېلىپ، قىل ئارغامچىدا تورۇسقا ئېسىپ قويۇلغان ساۋۇتنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. بىر غالچا سىم قامچا بىلەن ساۋۇتنى ساۋىماقتا. بەگ غالچىنى ئىتتىرىۋېتىپ زىخچىنى ساۋۇتنىڭ كۆزىگە يېقىن ئەكېلىپ تۇرۇپ:

— سۆزلە پاسىق ھارىمى، بۇ يەرگە نېمەدەپ كەلدىڭ؟ — دەيدۇ. ھالسىزلانغان ساۋۇت، قان ساقىپ تۇرغان ئاغزىنى ئاران مىدىرلىتىپ،

كۆزىنى بىرىم ئاچقان ھالدا:

— ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە نېمىنى سورايسەن؟ — دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

بەگ غەزەپتىن بوغۇلۇپ قىپقىزىل زىخنى ساۋۇتنىڭ ئاغزىغا تىقىدۇ. ساۋۇت قاتتىق ۋارقىراپ ھوشىدىن كېتىدۇ.

غالچا ساۋۇتنىڭ يۈزىگە سۇ چاچىدۇ. ئۇ ئاستا-ئاستا ھوشىغا كېلىدۇ. كۆزىنى ئېچىپ بەگكە غەزەپ بىلەن تىكىلىدۇ. گەپ قىلىشقا تىرىشىدۇ-يۇ، ئاغزىدىن گەپ چىقىرالماي قالىدۇ.

غالچىلار چاچلىرى چۇۋۇلغان، يۈزلىرى قاپچا ئىزىدىن يارا بولغان، كىيىملىرى يىرتىلغان گۈلجامالنى سۆرەپ ئەكىرىپ بەگنىڭ ئايىغىغا تاشلايدۇ. گۈلجامال يەرگە دۈم يىقىلىدۇ. بەگ ئۇنىڭ چېچىدىن تارتىپ ئۆرە تۇرغۇزۇپ ساۋۇتقا قارىتىپ تۇرۇپ:

— ھوي تۇخۇمى بۇزۇق شەرمەندە جالاپ، ئاشنىڭ بىلەن مۇنداق ھالەتتە ئۇچرىشارمەن دەپ ئويلاپ باقمىغان بولغىيتتىڭ؟! — دەيدۇ.

گۈلجامال يۇمۇلغان كۆزىنى تەستە ئاچىدۇ. كۆز ئالدىدا ئېسىلىپ تـــۇرغان ساۋۇتنى كۆرۈپ چۆچۈپ "ئاھ" دەپ ئاغزىنى ئېچىپ قالىدۇ. "بىچارە ساۋۇتۇم، مېنى دەپ بالا-قازاغا ئۇچراپتۇ... قۇۋ تۈلكىلەر پايلاپ يـــۈرۈشـــۈپـــتىكەنسەن-دە! ...، مەن... مەنمۇ غەپلەتتە قاپتىمەن، مېنى كـــەچـــۈرگـــىـــن ســـاۋۇتۇم..." دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈرىدۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيىلىدۇ. بەگ:

— سۆزلە ھوي بۇزۇق شەرمەندە! نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىككىڭ قانداق ئەسكىلىكلەرنى قىلىشتىڭ؟ — دەيدۇ.

گۈلجامال ئۈنچىقماي تۇرىدۇ. بەگ:

— مانا، ئاشنائىنى كۆر! — ئۇ قولىدىكى قىزىرىپ تۇرغان زىخنى

ساۋۇتنىڭ قورسىقىغا تىقىدۇ. ”پاژ-پۇژ“ قىلىپ ئىس چىقىدۇ. ساۋۇت قاتتىق ۋارقىرايدۇ. ئۇنىڭ بېشى يانغا قىيسىيىپ كۆزلىرى ئوچۇق ھالدا ئىڭىكى چۈشۈپ كېتىدۇ.

گۈلجامال بىر چىرقىراپلا ھوشىدىن كېتىدۇ.

## 64

قىش، كۈندۈز. لەپىلدەپ قار ياغماقتا. ئەمەتبەگنىڭ ھويلىسى.

## 65

كۈندۈز، ئەسكى ئۆي. ئايىمخان بىلەن گۈلجامال ياغۇنچاق چۆرىمەكتە. گۈلجامال ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان.

## 66

كۈندۈز، باھار پەسلى. مېۋىلىك باغ گۈل-چېچەككە تولغان. چېچەك ئۈستىدە ھەسەل ھەرىسى ئۇچۇپ يۈرىدۇ.

## 67

كۈندۈز، ئەسكى ئۆي. ئايىمخان بىلەن گۈلجامال ياغۇنچاق چۆرىمەكتە. ئايىمخان گۈلجامالنىڭ سولغۇن، خىيالچان چىرايىغا قاراپ ئۇلۇغ كىچىك تىنىدۇ.

## 68

ياز، كۈندۈز. ئەمەتبەگنىڭ دەرۋازىسى ئالدى. دەرۋازا ئالدىدا ئەمەتبەگ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنلىرى، غالچىلىرى ئىسىل كىيىنىشكەن هالدا تۇرۇشىدۇ.

ئالتىدەك مەپە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىپ توختايدۇ. بىرىنچى مەپــىدىن ۋاڭ لويى (50 ياش) ئىككى تەتەيىنىڭ قولتۇقلىشى بىلەن چۈشىدۇ. ئەمەتبەگ قول باغلاپ نەچچە پۈكلىنىپ ۋاڭ لويىغا تەزىم قىلىپ ئۆيگە باشلايدۇ. ۋاڭ لويى ۋە ئۇنىڭ هەر خىل كىيىنىشكەن ئەمەلدارلىرى، ساقچىلار دەرۋازا ئالدىغا سېلىنغان پاياندازغا دەسسەپ دەرۋازا ئىچىگە قاراپ ماڭىدۇ.

## 69

كۈندۈز، بەگنىڭ هەشەمەتلىك بېزەلگەن مېهمانخانىسى. مېهمانخانىنىڭ بىر تەرىپىدە سازەندىلەر ئۇسسۇل پەدىسىگە ساز چالماقتا. بىر سەتەڭ ئايال قاش كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ئۇسسۇل ئوينىماقتا.

مېهمانلارنىڭ ئالدىغا سېلىنغان داستىخان ئۈستىگە گۆش، كاۋاپ... دېگەندەك مول نازۇنېمەتلەر قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار هەدەپ يەپ ئىچىشمەكتە.

ئەمەتبەگ خۇشامەت بىلەن هىجىيىپ، قولىدىكى پەتنۇسقا سېلىنغان سەككىز دانە ئالتۇن يامبۇنى ۋاڭ لويىغا ئۇزىتىدۇ:

— شەنگەن جانابلىرىغا ئۆزۈمدىن بېرى پىقىرنىڭ غېرىپخانىسىغا ئاياغ بېسىش نېسىپ بولمىدى. بۈگۈن شەنگەن جانابلىرىنىڭ پىقىرنى پەس كۆرمەي غېرىپخانەمگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقى مېنى ئىنتايىن خۇشال

قىلدى. بۇ ئەرزىمەس نەرسىلەرنى كۆڭلۈم ئۈچۈن قوبۇل كۆرۈشلىرىنى تىلەيمەن!

ۋاڭ لوينىڭ پىستە كۆزلىرى قىسىلىپ خۇشاللىقتىن تىلىنى چىقىرىدۇ، قاقاقلاپ كۈلىدۇ. قولىغا قەدەھنى ئالىدۇ ۋە:

— بەگ سەندە تولا-تولا ياخشى، خوشە، — دەيدۇ.

قەدەھلەر جاراقلاپ بىر-بىرىگە ئۇرىلىدۇ.

## 70

كەچ، بەگنىڭ تاشقىرى ھۇجرىسى. بىر ساقچى غەرق مەست بولغان ۋاڭ لوينى يۆلەشتۈرۈپ تاشقىرى ئىشىككە قاراپ كەلمەكتە. ۋاڭ لويى كالامپاي دەسسەپ ماڭىدۇ. ئۇلار ئىشىك تۈۋىگە كېلىشىگىلا پەتنۇستا كاۋاپ كۆتۈرۈپ ھۇجرىغا كىرىۋاتقان گۈلجامال بىلەن دوقۇرۇشىدۇ. ۋاڭ لويى گۈلجامالنىڭ گۈزەل رۇخسارىغا قاراپ كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ، لىۋىنى يالايدۇ. شەھۋانە ھىجىيىدۇ.

— ئا... گۈزەل كىز!— ... دەيدۇ ئۇ كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، ئاندىن ئارقىسىغا قارايدۇ. ئارقىسىدىن چىققان بەگكە قاراپ تامىقىنى چاكىلدىتىدۇ. ھەر ئىككىسى قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىدۇ.

## 71

كېچە، بەگنىڭ ھۇجرىسى. بەگ پۇشۇلداپ چۈشەكتىن ئىنجىقلاپ تۇرىدۇ. ئۇ ئىشىك يېنىدا يەرگە قاراپ تۇرغان گۈلجامالغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ سۆزلەيدۇ:

— شەنگەن جانابلىرىنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالغان ئوخشايسەن. ئۇ سېنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ، كىرىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالغىن! ۋاڭ لويې دوسلۇققا يارايدىغان، قولى ئوچۇق ئادەم، ئىلتىپاتىنى ئايىمايدۇ.

گۈلجامالنىڭ چىرايى غەزەپلىك تۈسكە كىردى. ئۇ ئۆزىنى ئاران-ئاران بېسىپ تۇرۇپ:

— ئۆز ئەمرىدىكى خوتۇننى ياتىباش كىشىگە سولاپ بېرىشنى ۋىجدانى كۆتۈرىدىغان ئەرنى بۈگۈن كۆرۈۋاتىمەن! بۇنداق پەسكەشلىكنى ئادەم تۈگۈل بىر ئېغىلدا ياتقان ھايۋانمۇ قىلماس!...، — دەيدۇ.

بەگنىڭ چىرايى موردەك تاتىرىپ، كۆزلىرى چاچراپ چىقىپ كەتكۈدەك چەكچىيىدۇ. ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ دەيدۇ:

— ئاغزىڭنى يۇم، تېگى پەس بۇزۇق شەرمەندە! شۇنى بىلىپ قويغىن، سەن مېنىڭ ئەمرىمدىكى خوتۇن ئەمەس، مەن سېنى ئاللىقاچان تالاق قىلىۋەتكەن. سەن مېنىڭ ئايىغىمدىكى بىر سېسىق قول. ئەگەر دېگىنىمگە كۆنمەيدىكەنسەن تىرىك كۆمۈۋېتىمەن!...

گۈلجامال قىلچە قورقماستىن بەگنىڭ ئالدىغا بىر قەدەم مېڭىپ مەسخىرە بىلەن:

— ھىم! ئۆلتۈرىمەن دەپ قورقۇتماقچىمۇ؟ ئاللىقاچان ئۆلۈپ بولغانمەن. ئەمدى تېنىمنى ئۆلتۈرسەڭ رازىمەنكى ئۆزۈمنى بۇلغىمايمەن. ۋاڭلويېنىڭ كۆڭلىنى ئالىدىغان ئىشقا چوڭ خېنىملار ناھايىتى ئۇستا، شۇلارنى سولاپ بەرگىن، مۇرادىڭغا يەتكۈزىدۇ، — دەيدۇ.

بەگ غەزەپتىن كالىدەك ھۆركىرەپ، ئېتىلىپ كېلىپ گۈلجامالنىڭ كانىيىدىن بوغىدۇ. گۈلجامال ئۇنىڭ قولىنى قاتتىق چىشلىۋالىدۇ. بەگ داد-پەرياد قىلىپ گۈلجامالنى قويىۋېتىدۇ، پۇتىغا پۇتلىشىپ تۇرغان

لاخشكىرنى ئېلىپ گۈلجامالنىڭ بېشىغا ئۇرىدۇ. گۈلجامالنىڭ پېشانىسىدىن ئېقىپ چۈشكەن قان شۈئان يۈزىنى بويايدۇ، ھوشسىزلىنىپ يىقىلىدۇ.

## 72

كېچە، بەگنىڭ ئۆيى ئارقىسىدىكى باغ. گۈلجامال، ئايىمخان بىلەن ئــەلــەملىك قۇچاقلىشىدۇ، ھەر ئىككىسى ئۆكسۈپ يىغلىشىدۇ. ئايىمخان يــانچۇقىدىن قاتمۇقات ئەسكى لاتىغا ئورالغان بەش دانە ئاق تەڭگىنى چىقىرىپ گۈلجامالغا تۇتقۇزۇپ:

— بۇنى ئالغىن، جاھاننىڭ ئېتىگى كەڭرى، بۇ يەردە تۇرىۋەرسەڭ پات ئارىدا سېنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ، — دەيدۇ.

ئايىمخان بىلەن گۈلجامال يەنە قۇچاقلىشىدۇ.

## 73

كۈندۈز، سېلىمخاننىڭ ھۇجرىسى. بەگ سېلىمخان بىلەن چىرمىشىپ ئولتۇرىدۇ. بىر غالچا ھودۇقۇپ كىرىپ كېلىدۇ-دە:

— غوجام، غوجام... گۈل... گۈلجامال قېچىپتۇ، — دەيدۇ.

— ھە؟!— ... ، — دەپ، بەگ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىدۇ. سېلىمخان تۇمشۇقىنى تولغاپ:

— ھــم، ھــەرنېمە قىلىپ بولسىمۇ تالادىن يەنە بىرنى تۇغۇپ بېرەرمىكىن دېسەم... ، — دېيىشىگە، بەگ:

— ئاغزىڭنى يۇم! ھۇ گالۋاڭ نان قېپىلار دەرھال قوغلاپ بېرىپ، ئۆلۈكى بولامدۇ، تىرىكى بولامدۇ تېپىپ كېلىش! — دەيدۇ غەزەپ بىلەن.

## 74

كۇندۇز، بەگنىڭ دەرۋازىسى ئالدى.
دەرۋازىدىن بىر توپ غالچىلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ چىقىپ كېتىدۇ.

## 75

كېچە، بەگنىڭ ھۇجرىسى. بەگ تاقىر بېشىنى شاپىلاقلاپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ئولتۇرىدۇ. دېدەك قىز پەتنۇستا چاي كۆتۈرۈپ كىرىپ بەگكە سۇنىدۇ. بەگ پەتنۇسقا بىر ئۇرۇپ چاينى ئۆرۈۋېتىدۇ. شۇ چاغدا بىر غالچا ھاسراپ-ھۆمدەپ كىرىپ دەيدۇ:
— غو... غوجام، ئىزدىمىگەن ھېچ يېرىمىز قالمىدى، ئۇنى تاپالمىدۇق.
بەگ غالچىنى ھاپپاق بىلەن ئۇرىدۇ.

## 76

قىش، كۈندۈز، تاغ جىلغىسى.
لەپىلدەپ قار ياغماقتا.
جىلغا ئىچىدە ئېشەككە ئوتۇن ئارتقان بىرقانچە ئوتۇنچىلار كېتىپ بارماقتا.
جىلغىدىكى چىغىر يولدا بۆرە يەپ يېرىم ياتا قىلىپ قويغان بىر ئايالنىڭ جەستى ياتىدۇ، ئوتۇنچىلار جەسەتنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىدۇ. ياش، كورەك تۇماق بىرسى:
— بۇ ھېلىقى بەگنىڭ كىچىك خوتۇنى گۈلجامالخانىنىڭ جەسىتىدەك

قلىدۇ. رەھمەتلىك بىر بۆرىدىن قۇتۇلۇپ يەنە بىر بۆرىگە يەم بوپتۇ-دە!
— دەيدۇ.

## 77

كېچە، ئايىمخاننىڭ غېرىپخانىسى.
ئايىمخان جايناماز ئۈستىدە كۆزىدىن ياش تۆكۈپ سۆزلەيدۇ:
— رەھمەتلىك گۈلجامال رازى بولغىن دوستۇم. ياتقان يېرىڭ جەننەت بولسۇن، بۇ دۇنيادا ھېچنېمىنىڭ راھىتىنى كۆرەلمەي ئاخىر بۆرىلەرگە يەم بولۇپسەن.

## 78

ياز، كۈندۈز. كېرەم ھاجىمنىڭ ھويلىسى.
ھويلىدا توي بولماقتا. سازەندىلەر توي نەغمىسى قىلماقتا. ياشلار ئۇسسۇل ئوينىماقتا. داستىخانغا قويۇلغان لىگەنلەردىكى پولۇلارغا قوللار ئۇزىتىلماقتا. ئەمەلدار، ئاخۇن، بەگلەر بىر-بىرىگە خوش-خوش ئېيتىشىپ گۆشلەرنى ئاچكۆزلۈك بىلەن يېيىشمەكتە.

## 79

كۈندۈز، كېرەم ھاجىمنىڭ ھەشەمەتلىك مېھمانخانىسى.
يوغان سەللە ئورىغان قېرى ئاخۇنۇم نىكاھ ئوقۇماقتا. بىرمۇنچە ئايەتلەردىن كېيىن ئاخۇنۇم ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ئەمەتبەگكە:

— ئىسلىماخۇندىن تامغان، بۇۋى پاتىمەخاندىن تۇغۇلغان ئەمتاخۇن بـەگ، ئـۆز رازىلىقلىرى بىلەن يۇرت كاتتىلىرىدىن بىرى بولغان كېرەم هـاجىمنىڭ قىزى نۇسرەت خېنىمنى ئەمرىلىرىگە ئالدىلىمۇ؟ — دەيدۇ. ئەمەتبەگ:

— ئالدىم، — دەيدۇ.

ئاخۇنۇم يەنە بىرمۇنچە ئايەتلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن:

— كېرەم هاجىمدىن تامغان، هېلىمە خېنىمدىن تۇغۇلغان نۇسرەت خېنىم ئۆز رازىلىقلىرى بىلەن ئەمەتبەگنىڭ هالال خوتۇنلىقىغا تەگدىلىمۇ؟ — دەيدۇ.

## 80

كۇندۇز، يان هۇجرا.

چۇمبەلگە پۈركەنگەن نۇسرەت خېنىم هۇ تارتىپ يىغلىماقتا. ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقان ياش چوكان-قىزلار پاراقلاپ كۈلۈشمەكتە. ئىككى ئايال كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىككى ئەر كىرىدۇ. بىر ئايال چۇمبەلنى سەل قايرىپ تۇرۇپ:

— نۇسرەت خېنىم ئەمەتبەگكە تەگدىلىمۇ؟ — دەپ سورايدۇ.

نـۇسـرەت خـېنىم سۇنئىي يىغىسىنى توختىتىپ پىسىڭگىدە بىرنى كۈلۈپ:

— تەگدىم، — دەيدۇ.

شۇئان قاتتىق قىقاس-چۇقانلىق كۈلكە كۆتۈرۈلىدۇ.

## 81

كېچە، ئەمەتبەگنىڭ هۇجرىسى.

نــۇسرەت خېنىم ئەينەك ئالدىدا قاش-قاپاقلىرىنى سۈزۈپ شەيتان خۇلقى بىلەن كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ئولتۇرىدۇ. ئىككى يەڭگە خوتۇن ئۇنى پەدازلىماقتا. ھۇجرىغا ئەمەتبەگ ھىجىيىپ كىرىپ كېلىدۇ. ئىككى يەڭگە خوتۇن بەگكە تەزىم قىلىپ چىقىپ كېتىدۇ. بەگ كېلىپ نۇسرەت خېنىمنى ئــــﯔىكىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قارىتىدۇ. قويۇق ساقال ئارىسىدىكى قېلىن كالپۇكنى نۇسرەت خېنىمنىڭ ئاغزىغا يېقىن ئەكېلىدۇ. نۇسرەت خېنىم بەگنىڭ ئاغزىغا يېنىككىنە ھاپپاق بىلەن ئۇرىدۇ. بەگ كۈتۈلمىگەن زەربىدىن كۆزىنى چەكچەيتىپ قارايدۇ. شۇ چاغدا نۇسرەت خېنىم بەگنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ ئۇنى سۆيىدۇ. بەگ خۇشال ھىجىيىدۇ.

## 82

كېچە، مەرەمخاننىڭ ھۇجرىسى.
مەرەمخان ئورنىدا يېتىپ، ئۇخلىيالماي ئۇياقتىن-بۇياققا تولغىنىدۇ.

## 83

كېچە، سېلىمىخاننىڭ ھۇجرىسى.
سېلىمىخان ئىچ كىيىملىرى بىلەن ئەينەككە قاراپ، يۈزلىرىگە ئۇپا سۈرمەكتە.

ھۇجرىغا بىر ياش غالچا ھىجايغان ھالدا كىرىپ كېلىدۇ.

— خېنىم مېنى چاقىرتىپتىكەنلا، — دەيدۇ.

سېلىمىخان ئارقىسىغا ئۆرۈلمەي تۇرۇپ سۆزلەيدۇ:

— ھەئە، يېنىمغا يېقىن كەل، قۇلقىڭغا دەيدىغان گېپىم بار.

غالچا قورقۇمسراپ ئۇنىڭ يېنىغا يېقىن كېلىپ ئىڭشىپ قولىقىنى سېلىمىخانغا يېقىن قىلدۇ. سېلىمىخان كاپ قىلىپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدۇ.

## 84

ياز، كۈندۈز. ئەمەتبەگنىڭ هويلىسى.

ئەمەتبەگ بىلەن نۇسرەت خېنىم هۇجرىدىن بىرگە چىقىپ قاقاقلاپ كۈلۈشكەن، نۇسرەت خېنىم بەگكە ئەركىلىگەن هالدا باغقا چىقىپ كېتىدۇ. هويلىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئىككى دېرىزىدىن سېلىمىخان بىلەن مەرەمخان كۈندەشلىك ئوتى ئىچىدە غەزەپ بىلەن چەكچىيىشىپ بەگ بىلەن نۇسرەت خېنىمنىڭ ئارقىسىدىن قارىشىپ قالىدۇ. مەرەمخان بارماقلىرىنى چىشلەيدۇ.

## 85

كۈندۈز، باغ ئىچى.

شىرئېلى پىشىپ مەي بولۇپ كەتكەن ئۆرۈك ئۈستىدە ئۆرۈك ئېغىتىدۇ. تۇرسۇنئاي چۈشكەن ئۆرۈكلەرنى تەرمەكتە. شىرئېلى ئۆرۈك ئۈستىدە تۇرۇپ:

— تۇرسۇنئاي ئۆرۈكنىڭ ئۇچكىسىنى قانداق قىلىسىز؟ — دەيدۇ.

تۇرسۇنئاي:

— چېقىپ مېغىزىنى ئايرىپ تىزىق تىزىمەن —، دەيدۇ. شىرئېلى:

— تىزىقنى قانداق قىلىسىز؟ — دەپ سورايدۇ. تۇرسۇنئاي:

— بىرسىگە بېرىمەن، — دەيدۇ. شىرئېلى:

— كىمگە؟ — دەيدۇ.

تۇرسۇنئاي بەخت ئۇچقۇنى چاچراپ تۇرغان شەهلا كۆزلىرىنى ئۆرۈك

شىخىدا ئۆزنگە قاراپ تۇرغان شىرئېلىغا تىكىپ كۆزىنى قىسىپ تۇمشۇقىنى پۇرۇشتۇرىدۇ. شۇئان ھەر ئىككىسى قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ كېتىدۇ. بىردىنلا ھەر ئىككىسىنىڭ كۈلكىسى توختاپ قالىدۇ. ئاپپارات يىراق بولمىغان جايدىكى قېرى ئۆرۈكنىڭ دالدىسىدا ئۇلارغا تىكىلىپ قاراپ تۇرغان بەگ بىلەن نۇسرەت خېنىمغا يۆتكىلىدۇ.

## 86

كۈندۈز، ياز.

باغ ئىچىدىكى ئۆرۈك سايىسىدا تۇرسۇنئاي ئاق رەختكە گۈل ئىشلەپ ئولتۇرىدۇ. شىرئېلى ئارقىسىدىن ئاستا كېلىدۇ. تۇرسۇنئاي سەزمەيدۇ. شىرئېلى ئۇنىڭ قولىدىكىنى تارتىۋالىدۇ. تۇرسۇنئاي "ۋاي" دەپلا چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ، شىرئېلىنى كۆرۈپ قىزىرىپ، يەرگە قارايدۇ. شىرئېلى:

— بۇنى قانداق قىلىسىز؟ — دەپ سورايدۇ.

تۇرسۇنئاي لېۋىنى چىشلەپ:

— ئۆزۈم بىلمەن. ئەشۇ رەختكە بىر تومۇرچۇقنىڭ رەسىمىنى سىزىپ بەرگەن بولسىڭىزلا...، دەپ جىمىپ قالىدۇ.

بەگ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا پەيدا بولۇپ:

— تۇرسۇنئاي، — دەپ چاقىرىدۇ.

ھەر ئىككىسى چۆچۈشۈپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ بەگنى كۆرۈپ ھودۇققان ھالدا بىر-بىرىگە قارىشىدۇ، بەگ سۈرلۈك ھالدا ئىككىسىگە تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن:

— ئاچاڭنىڭ ساقلىقى يوق بولۇپ قالدى، بۇ يەردە ھە دېسىلا ھىجاقلاپ يۈرمەي ئاچاڭنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغىن! قىز بالا چوڭ بولۇپ

قالغاندا تولا كۇلسە يامان بولىدۇ، بىلدىڭمۇ؟ — دەيدۇ. تۇرسۇنئاي:

— بىلدىم بەگ ئاكا، — دەپ بەگكە تەزىم قىلىپ يەرگە قارىغان هالدا كېتىدۇ. بەگ شىرئېلىغا چەكچىيىپ تۇرۇپ:

— سەن يىقىندىن بېرى قىنىڭغا سىغماي قېلىۋاتىسەن، ئۆينىڭ ئىشلىرى بىلەن كارىڭ يوق لاغايلاپ يۈرسەن، هوشۇڭنى بىلىپ يۈر، بولمىسا كۆرگىلىكىڭنى كۆرسەن مەندىن، — دەپ ئاچچىق قىلىدۇ.

شىرئېلى باش ئېگىپ تۇرۇپ:

— خوش دادا، — دەيدۇ.

## 87

كۈندۈز، نۇسرەت خېنىمنىڭ هۇجرىسى.

چۈشەك ئۈستىدە ياتقان نۇسرەت خېنىمغا تۇرسۇنئاي دورا ئىچكۈزمەكتە.

## 88

كېچە، بەگنىڭ خاس هۇجرىسى.

تۇرسۇنئاي ماموق ياستۇق، ئورۇن-كۆرپىلەرنى گىلەم ئۈستىگە سېلىپ ئورۇن راسلىماقتا، هۇجرىغا بەگ كىرىپ كېلىدۇ.

ئۇ، بەگنىڭ بەلبېغىنى يېشىپ، پەرىجىسىنى سالدۇرۇپ، دوپپىسى بىلەن پەرىجىسىنى ئاپىرىپ كىيىم ئاسقۇچقا ئىلىدۇ.

بەگ شەهۋانىيلىق چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن تۇرسۇنئاينىڭ زىبا قامىتى، چاققان هەرىكەتلىرىگە قاراپ هىجىيىدۇ. تۇرسۇنئاي بەگكە تەزىم

قىلىپ:
— خۇداغا ئامانەت بەگ ئاكا، — دەپ ھۇجرىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

## 89

كۇندۇز، بەگنىڭ ھۇجرىسى.
بەگ ماھۇق ياستۇقتا يۆلىنىپ يانپاشلاپ ياتىدۇ. بىر دېدەك قىز ئۇنىڭ پۇتلىرىنى، دۈمبىلىرىنى تۇتماقتا.
ھۇجرىغا چاشقان بۇرۇت، ئېگىز بىر تېۋىپ تەزىم قىلىپ، ھىجايغان ھالدا كىرىپ كېلىدۇ.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بېگىم، — دەيدۇ بەگكە.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. كەلدىڭمۇ تېۋىپ، — دەيدۇ بەگ.
بەگ ئورنىدىن قىمىرلاپ قويۇپ تېۋىپقا ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلىدۇ. تېۋىپ ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ. بەگ دېدەككە چىقىپ كېتىش ئىشارىتى قىلىدۇ. دېدەك تەزىم قىلىپ چىقىپ كېتىدۇ.
بەگ تېۋىپقا سىرلىق كۈلۈمسىرەپ:
— دورىنى ئەپكەلدىڭمۇ؟، — دەپ سورايدۇ.
تېۋىپ خۇشامەت بىلەن ھىجىيىپ قوينىدىن بىر ناسۋال قاپىقىنى چىقىرىپ بەگكە ئۇزىتىدۇ.

## 90

كەچ، نۇسرەت خېنىمنىڭ ھۇجرىسى.
كېسەلدىن تاتىرىپ كەتكەن نۇسرەت خېنىم چۈشەكتە ئىڭراپ ياتىدۇ.

ئۇنىڭ تۇمشۇقلىرىدا تەر تەپچىرەيدۇ. تۇرسۇنئاي ئاچىسىنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ ئۇنى يەلپۈمەكتە، ھۇجرىغا بەگ كىرىپ كېلىدۇ. تۇرسۇنئاي ئورنىدىن تۇرۇپ بەگكە تەزىم قىلىدۇ. بەگ:

— تۇرسۇنئاي پىيالە ئەپكەل. بۈگۈن ھېلىقى تېۋىپقا بۇيرىغان قىممەتلىك، شىپالىق دورىنى ئەپكەپتۇ. ئاچاڭغا ئىچكۈزۈپ قويايلى! — دەيدۇ.

تۇرسۇنئاي پىيالىنى ئەپكېلىدۇ. قول ياغلىقتىكى كۇمۇلاچ دورىنى پىيالىغا قۇيىدۇ. ئۈستىگە چاي قۇيۇپ قوشۇقتا ئېلىشتۇرىدۇ.

تۇرسۇنئاي ئىڭراپ ياتقان ئاچىسىنىڭ بېشىنى يۆلەپ تۇرۇپ دورىنى ئىچكۈزىدۇ. بەگنىڭ چىرايىدا زەھەرلىك تەبەسسۇم پەيدا بولىدۇ. بەگ:

— سەن چىقىپ ئورۇن كۆرپىلىرىمنى راسلاپ قويۇپ ئۇخلىغىن، ئاچاڭغا مەن بىردەم قاراي، — دەيدۇ.

تۇرسۇنئاي بەگكە تەزىم قىلىۋېتىپ، چىقىپ كېتىدۇ. ئىڭراۋاتقان نۇسرەت خېنىم بىردىنلا جىمغىنا ئۇيقۇغا كېتىدۇ. بەگ كۈلۈپ قويۇپ ئورنىدىن تۇرىدۇ.

## 91

كەچ، بەگنىڭ خاس ھۇجرىسى.

تۇرسۇنئاي ئورۇن-كۆرپىلەرنى سالماقتا.

ھۇجرىغا بەگ كىرىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ قولىدا پىيالە بار. تۇرسۇنئاي بەگكە تەزىم قىلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولىدۇ. بەگ:

— ماۋۇ دورىنى سەنمۇ ئىچىۋالغىن. ئاچاڭنىڭ كېسىلى ساڭمۇ يۇقۇپ قالمىسۇن، سەن داۋاملىق ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمەن دەپ ئۇنىڭ يېنىدا

تۇرسەن، ــــ دەيدۇ.

تۇرسۇنئاي قورقۇمسراپ بەگنىڭ قولىدىن پىيالىنى ئېلىپ دورىنى ئىچىدۇ. ئاندىن چىقىپ كېتىدۇ. بەگ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ ھىجىيىدۇ.

## 92

كېچە، تۇرسۇنئاينىڭ ھۇجرىسى.

تــۇرســۇنئاي بېشى قايغان، كۆزلىرى ئېلىشقان ھالدا دەلدۈگىنىپ ھۇجرىغا كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ ھۇجرا ئوتتۇرىسىغا بېرىپلا يەرگە يىقىلىدۇ.

ھۇجرىغا بەگ ھىجايغان ھالدا كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ ئىشىكنى يېپىپ ئىچىدىن تاقايدۇ.

بەگ تۇرسۇنئاينى قۇچىقىغا ئالىدۇ، تۇرسۇنئاي كۆزلىرىنى يۇمغان ھالدا لەۋلىرىنى قىمىرلىتىپ قويىدۇ. بەگ تۇرسۇنئاينىڭ لېۋىگە سۆيىدۇ.

تۇرسۇنئاي چۇشەك ئۈستىگە ياتقۇزۇلىدۇ. كىيىملىرى يېشىندۈرۈلىدۇ. چىراغ ئۆچۈرۈلىدۇ.

## 93

ئەتىگەن، تۇرسۇنئاينىڭ ھۇجرىسى.

تــۇرســۇنئاي چۇشەكتە چاچلىرى چۇۋۇلغان ھالدا ياتىدۇ. ئۇنىڭ بەدەنلىرى ياپراقتەك تىترىمەكتە.

## 94

كۇندۇز، بەگنىڭ خاس ھۇجرىسى.

بەگ ماموق ياستۇققا يۆلىنىپ يانپاشلاپ ياتماقتا. بىر دېدەك ئۇنى يەلپۈمەكتە. يەنە بىر دېدەك قىز ئۇنىڭ پۇتىنى تۇتماقتا، ئايىمخان بولسا دۇرۇت ئوقۇپ بەگكە ئوت كۆچۈرمەكتە.

## 95

كۈندۈز، تۇرسۇنئاينىڭ ھۇجرىسى.

ھۇجرىغا قاچىدا ئاش كۆتۈرگەن ئايىمخان كىرىپ كېلىدۇ. تۇرسۇنئاي ھەدەپ سەپرا قىلماقتا. ئايىمخان ئىشىك تۈۋىدىلا ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ قالىدۇ. ھۇجرىغا نۇسرەت خېنىم كىرىپ كېلىدۇ. ئۇمۇ تۇرسۇنئاينىڭ ھالىنى كۆرۈپ ئايىمخاننىڭ يېنىدا تۇرۇپ قالىدۇ.

تۇرسۇنئاي ھالسىزلانغان، نۇرى ئۆچكەن كۆزلىرىنى ئۇلارغا تىكىدۇ. ئۇنىڭ قاپاقلىرى ئولتۇرۇشقان، يۈزلىرىگە قارا داغلار چۈشۈپ يادىغان. بۇنى كۆرۈپلا نۇسرەت خېنىم بىلەن ئايىمخان تەڭ ئۇھ تارتىشىپ بىر-بىرىگە قارىشىدۇ ھەم تۇرسۇنئاينىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بارىدۇ.

## 96

كېچە، بەگنىڭ ھۇجرىسى.

بەگ سالپىيىپ، قاپاقلىرى سېلىنغان ھالدا ئولتۇرىدۇ. نۇسرەت خېنىم ھۆكرەپ يىغلىغان پېتى ھۇجرىغا كىرىپ بەگنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىدۇ.

— سىلى... سىلى... تۇر... تۇرسۇنئاينى...، — دەيدۇ. بەگ:

— ئۈنۈڭنى ئۆچۈر! سەن بۇنچىلا ۋالاقشىغۇدەك ئۇنچىلا چوڭ ئىش بولغىنى يوق. ئەگەر شۇنداق بولغان تەغدىردىمۇ قانداق قىلاتتىڭ؟ سېنى

قويۇۋېتىپ سىڭلىڭنى نىكاھىمغا ئالىمەن. ئىش تامام، ۋەسسالام! يەنە مۇشۇنداق قىلىپ، سۆز-چۆچەكنى كۆپەيتىۋەتسەڭ ئاقىۋەتتە ئۆزۈڭ زىيان تارتىپ قالىسەن!...، — دەيدۇ پوپۇزا قىلىپ.

نۇسرەت خېنىمنىڭ قوللىرى بەگنىڭ ياقىسىدىن ئاجراپ كېتىدۇ، ئۇ ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن بەگكە شەپقەت تىلىگەندەك تىكىلىپ قالىدۇ، ئۇ بىر پەستىن كېيىن بوشاشقان ھالدا:

— ئۇنىڭ يۈزىگە داغ چۈشۈپ، قورسىقى دۇمبىيىپ قاپتۇ. ۋاقتى يېتىپ تۇغۇپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ — دەيدۇ.

بەگ شاپ بۇرۇتى، كۆتمەك ساقىلىنى سىيلىغان ھالدا بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قالىدۇ. ئاندىن:

— بولغۇلۇق بولۇپ بولدى، ئوبدان بىر چارىسىنى تېپىپ بولغۇچە سەن بۇ ئىشنى بىلىندۇرمە، ھەم ئۇنىمۇ تولا-تىرىم سىرتقا چىقارمىغىن! — دەيدۇ. نۇسرەت خېنىم:

— ئىشنى ئارقىغا سۆرەۋەرمەي پات ئارىدىلا شىرئىلى بىلەن توينى قىلىۋېتەيلى! شۇنداق قىلساق يېپىقلىق تۇۋاق يېپىلغان بويىچە قالىدۇ، — دەيدۇ. بەگ چۆچۈپ كېتىدۇ.

— بـۇ... بۇ... قانداق بولا؟ — دەيدۇ ئۇ، ئۆيىنىڭ تورۇسىغا تىكىلگەن ھالدا. نۇسرەت خېنىم دىمىقىنى قاققان ھالدا:

— ھېچقانداق بولمايدۇ! ئىشنىڭ ئاقىۋېتىنى باشتىلا ئويلاش كېرەك ئىدى. ئەمدى دىلغۇلا بولۇپ تۇرىۋەرگەننىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. ئەگەر بۇ ئىشنى يۇرت بىلىدىغان بولسا ئۇ چاغدا...، — دەيدۇ.

بەگ شارت قىلىپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ نۇسرەت خېنىمغا گۇمان نەزىرى بىلەن قارايدۇ. ئۇ قولىنى شىلتىپ:

— بېشىمنى قاتۇرماي بىردەم چىقىپ تۇرە، — دەيدۇ.

بەگنىڭ قورقۇنۇشلۇق تەلەتىدىن شۈركەنگەن نۇسرەت خېنىم سەل ئەيمەنگەن هالدا هۇجرىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

بەگ چۈشەك ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلايدۇ. ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە نۇسرەت خېنىمنىڭ "بۇ ئىشنى ئارقىغا سۈرەۋېرىدىغان بولساق يۇرت-مەھەللە ئۇقىدىغان بولسا ئۇ چاغدا... يۇرت-مەھەللە ئۇقىدىغان بولسا ئۇ چاغدا، ... يۇرت-مەھەللە ئۇقىدىغان بولسا ئۇ چاغدا..." دېگەن سۆزلىرى بارغانسېرى كۈچىيىپ تەكرار ئاڭلىنىپ بەگنىڭ كۆزى چەكچىيىپ كېتىدۇ.

بەگنىڭ كۆڭلىدىن مۇنۇ خىيال كېچىدۇ: "ئەگەر ئۇنى شىرئېلىغا چېتىۋەتسەم ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا ئاتا-باللىق..."، بەگ ئۆز خىيالىدىن ئۆزى چۆچۈپ كېتىدۇ. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىپ يەنە لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالىدۇ. يەنە سوزۇلۇپ ئوڭدا ياتىدۇ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا چوڭ خوتۇنى مەرەمخان پەيدا بولىدۇ. مەرەمخان مەسخىرىلىك كۈلۈپ مۇنداق دەيدۇ: "سىلە ئۇ پەس گادايىنىڭ قىزىدىن بىر ئوغۇل كۆردۈم دەيلا. مانا ئەمدى ئاشكارا بولدىغۇ؟ قاراپ باقسىلا ئۇ بالا سىلىگە ئوخشامدۇ ياكى ساۋۇت دېگەن كۆكتۆشكىمۇ؟ ھىم...". بەگنىڭ ئاۋازى: "ئاغزىڭنى يۇم قانجىق". ئۇنىڭ قولى كۆرۈنۈپ مەرەمخاننى هاپپاق بىلەن سالىدۇ. سۈرەت شۇ يەردە غايىب بولىدۇ.

بەگنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە بىر سۈرەت يەنى ساۋۇت بىلەن شىرئېلىنىڭ سۈرىتى پەيدا بولىدۇ. بۇ ئىككى چىراي بىر-بىرىگە شۇنچىلىك ئوخشاش كۆرۈنىدۇكى، بەگنىڭ كۆزلىرى غالجىرانە چەكچىيىدۇ. ئۇ ئىختىيارسىز:

— هارامدىن تۆرەلگەن ئىت، بەچچە!...، — دەپ ۋارقىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ.

ئۇ سىرتقا قاراپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرايدۇ:

— هوي نۇسرەت، هوي نۇسرەت!...

نۇسرەت خېنىم ئالاقزادە بولۇپ ھۇجرىغا كىرىپ كېلىدۇ. بەگ:
— سېنىڭ دېگىنىڭچە بولسۇن. تېزرەك تەييارلىققا تۇتۇش قىلغىن! كارۋانلار يولغا چىقىپتۇ. شىرئېلى ئىشىكتىن كىرگەن ھامان ئىككىسىنىڭ نىكاھىنى ئوقۇتۇۋېتىمىز.
بەگ سۆزىنى تۈگىتىپلا ھۇجرىدىن چىقىپ كېتىدۇ. نۇسرەت خېنىم ئۈستىدىن تاغ غۇلاپ چۈشكەندەك بىر ئۇھ تارتىپ، كۆز يېشىنى سۈرتۈپ كۈلۈمسىرەيدۇ.
ئەسلىمە تۈگەيدۇ.

## 97

قىش، كېچە، ئايىمخاننىڭ غېرىپخانىسى.
ئايىمخان كۆز يېشىنى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتىدۇ. شىرئېلىنىڭ چىرايى ئۆلۈكتەك تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، بوغۇزلانغان قويغا ئوخشاش خاقىرايدۇ. ئېغىر-ئېغىر تىنىدۇ، ئايىمخان شىرئېلىنىڭ بۇ كەيپىياتىنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىدۇ. شىرئېلى كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى شارت قىلىپ يىرتىپ تاشلاپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان ھالدا:
— ئى خۇدا، مۇشۇنداق ياۋۇزلۇق ھەم قەبىھلىككە قانداقمۇ چىداپ تۇرىدىغانسەن!؟ ئىمان ئېيتقان بىر مۆمىن بەندەڭگە شۇنچە ئازاب ۋە خورلۇقنى قانداقمۇ راۋا كۆرگەنسەن؟! — دەپ نىدا قىلىدۇ.
شىرئېلى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىدۇ.
ئىشىك تەرەپكە قاراپ ئېتىلىدۇ. لېكىن ئىككى-ئۈچ قەدەم مېڭىپلا سەنتۈرۈلۈپ يەرگە يىقىلىدۇ، قورقۇپ كەتكەن ئايىمخان ”ۋايجان!...“ دەپ ۋارقىرىۋېتىدۇ. ئۇ يىگىتنى قولتۇقىدىن يۆلەپ تەستە سۇپا ئۈستىگە

ئەپچىقىپ ياتقۇزىدۇ. چېكىسىنى ئۇۋۇلايدۇ.
شىرئېلى تېزلا ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچىدۇ، ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇپ زورىقىدۇ، لېكىن ئورنىدىن تۇرالمايدۇ. ئۇ ئايىمخاننىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ ھالسىز پىچىرلايدۇ:
— ئايىمخان ئاچا، سىلە ھەممىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق نەچچە ۋاقىتتىن بېرى نېمە ئۈچۈن ماڭا ھېچنەرسىنــى ئېــيتــمــىدىلا، نېــمــىشقا ئېيتمايلا، ھە؟...
ئايىمخان:
— مەن... مەن بۇنــى ئېيتــىشقا قانداقمۇ جۈرئەت قــىلالايــمەن غوجام؟! — دەيدۇ يىغلامسىراپ، — ئەگەر بۇنى دادىلىرى بىلىپ قالغۇدەك بــولــسا، ئاغزىمغا قوغۇشۇن قۇيۇپ، تىرىك پېتىمچە يەرگە كۆمۈۋەتكەن بولاتتى. ئۆز جېنىمدىن ئۈنچىلامۇ ئەنسىرەپ كەتمەيتتىم، لېكىن ئۇزۇن يــىــلــلاردىن بېرى ئىچىمدىن سىرتقا چىقىرالماي يۈرىكىمنى قان-زەرداپ قــىــلــىۋەتكەن بۇ سەرگۇزەشتىلەرنى بىرسىگە سۆزلەپ بېرىپ، ئىچىمنى بوشىتىۋالغۇدەك ئىمكانىيىتىم بولمىغانىدى، بۈگۈنكى مۇشۇ پەيتتە ئېيتماي بولمىدى. ئەمدى ئۆلسەممۇ ئارمانسىز كېتىمەن...
شىرئېلى:
— خەير بوپتۇ، تەقدىرىم شۇنداق ئىكەن. مېنىڭ بۇ قاراڭغۇ دوزاختا ئەمدى بىردەممۇ چىداپ تۇرۇشقا تاقىتىم قالمىدى. مېنى ئانامنىڭ قەبرىسىگە باشلاپ بارسىلا، مەن قەبرە ئالدىدا تىز چۆكۈپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭدىن رازىلىق تىلەيمەن. ئاندىن كېيىن مېنى مېھرىبان ئانامدىن، سۆيگەن يايرىمدىن، ھەممىدىن، ھەممە نەرسەمدىن ئايرىغان ياۋۇزلاردىن ئۆچ ئالىمەن! — دەيدۇ غەزەپ بىلەن.
ئايىمخان ئۇن سېلىپ يىغلىۋېتىدۇ، ئۇ ئېسەدەپ تۇرۇپ:

— مۇنچىۋالا ئازابلانمىسىلا غوجام، ئۇلۇغ خۇدايىم ھېلىمۇ پېشانىلىرىنى ئوك قىلغانىكەن. گۈلجامالخانىنىڭ ئۆلگەنلىكىگە ئىشەنمىگەنىدىم. لېكىن بۈگۈنكى كۈنلۈكتە قايتىدىن ئۇچرىشىپ قېلىشىمنى زادىلا خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقماپتىكەنمەن. تۈنۈگۈن ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ھايات ئىكەن بىچارە!...، — دەيدۇ. شىرئېلى:

— نېمە دەۋاتىسىلا ئايىمخان ئاچا؟! بۇ قانداقچە...، بۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ — دەيدۇ. ئايىمخان:

— راست دەۋاتىمەن غوجام. بىچارىنىڭ بۇ ئالەمدە رىسقى تۈگىمىگەنىكەن. بۇنىڭغا ئىشەنسىلە، مەن ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ھە راست سىلىمۇ كۆردىلىغۇ؟...، — دەيدۇ. شىرئېلى:

— قاچان نېمىنى كۆردۈم؟ — دەيدۇ. ئايىمخان:

— ئەتىگەن ئۆز قوللىرى بىلەن سەدىقە بەرگەن ھېلىقى ئايال ...، دەسلەپ مەن ئۇنى تونۇيالماپتىمەن. كېيىنرەك ئۇنىڭ ئەشۇ گۈلجامالخان ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم، — دەيدۇ.

ئەسلىمە.

## 98

كۈندۈز، بەگنىڭ ئىشىك ئالدى.

ئايىمخان گۈلجامالغا پارچە نان تەڭلەيدۇ. گۈلجامال ناننى ئالماي ئايىمخانغا تىكىلىپ قارايدۇ.

ئىچكىرىدىن شىرئېلى چىقىدۇ. ئۇ گۈلجامالغا ئىچ ئاغرىتىش نەزىرى بىلەن قاراپ، يانچۇقىدىن ئاق تەڭگە چىقىرىپ گۈلجامالغا تەڭلەيدۇ. گۈلجامال كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆككەن ھالدا تەڭگىنى ئالىدۇ.

## 99

كۈندۈز، ئەمەتبەگنىڭ ھويلىسى.

بەگ گۈلجامالغا قوللىرىنى شىلتىپ تىل سالماقتا. گۈلجامالنىڭ قولىدىكى تاۋاق يەرگە چۈشۈپ چېقىلىپ ئاش تۆكۈلىدۇ. گۈلجامال بېشىدىكى ئەسكى تۇماقنى ئېلىپ چۆرۈۋېتىدۇ. پېشانىسىدىكى تارتۇق كۆرۈنىدۇ. بەگ چۆچۈپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىدۇ. گۈلجامال قاقاقلاپ كۈلىدۇ. ئەسلىمە تۈگەيدۇ.

## 100

كېچە، ئايىمخاننىڭ غېرىپخانىسى.

شىرئېلىنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىق ئىچىدە ياشقا تولىدۇ.

— قېنى ئۇ؟ ... مېنىڭ ئانام... قېنى؟! —دەيدۇ.

— سىلە خاتىرجەم بولسىلا غوجام، ئۇ چوقۇم مۇشۇ ئەتراپتىن ئۇزاپ كەتمىدى. مەن تاڭ يۇرۇشى بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، قۇلۇم-قوشنىلاردىن سۈرۈشتە قىلىپ خەۋىرىنى بېرىمەن، — دەيدۇ ئايىمخان.

ئايىمخان سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە بىر ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ يالۋۇرۇپ:

— ئۆمۈرلىرىگە دۇئا قىلاي غوجام، مېنىڭ يۈز خاتىرەم ئۈچۈن بولسىمۇ گېپىمگە كىرىپ خېنىمنى يوقلاپ چىقسىلا، قايغۇ-ھەسرەتتىن يۈرىكى يېرىلىپ كەتمىسۇن ئۇ بىچارىنىڭ!... ئۇنىڭدا نېمە گۇناھ بار دەيلا ... بۇنىڭ ھەممىسىگە ئاشۇ... تاش يۈرەك دادىلىرى ئەيىبلىك!...، — دەيدۇ.

شرئېلىنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرسۇنئاينىڭ سولغۇن، مۇڭلۇق چىرايى، تىكىلىپ تۇرغان ياشلىق كۆزلىرى كۆرۈنىدۇ. شىرئېلى "شورلۇق قىز! ..." دەپ پىچىرلاپ، ئورنىدىن تۇرىدۇ.

## 101

كېچە، توي ئۆچۈن راسلانغان ئۆي.

شىرئېلى قورۇق تۇرغان ئورۇنغا قاراپ چۆچۈپ كېتىدۇ. ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە قاراپ چىقىدۇ. قىز كۆرۈنمەيدۇ.

## 102

ئەتىگەن، باغ ئىچى.

يان ئىشىكتىن چاكار بوۋاي ئۆرىنى كۆتۈرۈپ باغقا كىرىدۇ. بوۋاي قىرى ئۆرۈك شېخىدا ئېسىلىپ، كۆزى ئوچۇق ھالدا قېتىپ قالغان تۇرسۇنئاينى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ قولىدىكى ئۆرىنى يەرگە چۈشۈپ چېقىلىدۇ. سۇ يەرگە تاراپ ھور كۆتۈرۈلىدۇ.

## 103

ئەتىگەن.

بەگ ئوردىدا يېتىپ تاتلىق ئۇخلىماقتا. ئىشىكنىڭ تاراقلاپ ئېچىلىشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، ئالاقزادە بولۇپ كىرگەن چاكارغا ۋارقىرايدۇ:

— نېمە بولدى، ئىت پوق يېمەستە ئىت قوغلىغان گاچىدەك كىرىپ ئادەمنى نېمانداق بىسەرەمجان قىلىسەن؟
چاكار ئالاق-جالاق بولغان ھالدا:
— غوجام، غوجام، تۇرسۇنئاي خېنىم ئېسىلىپ ئۆلۈۋاپتۇ، — دەيدۇ.
— ھە؟! — دەيدۇ بەگ. بەگنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىدۇ.

## 104

ئەتىگەن.
ئۆي ئىچىدە تۇرسۇنئاينىڭ جەستى ياتىدۇ. ئايىمخان ئۆكسۈپ يىغلىغان ھالدا، تۇرسۇنئاينىڭ ئوچۇق قالغان كۆزىنى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن يۇمدۇرىدۇ. نۇسرەت خېنىم ھۇ تارتىپ يىغلىغان پېتى كىرىپ جەسەت ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلايدۇ.

## 105

كۈندۈز، ھەيۋەتلىك مەسچىت ئالدى.
ئۈستىگە پالاس يېپىلغان جىنازا تۇرىدۇ.
بىر توپ جامائەت ئىمامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ مېيىت نامىزى ئوقۇماقتا. سەپنىڭ بىر تەرىپىدە سەللە ئوراپ تۇرغان بەگنىڭ خاتىرجەم چىرايى كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ كۆزى ئۆزىگە غەزەپ بىلەن تىكىلىپ تۇرغان شىرئېلىنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ شۈركىنىپ كېتىدۇ.

## 106

كۈندۈز، بەگنىڭ خاس ھۇجرىسى.

بەگ غەم-قايغۇ ئىچىدە قاپاقلىرى سىلىنغان ھالدا ماغۇق ياستۇققا يۆلىنىپ پۇشۇلداپ ياتىدۇ. ئىككى دېدەك قىز ئۇنىڭ ئۇچىسىنى تۇتماقتا. بىر غالچا سالپىيىپ كىرىپ كېلىدۇ. بەگنىڭ تەرى تۇرۇلۇپ:

— ھە يەنە نېمە گەپ؟ — دەيدۇ.

غالچا دۇدۇقلاپ تۇرۇپ:

— خەقلەرنىڭ ئاغزىدا گۈلجامال ئوغلىنى ئىزدەپ كەپتۇ دېگەن سۆز-چۆچەك تارقىلىپتۇ، — دەيدۇ. بەگ:

— ھە؟!...، — دەپ تۇرۇپ قالىدۇ.

بەگنىڭ ئەرۋايى ئۇچقان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ. ئاندىن پېشانىسىگە ئۇرۇپ، يەنە ئىزىغا ئولتۇرۇپ چۆشىدۇ.

## 107

كەچ، شىرئېلىنىڭ تۇرالغۇ ئۆيى.

شىرئېلى خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىدۇ. ئۆيگە ئايىمخان خۇشال ھالدا ھاسىراپ كىرىدۇ. شىرئېلى ئالدىراپ:

— قانداق بولدى؟ — دەپ سورايدۇ. ئايىمخان:

— دېرىكىنى ئالدىم. گۈلجامالخان مەخسۇت موزدۇزنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى جان-جىگەر دوستى نۇر بوۋاينىڭ ئۆيىدە ساق-سالامەت ئىكەن، — دەيدۇ. شىرئېلى:

— ئاھ... ئانا، سىز تېخى ھاياتكەنسىز. مېنىڭ ئانام ھايات ئىكەن، مېنىڭ ئانام باركەن. ئانا باغرىڭىزغا ئۆزۈمنى ئېتىپ مېھرىڭىزگە قېنىۋالاي، — دەيدۇ.

شىرئېلى خۇشال ماڭىدۇ. ئايىمخان ئۇنىڭ ئالدىنى توساپ:

— هازىر بىرنىشقا بولمايدۇ. قاراڭغۇ چۈشسۇن! تۈنۈگۈن بۇ قانخورلار گۈلجامالنى ئىتقا تالىتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاسلا قاپتۇ. ئىت تالاپ مازارلىقنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى سازلىقتىكى كورىۇلاققا چۈشۈرۈۋېتىپتىكەن، بەختىمىزگە يارىشا هاشىم بوۋاي قۇتقۇزۇۋاپتۇ.

ئەسلىمە.

## 108

ئەتىگەن، هاشىم بوۋاينىڭ هويلىسى.

هاشىم بوۋاي بىر پارچە ناننى كۆتۈرگەن هالدا چىقىپ ئىشىكنى ئاچىدۇ. گۈلجامال ئۇنىڭغا بىر خىلدا تىكىلىپ قاراپ تەڭلىگەن ناننى ئالمايدۇ. بوۋاينىڭ كۆزىگە گۈلجامال ئۆلۈپ كەتكەن ئايالىدەك كۆرۈنۈپ كېتىدۇ. بوۋاي كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ قارايدۇ. يەنە ئۆز ئايالى كۆزىگە كۆرۈنىدۇ. بوۋاي قورقۇپ كېتىپ ئىشىكنى جالاقىدە يېپىپ تاقايدۇ.

## 109

ئەتىگەن، هاشىم بوۋاينىڭ ئۆيى.

بوۋاي ئوچاق ئالدىدا خىيال قىلىپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئايالىنىڭ سىماسى پەيدا بولۇپ "مېنىڭ قەبرەمگە غېرىپسىنىپ قالمىسۇن، پات-پات يوقلاپ تۇرالا، روهىم خوش بولىدۇ" دەيدۇ. بوۋاي ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرىدۇ.

## 110

كۈندۈز، قارلىق دالا.

هاشىم بوۋاي ئۆزۈن جۇۋىغا يۆگەنگەن هالدا هاسىغا تايىنىپ يولدا تەستە ماڭماقتا. تۇمشۇقلىرى قان يۇقى ئىت، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەمەتبەگ ۋە غالچىلىرى بوۋاينىڭ يېنىدىن قاقاقلاپ كۈلۈشكەن هالدا ئۆتۈپ كېتىدۇ. بوۋاي قىسىلغان كۆزلىرى بىلەن بەگنىڭ ئارقىسىدىن بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن يەنە يولنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

## 111

كۈندۈز، مازارلىق.
قەبرىلەرنى پۈتۈنلەي قار باسقان، هاشىم بوۋاي بىر قەبرىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ خەتمە قۇرئان قىلماقتا. يان تەرەپتىكى پەستە شالاقلىغان ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. بوۋاي دۇئاسىنى تۈگىتىپ، شۇ تەرەپكە ماڭىدۇ.

## 112

كۈندۈز، پەستىكى سازلىق.
قاپقارا چوڭقۇر كوربۇلاقتا بېشى كۆرۈنۈپ قالغان گۈلجامال كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قارا لاي سۇ قىزىل قانغا بويالغان. هاشىم بوۋاي بۇنى كۆرۈپ قولىنى كاناي قىلىپ:
— قۇتقۇزۇڭلار ئادەم بارمۇ؟ ئادەم ئۆلدى قۇتقۇزۇڭلار!... ، — دەپ تووۋلايدۇ.

## 113

كۈندۈز، قارلىق دالا يولى.
يولدا ئېشەككە ئوتۇن ئارتىپ كېتىپ بارغان 5-6 ياش ئوتۇنچى

"ئادەم ئۆلدى، قۇتقۇزۇڭلار!" دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ بىردەك مازار تەرەپكە قارىشىدۇ. ئېگىز دۆڭدە ھاشىم بوۋاي كۆرۈنىدۇ. ئوتۇنچىلار يۈگۈرۈشۈپ كېتىدۇ.

ئەسلىمە تۈگەيدۇ.

## 114

كېچە، شىرئېلىنىڭ تۇرالغۇ ئۆيى.

ئايىمخان سۆزلەيدۇ:

— شۇنداق قىلىپ ئۇ قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

شىرئېلى غەزەپتىن ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ.

## 115

كېچە، نۇر بوۋاينىڭ ئۆيى.

ئۆينى مۇرا بېشىغا قويۇلغان ساپال چىراغ غۇۋا يورۇتۇپ تۇرىدۇ. ئۆي ئادەم بىلەن لىق تولغان بولۇپ، تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى بېسىۋالالماي يىغلايدۇ.

گۈلجامال تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن شىرئېلىنىڭ باش كۆزىنى سىيلاپ تۇرۇپ:

— ئوغلۇم، مېنىڭ ئوغلۇم، يۈرەك پارەم، — دەيدۇ.

شىرئېلى بېشىنى كۆتۈرمەي ئۆكسۈپ يىغلىماقتا.

## 116

كۈندۈز، نۇر بوۋاينىڭ ئۆيى.

شىرئېلى ئانىسىنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزىدۇ. ئانا ئوغلىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ، نۇر بوۋاي، ئايىمخانلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەشكە باشلايدۇ.

ئەسلىمە.

## 117

كۈندۈز، بەگنىڭ ھۇجرىسى.

پەگادا پېشانىسىدىن ئاققان قانغا مىلىنىپ گۈلجامال سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ھۇجرىغا ۋاڭ لويى بىلەن بەگ كىرىپ، ھەممە بىردەك گۈلجامالغا تىكىلىپ تۇرىشىدۇ. بىردىنلا ئادەملەر توپى داۋالغۇپ ئارىدىن ئايىمخان بىلەن شىرئېلى توپنىڭ ئالدىغا ئۆتىدۇ. ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شىرئېلىغا ھۆرمەت بىلەن سالام بېرىشىدۇ. ئايىمخان شىرئېلىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ گۈلجامالغا يېقىن ئەكېلىپ:

— مانا غوجام، سىلىنىڭ ئانىلىرى... —، دەيدۇ. يىگىت ئۈن-تىنسىزلا چۆشەك يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرىدۇ. گۈلجامال ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن ئوغلىغا بىر ھازا تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن، ئورۇق ھالسىز قوللىرىنى ئۇزىتىپ:

— ئوغلۇم!... — دەيدۇ. شىرئېلى:

— جېنىم ئانا!... — دەيدۇ.

ئۇ ئانىسىنىڭ تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى يۈز-كۆزلىرىگە سۈرتىدۇ، سۆيىدۇ، ئاندىن ئانىسىنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ ھۆكىرەپ يىغلاپ كېتىدۇ.

ۋاڭ لويى قان ئىچىدە ياتقان گۈلجامالنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىدۇ.

ئۇ بەگكە بىرنى ھومۇيۇپلا يەرگە تېپىپ چىقىپ كېتىدۇ. بەگ ئالاقزادە بولۇپ:

— شەنگەن جانابلىرى تەخىر قىلسىلا، شەنگەن جانابلىرى... ، — دەيدۇ.

## 118

كۇندۇز، بەگنىڭ دەرۋازىسى ئالدى.

دەرۋازىدىن ئىتتىك چىققان ۋاڭ لويى مەپىگە قاراپ ماڭىدۇ. ھودۇقۇپ تاتارغان ئەمەتبەگ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پايپاسلاپ چىقىپ:

— شەنگەن جانابلىرى تەخىر قىلسىلا مەن...

ۋاڭ لويى مەپىگە چىقىپ بولۇپ مەپىدىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرۇپ:

— سەندە ئىشقا يارىمايدۇ. سىڭكو... مەندە يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن كېلىدۇ! ... — دەيدۇ.

مەپە تاراقلاپ مېڭىپ كېتىدۇ. بەگ سولاشقان ھالدا مەپىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالىدۇ.

## 119

كۇندۇز، بەگنىڭ خاس ھۇجرىسى.

بەگ بىلەن چاشقان بۇرۇت تېۋىپ بىر-بىرىنىڭ قۇلىقىغا بىر نەرسىلەرنى دېيىشىپ پىچىرلىشىدۇ. بەگ باش لىڭشىتىدۇ.

## 120

كۇندۇز، بەگنىڭ ھۇجرىسى.

تېۋىپ گۇلجامالنىڭ يارىسىنى تاڭماقتا.

## 121

كۇندۇز، بەگنىڭ ھۇجرىسى.

گۇلجامالنىڭ پېشانىسىدىكى تېڭىق يېشىلىدۇ. ئۇنىڭ پېشانىسىدە تارتۇق بولۇپ ساقايغان ئىز كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىبېشى خېلى چىرايلىق كىيىندۇرۇلگەن.

تېۋىپ ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتىدۇ. تېۋىپ:

— خېنىم تىللىرىنى چىقارسىلا، — دەيدۇ.

گۇلجامال تىلىنى چىقىرىدۇ. تېۋىپ بىر ھازا قارىغاندىن كېيىن:

— ئىچلىرىگە ئۇرناپ كەتكەن سانجىق، جىگەرگە يېيىلىپ قاداق بولۇۋالاي دەپتۇ. مانا بۇ دورىنى پۇرىسىلا شىپا بولىدۇ، — دەيدۇ.

تېۋىپ قويىنىدىن چىقارغان ناسۋال قاپىقىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ گۇلجامالنىڭ بۇرنىغا تۇتىدۇ. گۇلجامالنىڭ شۇئان كۆزى يۇمۇلۇپ يىقىلىدۇ.

## 122

كېچە، ۋاڭ لوينىڭ خاس ھۇجرىسى.

گۇلجامال چۈشەكتە ياتىدۇ. ئۇ چۆچۈپ ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ئۇخلاش كىيىمى كىيگەن ۋاڭ لويى ھىجىيىپ تۇرىدۇ. گۇلجامال چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ. ۋاڭ لويى دەرھال ئۇنى قۇچاقلىۋالىدۇ. ئۇ تىلىنى چاكىلدىتىپ:

— ئا... ھەي... كىز، سىزما مەندىن قورقمىسۇن، مەن سىزنى ياكشى

كۆرىدۇ...، — دەيدۇ.

دېرىزىدىن قېرى خىزمەتچى ئايالنىڭ بېشى غىل-پال كۆرۈنىدۇ.

گۈلجامال ۋاڭ لويىنى غەزەپ بىلەن ئىتتىرىۋېتىدۇ. ئۆزىنى ئىشىك تەرەپكە ئاتىدۇ. ئىشىكتە قۇلۇپ كۆرۈنىدۇ. ۋاڭ لويى سەنتۇرۇلگەن بولسىمۇ يىقىلمايدۇ. كالچىيىپ كۈلىدۇ.

— ھا... ھا... ھا...

ۋاڭ لويى دەلدەڭشىگەن ھالدا قوللىرىنى كېرىپ گۈلجامالغا ئېتىلىپ كېلىدۇ. گۈلجامال دەرھال ئۆزىنى يانغا ئېلىپ، يەردىكى ئورۇندۇق بىلەن ۋاڭ لويىنىڭ بېشىغا ئۇرىدۇ. ۋاڭ لويىنىڭ كۆزلىرى ئالىيىپ پول ئۈستىگە يىقىلىپ سوزۇلىپ ياتىدۇ. قېرى خىزمەتچى ئايال دېرىزە قانىتىنى قىيا ئېچىپ قويۇپ غايىب بولىدۇ.

قورقۇپ كەتكەن گۈلجامالنىڭ قولىدىن ئورۇندۇق چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۆزىمۇ ھالسىزلىنىپ ئىزىغا ئولتۇرۇپ قالىدۇ. شۇ چاغدا دېرىزىنىڭ بىر قانىتى ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆيىنىڭ ئارقىسىغا سىيرىلىپ چۈشىدۇ.

## 123

كېچە، شەنگەن يامۇل سىرتى.

سېپىل ئۈستىدە قاراۋۇل چېرىكلەر مېڭىشىپ يۈرىدۇ.

قـېرى خىزمەتچى ئايال بىلەن گۈلجامال قۇچاقلىشىپ كۆز يېشى قىلىشىدۇ. گۈلجامال:

— جېنىم ئانا، مېنى قۇتقۇزدۇم دەپ بالاغا قالالىمۇ؟ — دەيدۇ.

— خاتىرجەم بول. مەن بۇ دوزاخنىڭ 25 يىللىق ئاشپىزى، مېنى ھېچنېمە قىلمايدۇ، — دەيدۇ قېرى ئايال.

## 124

كېچە، يول ئۈستى.

گـۈلـجامال يۈگۈرۈپ ماڭماقتا. ئۇ ھاسراپ-ھۆمۈدەپ كېتىۋېتىپ ئالدىغا دۈم چۈشىدۇ. ئۇ تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئورنىدىن تۇرۇشقا ساقچىلار ئۇنىڭغا دىۋەيلەپ كېلىشىدۇ.

## 125

قىش، كۈندۈز.

شـىـۋىـرغـانلىق قار ياغماقتا. يامۇل تۈرمىسىنىڭ ئارقا دەرۋازىسى. گوندىپايلار ئىككى جەسەتنى ئەپچىقىپ دەرۋازا ئالدىدىكى يولغا تاشلىۋېتىپ كىرىپ كېتىدۇ.

دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان كىشىلەر جەسەتلەرنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىدۇ.

يەردە سوزۇلۇپ ياتقان جەسەتنىڭ بىرى چاچ ساقىلى ئۆسۈپ كەتكەن ئەرنىڭ جەستى، يەنە بىرى ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان، كـىـيىملىرى يىرتىلىپ جۇل-جۇل بولۇپ، يېرىم يالىڭاچ بولۇپ قالغان گۈلجامالنىڭ جەستى.

توپلاشقانلار ئىچىدىكى ئاياللار كۆز يېشى قىلىشىدۇ. كىچىك بالىلار قىرقىراپ يىغلىشىدۇ. ئۈچىسىغا قۇراق لاتىدىن قىلىنغان جەندە، بېشىغا كۇلا كىيىپ، ساپايە تۇتقان بىر دەرۋىش توپنى يېرىپ ئۆتۈپ جەسەتلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ. ساپايە-خۇرجۇننى يېنىدا قويۇپ قوللىرىنى كۆتۈرۈپ پىچىرلاپ دۇئا قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن، ئەر جەسەتنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىپ جەسەتنىڭ يېرىم ئېچىلىپ قالغان كۆزىنى يۇمدۇرۇپ، يېنىدىن

لاتا چىقرىپ ئىشىكنى تېڭىپ قويىدۇ ۋە:

— خۇداغا ئۆز ئامانىتىنى تاپشۇرۇپتۇ. ياتقان يېرى جەننەت بولغاي رەھمەتلىكنىڭ، — دەيدۇ.

ئاندىن، ئۇ گۈلجامالنىڭ جەستى يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا ھەيران بولۇپ قارىشىدۇ. دەرۋىشنىڭ يۈزىدە غىل-پال تەبەسسۇم پەيدا بولىدۇ. دەرۋىش:

— ياراتقان ئىگەم، ئۆز بەندىلىرىڭنىڭ ھەرقانداق مۈشكۈلىنى ئاسان قىلغايسەن! — دەيدۇ.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ جامائەتكە:

— سىلەر ماۋۇ مېيىتنى يۇيۇپ-تاراپ يەرلىكىدە قويۇش بىلەن مۇسۇلمانچىلىق بۇرچۇڭلارنى ئادا قىلىڭلار! ئاۋۇ مەرھۇمە بولسا بىر تۇغقان قېرىندىشىمنىڭ رەپىقىسى ئىدى. ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن بۇنداق تەقدىرگە دۇچ كەلگىنىنى بىلمەيمەن، بۈگۈن قىسمەت مېنى ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇ تەخىلتتە ئۇچراشتۇردى. بۇنى دەپىن قىلىشنى مەن ئۈستۈمگە ئالاي ... — دەيدۇ.



كېچە، گۈمبەز ئىچى.

لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان گۈلخان يېنىدا گۈلجامال ياتىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا دەرۋىش بىلەن ئۇنىڭ 10 ياشلىق قىزى ئولتۇرىدۇ. گۈلجامال ئاستا كۆزىنى ئاچىدۇ. قىز بۇنى كۆرۈپ چىرقىراپ ئۆزىنى دەرۋىشنىڭ قۇچىقىغا تاشلايدۇ. دەرۋىش گۈلجامالغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ:

— كۆزلىرىڭ بىۋاقىتراق يۇمۇلغانىكەن سىڭلىم، ھاياتتىن ئالدىغان

نېسۋەڭ تېخى تۈگمەپتىكەن، — دەيدۇ.

دەرۋىش مىس قاچىدىكى قايناق سۇغا تۇخۇمدىن 3-4 نى چېكىپ ئېلىشتۇرىدۇ. ئاندىن پۇۋلەپ تۇرۇپ گۈلجامالغا ئىچكۈزىدۇ. گۈلجامال ھالسىز، ئاغزىنى چوڭ-چوڭ ئاچىدۇ.

## 127

كۈندۈز، گۈمبەز ئىچى.

گۈلجامال گۈمبەز تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ. قىزچاق ئۇنىڭ چېچىنى تاراپ قويماقتا.

گۈمبەزگە دەرۋىش ئاياقتا ئاش كۆتۈرۈپ كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ ئاشنى گـۈلجامالغا بېرىدۇ. گۈلجامال ئاشنى ئېلىپ ئاچكۆزلۈك بىلەن يېيىشكە باشلايدۇ. دەرۋىشنىڭ كۆزىدىن ياش سىرغىيدۇ.

## 128

كۈندۈز، گۈمبەز ئىچى.

گـۈلـجـامال تولۇق ساقايغان، روھلۇق ھالدا دەرۋىشنىڭ قىزنىڭ كۆڭلىكىنى ياماپ بەرمەكتە.

دەرۋىش سىرتتىن خۇرجۇننى كۆتۈرۈپ ھارغىن قىياپەتتە كىرىپ كېلىدۇ. خۇرجۇندىكى نەرسىلەرنى بىر خالتىغا تۆكىدۇ. ھەر خىل پارچە نانلار خۇرجۇندىن خالتىغا چۈشىدۇ. دەرۋىش:

— سىڭلىم ئەگەر مېنىڭ ئۆي جايىم بولغان بولسا سىزگە داۋاملىق باش-پاناھ بولسام بولاتتى. بىراق كۆرۈپ تۇرۇپسىز مەنمۇ جاھان كېزىپ

يۇرگەن بىر سەرگەردانمەن. شۇڭا ئايرىلىشمىزغا توغرا كېلىۋاتىدۇ. مانا بۇنى ئاز كۆرمەي ۋاقتىنچە ئۇزۇقلۇق قىلارسىز. تۇگەپ كەتسە تىلىسىڭىز، ئەيىب ئەمەس. ئوغرىلىق قىلمىغاندىن كېيىن نومۇس قىلماسلىق كېرەك، — دەيدۇ.

گۈلجامال كۆزىگە ياش ئېلىپ:

— رەھمەت دەرۋىش ئاكا. مېنى قۇتقۇزىۋالغان بۇ ياخشىلىقىڭىز بۇ دۇنيادا مەندىن يانمىسا ئۇ دۇنيادا خۇدادىن يانار، — دەيدۇ.

## 129

كۇندۇز، گۇمبەز ئالدى.

گۈلجامال دەرۋىش نان قاچىلاپ بەرگەن خالتىنى مۇرىسىگە ئارتقان هالدا دەرۋىشنىڭ قىزنى باغرىغا بېسىپ سۆيۈپ قويىدۇ. دەرۋىشكە تەزىم قىلىپ خوشلىشىپ مېڭىپ كېتىدۇ. ئەسلىمە تۇگەيدۇ.

## 130

كۇندۇز، نۇر بوۋاينىڭ ئۆيى.

گۈلجامال سەرگۈزەشتىسىنى تۇگەتكەندە ھەممەيلەن ئۆزىنى باسالماي ئۆپكىدەپ يىغلىشىدۇ.

## 131

كېچە، ئايىمخاننىڭ ئۆيى.

گۈلجامالنىڭ ئۇستىبېشى كونىراق كىيىملەر بىلەن يېڭىلانغان بولۇپ ئايىمخان ئۇنىڭ چاچلىرىنى تاراپ قويماقتا.

ئۆيگە شىرئېلى كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ سەل جىددىيلەشكەن هالدا:

— ئانامنىڭ بارلىقىنى بىلىپ غالچىلار يۇرت ئىچىنى ئاختۇرۇپتۇ. بۇ ئۆيگە قارىغاندا مېنىڭ ئۆيۈم ئەپلىكرەك. ئانام شۇ يەردە تۇرسا. يېرىم كېچىدە بىرلىكتە كېتەيلى، — دەيدۇ.

ئايىمخان باش لىڭشىتىپ رازى بولىدۇ، شىرئېلى ئانىسىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ.

**132**

كېچە، شىرئېلىنىڭ ئۆيى.

شىرئېلى ئانىسىغا ياردەملىشىپ سەپەرگە كېتەرلىك نەرسىلەرنى خۇرجۇنغا قاچىلىماقتا. ئىشىك جالاقلاپ ئېچىلىپ بەگ كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ شىرئېلىغا قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ:

— ھۇ ياخشىلىق ياراشمايدىغان تۇزكور ھارىمى! ياتقان گۆرىدىن يېنىپ كەلگەن بىر جادۇگەرنىڭ قوينىغا ئۆزۈڭنى ئېتىپ، مېنىڭ يۈزۈمگە ئاياغ باسماقچى بولىۋاتامسەن؟ بوغۇزلاپ ئىتقا تاشلاپ بەرمىگىنىمنى كۆر، — دەيدۇ.

شىرئېلى قەھرى بىلەن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ:

— ھۇ ۋەھشىي قانخور. سەن تېخى ياخشىلىق توغرىسىدا سۆزلەۋاتامسەن. ياخشىلىق، سېنىڭ ياخشىلىقىڭ ئۇنىلغان بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولۇش، قان ئىچىش. ئەمدى ياخشىلىقنىڭ نېمىلىكىنى كۆر. قان ئىچىپ تويمايدىغان نەپسىڭنى بېسىقتۇرمايدىغان بولسام! ... — دەيدۇ.

شىرئېلى يولۋاستەك ھۆكۈرەپ بەگكە ئېتىلىدۇ. ئىككىسى بەل تۇتىشىدۇ. گىلەم ئۈستىگە يىقىلىپ پومۇداقلىشىدۇ. بەگ شىرئېلىنى ئاستىغا بېسىۋالىدۇ. بار كۈچى بىلەن ئۇنىڭ كانىيىنى سىقىدۇ. شىرئېلىمۇ ئۇنىڭ

كانيىنى سقىدۇ. لېكىن كۈچى يەتمەيدۇ، بارا-بارا ھالسىزلىنىپ قوللىرى بوششىپ بەگ بىلەن ئىككىسىنىڭ پىشانىسى بىر-بىرىگە تېگىپ كەتكۈدەك بولىدۇ. ھەر ئىككى جۈپ كۆز چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك چەكچىيىدۇ. شىرئېلى بىردىنلا بىر كاللا ئۇرۇپلا بەگنى ھوشسىزلاندۇرىۋېتىدۇ، بەگ ئۇنىڭ ئۈستىدە ھوشسىز ياتىدۇ. شىرئېلىمۇ بوششىپ جىمغىنا يېتىپ قالىدۇ.

گۈلجامال كېلىپ بەگنى شىرئېلىنىڭ ئۈستىدىن تارتىپ چۈشۈرىۋېتىدۇ.

شىرئېلى دەلدۈگىنىپ، سۆرەشتۈرۈپ يۈرۈپ بەگنى ئۆيىنىڭ تۈۋرۈكىگە چىڭ باغلىۋېتىدۇ. بىر قولىدا پەنەرنى، بىر قولىدا خۇرجۇننى ئېلىپ سىرتقا ماڭىدۇ. ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، تۈۋرۈكتە باغلاقتا ھوشسىز تۇرغان بەگكە بىر ھازا قارايدۇ.

## 133

كېچە، بەگنىڭ ھويلىسى.

شىرئېلى ئىشىك تېشىدىن قۇلۇپ سالىدۇ. بىردەم تام ياقىلاپ مېڭىپ بىر دېرىزىنىڭ ئەينىكىنى جاراقلىتىپ چېقىپ پەنەرنى دېرىزىدىن تاشلايدۇ. پەنەر ئامبار ئىچىدە تاغدەك دۆۋىلىنىپ تۇرغان بۇغداي ئۈستىگە چۈشۈپ چېقىلىپ لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلايدۇ.

شىرئېلى خۇرجۇننى مۈرىسىگە سېلىپ ئاتنىڭ ئەگەشتۈرۈپ، ئايىمخاننىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭىدۇ.

## 134

كېچە، ئايىمخاننىڭ ئۆيى.

ئايمخان يەردە كۆزى ئوچۇق هالدا سوزۇلۇپ ياتىدۇ، شىرئېلى بىلەن گۈلجامال ئۆيگە كىرىدۇ. سىرتتىن "ۋاي ئوت كەتتى! ئوت كەتتى" دېگەن قىقاس-چۇقان كۆتۈرۈلىدۇ.

## 135

كېچە، بەگنىڭ پۈتكۈل قورۇسى ئوت دېڭىزىغا ئايلانغان بولۇپ، غايەت زور ئوت شارىدەك كۆرۈنىدۇ. ئوت شارى ئىچىدىن شىرئېلى ئاتنىڭ ئارقىسىغا مىندۈرگەن هالدا ئات چاپتۇرۇپ چىقىدۇ.

ئوت شارىدىن خېلى يىراقلىغاندىن كېيىن ئاتنىڭ تىزگىنىنى قاتتىق تارتىدۇ. ئات ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ توختايدۇ. شىرئېلى ئوت دېڭىزى ئىچىگە تىكىلىپ قارايدۇ. ئاندىن ئارقىسىغا قاراپ ئانىسىنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويۇپ، ئاتنى چاپتۇرۇپ چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. ئېكراندا "تامام" دېگەن خەت چىقىدۇ.

1985-يىل 3-نويابىر، قەشقەر.



# نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ پالاكەتكە يولۇقۇشى

## 1

سەلتەنەتلىك شاھ ئوردىسى.

شاھ ، تەختىدە سۇر-ھەيۋەت بىلەن قېتىپ ئولتۇرىدۇ. ئەتراپىدا ۋەزىرلەر ۋە ئوردا ئەئيانلىرى قول باغلاپ تۇرىشىدۇ. پەقەت نەسرىددىن ئەپەندىلا تەختنىڭ تۆۋەن قارشىسىدا شاھقا تىك قاراپ تۇرماقتا. شاھ ئەتراپىدىكىلەرگە سۇرلۇك سىنچىلايدۇ.

شاھ: نەسرىددىن ئەپەندى، سەھەر تۇرسا ساۋاب، كۈن قىزارغاندىن كېيىنمۇ قوپماي ئۇخلىسا، قان-يىرىڭ ئىچىدە ياتقاندىنمۇ بەتتەر گۇناھ بولىدۇ، دەيدۇ. كېچىسى ھېچ ئۇخلىيالمايمەن، تاڭغا يېقىن شېرىن ئۇيقۇ بېسىپ چاشكاغىچە ئۇخلاپ قالىمەن، بۇنىڭ تەبىرىنى سۆزلەڭ.

نەسرىددىن ئەپەندى: بۇنىڭ تەبىرى ناھايىتى ئاددىيدۇر، شاھ ئالىيلىرى. سىلىنىڭ بۇ ئۇخلاش ئادەتلىرىنى ئاللاتائالا ئۆزلىرىگە راۋا كۆرگەن بولسا كېرەك. ئەمما پۇقرالار سەھەردە ئورنىدىن تۇرمىسا گۇناھتۇر. نېمشقا

دېسلىرى، ئۇلار ئەتىگەن قوپۇپ بالا-چاقىلىرىنىڭ قورسىقىغا نان تېپىش ئۈچۈن مېھنەت قىلىشى كېرەك، بولمىسا ئاچ قالىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ كۈن قىزىلدا ياتقىنى ھورۇنلۇقتىن بولۇپ، بۇ بەرھەقكى، بالىلىرىنىڭ رىسقىنى قىيىپ، قان-ياشلىرىنى ئىچىپ ئۇخلىغانلىق بىلەن باراۋەردۇر. ئەمما ئۆزلىرىنىڭ چاشكاغىچە ئۇخلاپ قالىدىغانلىقلىرى ياخشىلىقنىڭ بېشارىتىدۇر. ئەتىگىنى قانچە ئۇزاق ئۇخلىسىلىرى ئۇنىڭ مۇرىلىرىدىكى پەرىشتە سىلىگە يازىدىغان ساۋابمۇ شۇنچە جىق بولىدۇ.

شاھ: ھە! (كۆزلىرى چەكچىيىدۇ. ۋەزىرلەرنىڭمۇ ھەيرانلىقتىن ئاغزى ئېچىلىپ قالىدۇ) بۇنىڭ سىر-ئەسناسى نېمە؟

نەسرىددىن ئەپەندى: شاھ ئالىيلىرى، گەپنىڭ راستىنى دەمدىم ياكى سىلىنى خۇش قىلىدىغانىنىمۇ؟

شاھ: (ساقىلىنى مۇجۇقلاپ خىيال قىلىپ) ئەلۋەتتە ھەم راستىنى، ھەم خۇش قىلىدىغانىنى دەيسىز-دە، ئەپەندىم.

نەسرىددىن ئەپەندى: ئەقىللىرى زىيادە بولغانچە دۆلەتلىرىمۇ زىيادە بولغۇسىدۇر، شاھ ئالىيلىرى. ئەمىسە ئەقىل ئېگىسىلا تېگىگە يېتەلەيدىغان راست گەپنى ئېيتاي.

شاھ: ھىم، دەڭ ئەمىسە.

نەسرىددىن ئەپەندى: شاھىم، ئەتىگىنى قانچە ئۇزۇن ئۇخلىسىلىرى سىلىگە شۇ ھەممىدىن ياخشىدۇر. چۈنكى شۇڭغىچىلىك پۇقرالار زۇلۇملىرىدىن قۇتۇلۇپ قالغىنى ئۈچۈن ئىنساپلىرىغا دۇئا قىلىدۇ، ئۇنىڭ مۇرىلىرىدىكى پەرىشتە سىلىگە ساۋاب يازىدۇ. ئەكسىچە، قانچە سەھەر ئويغانسىلىرى پۇقراغا كۈن يوقتۇر، زۇلۇم-ستەملىرىگە قالغان ئەل-ئاۋام سىلىنى قارغايدۇ. سول مۇرىلىرىدىكى پەرىشتە ئۆزلىرىگە گۇناھ يازىدۇ. شۇڭا، ساۋاپنى كۆپرەك ئالاي دېسىلىرى ئۇزۇنراق ئۇخلىغانلىرى خاسىيەتتۇر.

شاھ دەر غەزەپكە كېلىپ تەختكە قاتتىق ئۇرىدۇ. ۋەزىرلەر، ئوردا ئەئىيانلىرى ئۆزىنى ھەرقانچە تۇتۇۋالسىمۇ كۈلكىسى قىستاپ كېتىدۇ.

شاھ: جاللات! (ئىككى جاللات قىلىچىنى مەيدىسىگە تۇتۇپ نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ كەينىدە پەيدا بولىدۇ) مېنىڭ شانۇشەۋكىتىمگە تىل تەگكۈزگەن بۇ مەلئۇننىڭ تىلىنى كېسىپ، كۆزىنى ئويۇڭلار، خالايىققا ئىبرەت بولسۇن.

جاللاتلار: لەببەي، شاھ ئالىيلىرى (نەسرىددىن ئەپەندىنى قامىللاپ تۇتىدۇ).

نەسرىددىن ئەپەندى: سۆزۈمنىڭ ئاخىرى تېخى تۈگىمىگەنتى. مۇبادا مېنى ئۆلتۈرسىلىرى سىلىنى خۇش قىلىدىغان پايدىلىق گەپنى ئاڭلىيالماي زىياننىڭ چوڭى بولامدىكىن، شاھ ئالىيلىرى...

شاھ: توختاڭلار! (قولى بىلەن ئىشارەت قىلىدۇ).

نەسرىددىن ئەپەندى: مېنى ئۆلتۈرسىلىرى ھەققەتنى ئۆلتۈرگەن بولىدىلا...

شاھ: (نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ) قانداقسىگە سېنى ئۆلتۈرسەم ھەققەتنى ئۆلتۈرگەن بولىمەن؟

نەسرىددىن ئەپەندى: بۇ، مۇنداق گەپ، شاھ ئالىيلىرى. ئاللا سىلىگە پادىشاھلىقنى بەرگەن چاغدا، سەلتەنەتنىڭ ئاچقۇچىنىمۇ بىللە قوشۇپ بەرگەن، بىراق سىلى ئۇنى ئىشلەتمىدىلە. بۇ ئاچقۇچ ھازىر داتلىشىپ، چىرىپ تۈگەي دەپ قالدى. ئۇ چىرىپ تۈگىگەن ھامان شانۇشەۋكەتلىك تاج-تەختلىرى توپىدەك سورۇلۇپ، ئۆزلىرى شۇ توپىنىڭ ئاستىدا قېلىپ تۈگەيدىلا.

شاھ: ھە؟! ئۇ ئاچقۇچ قەيەردە، مەن ئالمىدىمغۇ؟

نەسرىددىن ئەپەندى: مۇشۇ ئەلنىڭ بىر يېرىدە بار. ئۇنى دەرھال

ئېلىپ ئىشلەتمىسلىرى بالا-قازاغا قالىدىلا. ئەگەرچەندە رۇخسەت قىلسىلىرى، مەن ئۇ ئاچقۇچنى دەرھال تېپىپ قوللىرىغا تۇتقۇزىمەن.

شاھ تېگىرقاپ ۋەزىرلىرىگە قارايدۇ. ۋەزىرلەردىن بىرى يۈكلىنىپ شاھنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلايدۇ، شاھ بېشىنى لىڭشىتىدۇ.

شاھ: ھە، ئەپەندى، ئۇ ئاچقۇچنىڭ ئىتى نېمە؟

نەسىرىددىن ئەپەندى: ئۇ ئاچقۇچقا ئاللا ئۆزى ”ھەقىقەت“ دەپ ئات قويغان.

شاھ: ھا...، ھا...، ھا... ھە، مۇنداق دەڭ. سىز ھەقىقەت بار يەرنى بىلىسىز، شۇنداقمۇ؟

نەسىرىددىن ئەپەندى: شۇنداق، شاھ ئالىيلىرى.

شاھ قولىنى چاۋاكلايدۇ، يېنىغا قېرى خەزىنىدار كېلىدۇ. شاھ ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلايدۇ. خەزىنىدار يۈكلىنىپ كەينىگە يانىدۇ. تۆت مۇلازىم ئىككى ساندۇقنى كۆتۈرۈپ كىرىپ نەسىرىددىن ئەپەندىنىڭ ئالدىغا قويىدۇ.

شاھ: بۇ ساندۇقلارنىڭ بىرىگە لىققىدە ئالتۇن، يەنە بىرىگە ھەقىقەت قاچىلانغان. سىز قايسىسىنى ئالىسىز؟

نەسىرىددىن ئەپەندى: ئەلۋەتتە، ئالتۇن بارنى ئالىمەن.

شاھ قاقاقلاپ كۈلىدۇ. ئوردا ئەھلى شاھقا ئەگىشىپ كۈلۈشىدۇ.

شاھ: ئەپەندىم، ئۆزىڭىزنى ھەقىقەتنى تاپقۇچى قىلىپ كۆرسەتكەنىدىڭىز، ئەجەبا ئالتۇننى تاللىدىڭىزغۇ؟

نەسىرىددىن ئەپەندى: ئادەم نېمىگە مۇھتاج بولسا شۇنى ئالىدۇ. مەندە ھەقىقەت تولا، ئالتۇن يوق. ئالىيلىرىدا ئالتۇن تولا، ھەقىقەت يوق. بۇ ساندۇقتىكى ئالتۇننى ئېلىپ، ماۋۇ ساختا ھەقىقەت قاچىلانغان ساندۇقتا ھەقىقەتنىڭ ئاچقۇچىنى سىلىپ ئۆزلىرىگە ئەكېلىپ بېرەي. بۇ ئاچقۇچ قوللىرىغا چۈشكەن ھامان خەلقئالەم سىلىگە سالامەتلىك، ئۇزۇن ئۆمۈر

تلەپ، ئاللائىگەم دۆلەتلىرىنى زىيادە قىلىدۇ. بولمىسا سىلىگە ياخشىلىق يوق، شاھ ئالىيلىرى.

شاھنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ ئەتراپىغا قارايدۇ.

سول قول ۋەزىر: شاھ ئالىيلىرى، ئەپەندىم يالغان ئېيتىدۇ. ئاتام زامانىدىن تارتىپ ھېچكىم ئۇنداق ئاچقۇچنى كۆرۈش تۇگۇل ئاڭلاپ باقمىغان. ئۇ دېگەن ئادەم ئالدايدىغان ساختا گەپتىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر.

ئوڭ قول ۋەزىر: شاھ ئالىيلىرى، نەسىرىددىن ئەپەندىم ئاقىل-دانىشمەن، ئالدىن بىلەر، لەۋزى ھالال، ھەققانىي ئادەم سانىلىپ 18 ملك ئالەمدە نام-شۆھرەت قازانغاندۇر. ئۇنىڭ توغرا مەسلىھەتىنى يالغان سۆزلىگەنگە چىقىرىپ ناھەق ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلساق، دانىشمەن نەسىرىددىن ئەپەندىمنى بىگۇناھ قەتل قىلغان دېگەن بەتنام ئالىيلىرىنىڭ شان-شەۋكىتىگە داغ كەلتۈرۈپ، خەلقئالەمنىڭ لەنەت-نەپرىتىگە قالىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەتراپىمىزدىكى قوشنا خانلىقلارنىڭ بارلىق پۇقرالىرى شاھتىن تارتىپ گادايغىچە نەسىرىددىن ئەپەندىمنى ”تىرىك ئەۋلىيا“ دەپ ئەقىدە قىلىدۇ. شۇنداق تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قول سالساق، قوشنا خانلىقلار بىلەن ئارازلىشىپ قالىمىز. ئۇلار بىرلىشىپ بىزگە ھۇجۇم قىلىپ قالسا، ئۇ چاغدا...

شاھ: (قولنى شىلتىپ) بولدى، بەس. قېنى، مۇنەججىم-ھۆكۈمالار، سىلەرنىڭ قانداق دانا مەسلىھەتىڭلار باركىن؟

يوغان سەللىلىك قېرى مۇنەججىم پۈكلىنىپ ئالدىغا چىقىدۇ.

مۇنەججىم: يۇلتۇزلارنىڭ بېشارىتىدىن شول نەرسە ئايانكى، جانابىي ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ سۆزلىرى تولىمۇ دانالىق بىلەن ئېيتىلغاندۇر. مۇبادا شاھ ئالىيلىرىنىڭ زۇلپىقارى قىنىدىن سۇغۇرۇلسا، جاھان قان دەرياسىغا غەرق بولمىشتۇر.

شاھ: بولدى، بەس. ئەپەندى، سىز دەرھال ئاتلىنىپ ماڭا ھەققەتنىڭ ئاچقۇچىنى ئەكېلىپ بېرىڭ.

نەسىرىددىن ئەپەندى: پەرمانبەردارمەن، شاھ ئالىيلىرى. ئەمما قولۇمدا "نەسىرىددىن ئەپەندى ھەققەتنىڭ ئاچقۇچىنى ئىزدەيدۇ، يول بېرىڭلار" دېگەن پەرمانلىرى بىلەن مۆھۈرلىرى بولمىسا، بۇ ئاچقۇچنى تاپماق بەسى مۈشكۈلدۇر.

شاھ: ئەپەندىمگە پەرمان بېرىلسۇن!

ھۆدەيچى: (سوزۇپ ۋارقىرايدۇ) ئەپەندىمگە پەرمان بېرىلسۇن!

2

زىنداننىڭ تۆمۈر ئىشىكى ئالدىدا لەشكەرلەر سۈر-ھەيۋە بىلەن قېتىپ تۇرىدۇ. نەسىرىددىن ئەپەندى كۈلۈمسىرەپ كېلىپ خان يارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. لەشكەرلەر زىندان ئىشىكىنى ئاچىدۇ.

3

قاراڭغۇ زىنداندا مەھبۇسلار نەسىرىددىن ئەپەندىگە تەلمۈرۈپ، كىشەنلەنگەن قوللىرىنى ئۇنىڭغا تەڭلەيدۇ. ئۇ، قولىدىكى ئاچقۇچلار بىلەن مەھبۇسلارنىڭ كىشەن-زەنجىرلىرىنى ئاچىدۇ.

4

زىندان دەرۋازىسىدىن كەلكۈندەك ئېتىلىپ چىققان مەھبۇسلار نەسىرىددىن ئەپەندىنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ تەنتەنە قىلىدۇ. ئات ئۈستىدە قىمىر قىلماي قاراپ تۇرغان نەۋكەرلەر بىر-بىرىگە چەكچىيىپ قارىشىدۇ.

## 5

لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قار، لاي-پاتقاق ئىچىدە پۇتلىرىغا ئىشكەل سېلىنغان يېرىم يالىڭاچ ھاشارچىلار "خانلىق ئۆستەڭ" چاپماقتا. نازارەتچى لەشكەرلەر ئات چاپتۇرۇپ يۈرۈپ ھاشارچىلارنىڭ بېشىغا قامچا سالماقتا.
ئېگىز دۆڭدە، خاننىڭ ئاتلىق لەشكىرى، مۇلكى ئەمەلدارلىرىنىڭ ئالدىدا ئىشەكلىك نەسرىددىن ئەپەندى كۆرۈندۇ. ئۇ ھاشارچىلارغا قاراپ ۋارقىرايدۇ.
نەسرىددىن ئەپەندى: ھاي-ھاي ئەھلى ھاشار، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، خاننىڭ يېڭى پەرمانى: قارا قىشتا ھاشار توختىتىلسۇن! ھاشارچىلار ئەتىيازغىچە ئۆيلىرىگە قويۇپ بېرىلسۇن!
ھاشارچىلار ئىشتىن توختاپ ئىشەنمىگەندەك بىر-بىرىگە ئۈنسىز قارىشىدۇ. بىردىنلا بىر-بىرىنى قۇچاقلاپ ۋارقىرىشىپ تەنتەنە قىلىشىدۇ. كەتمەنلىرىنى تاشلاپ چوڭقۇر خەندەكلەردىن يېتىراپ چىقىشىدۇ. غەزەپلەنگەن ئەمەلدارلار چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ بىر-بىرىگە قارىشىدۇ.

## 6

قايناق بازاردا خاننىڭ يوغان ھارۋىلىق باجگىرى لەشكەرلەرنىڭ ھىمايىسىدە تۇخۇمچىدىن تۇخۇم، ناۋايدىن نان، گازىرچىدىن گازىر... يىغىپ ھارۋىدىكى باداڭ سېۋەت، تاغارلارغا تۈرى بويىچە قاچىلاپ ماڭماقتا. بويۇنتاۋلۇق قىلغانلارنى لەشكەرلەر قامچىلىماقتا.

## 7

بازار مەركىزىدىكى ئېگىز سۇپىغا ئاۋۋال نەسىرىددىن ئەپەندى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ خاننىڭ سالپايغان لەشكەرلىرى، مۇلكى ئەمەلدارلىرى چىقىدۇ. نەسىرىددىن ئەپەندى يېنىدىكى خاننىڭ جاكارچىسىغا ئىشارەت قىلىدۇ. ئۇ جاكارچى ئۇرۇپ جار سالىدۇ.

جـــاكارچى: خالايىق، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، خاننىڭ يېڭى يارلىقى چۈشتى. نامۇشۇھۇرىتى 18 مىڭ ئالەمگە پۇر كەتكەن دانىشمەن نەسىرىددىن ئەپەندى شاھ ئالىيلىرىنىڭ ئەمرى-پەرمانلىرى بىلەن ھەققەتىنىڭ ئاچقۇچىنى ئىزدەۋاتىدۇ. بۇ خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەر مۇشۇ زېمىنىمىزدا. نەسىرىددىن ئــەپــەندى مەزكۇر ئاچقۇچىنى تاپقاندىن كېيىن ئۇلۇغ شاھىمىزغا تەقدىم قــىــلــىدۇ. شۇڭلاشقا، ئاچقۇچىنى تېپىش ئۈچۈن نەسىرىددىن ئەپەندى خالىقىمىز تەۋەسىدە نېمە ئىش قىلمەن دېسە دەخلىسىزدۇر. شۇڭا، ھازىردىن باشلاپ نەسىرىددىن ئەپەندى ئاچقۇچىنى تاپقۇچە پۇقرالاردىن ئېلىنىدىغان 72 خىل باج، ئالۋاڭ-ياساق كەچۈرۈم قىلىنىدى!

## 8

قۇل بازىرىدا قۇلدارلار كىشەنلەنگەن ھەر خىل قۇللارنى كۆرمەكتە. خـــاننىڭ لەشكىرىي، مۇلكىي ئەمەلدارلىرى ئاتلىق، نەسىرىددىن ئەپەندى ئېشەكلىك قۇل بازىرىغا كىرىدۇ. قەللاپلار، بىدىكلەر نەسىرىددىن ئەپەندى ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قۇللىرىنى ئېلىشقا ئىشارەت قىلىشىدۇ.

نـــەسىرىددىن ئەپەندى ئېچىنىش-غەزەپ بىلەن قۇل بازىرىغا نەزەر

سالىدۇ. قۇلدارلار بىر چەتتە ياش قۇللارنى مۇشتلىشىش، چىلىششقا، يەنە بىر ياقتا چىرايلىق قىزلارنى ئۇسسۇلغا سالماقتا. قۇل ئالغىلى كەلگەنلەردىن بەزىلىرى ئۇسسۇلچى قىزنىڭ بەدەنلىرىنى سىيلاپ كۆرۈپ، شەھۋەتپەرەسلىك بىــلــەن قاقاقلاپ كۈلۈشمەكتە. بىر قېرى باي يېرىم يالىڭاچ ئۇسسۇل ئــويناۋاتقان بىر قىزنىڭ بېغىردىقىغا تىللا قىستۇرىدۇ. قىزنىڭ خوجايىنى كېلىپ تىللانى ئېلىۋېلىپ، قىزنى باينىڭ قۇچىقىغا ئىتتىرىپ بېرىدۇ.

كــىشەنلەنگەن ئىككى نەپەر ياش-قابىل ئەر قۇل بىر-بىرى بىلەن قىلىچۋازلىق قىلماقتا. بىرى يەنە بىرىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلايدۇ، بايلار قاقاقلاپ كۈلۈشىدۇ. نەسىرىددىن ئەپەندى يېنىدىكى جاكارچىغا ئىشارەت قىلىدۇ. ئۇ جاك ئۇرۇپ جار سالىدۇ.

جاكارچى: ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، خالايىق. شاھ ئالىيلىرىنىڭ ئالاھىدە ئــەلــچــىسى دانىشمەن نەسىرىددىن ئەپەندى جانابلىرى شاھ ئالىيلىرىغا ۋەكــالەتەن شۇنى جاكارلايدۇكى، بۈگۈندىن باشلاپ بارلىق قۇللار ئازاد قىلىندى. ئاللا ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بەندىلەردۇر. قۇللارغا ھۆرلۈك بەرگەن كۈندىن باشلاپ ئۇلارنىڭ يەر ئېلىش، ئۆي سېلىش، دېھقانچىلىق، سودا-تىجارەت، ھۈنەر قىلىش، ئۆي-ئوچاقلىق بولۇش، مەدرىسلەردە ئوقۇش ھــوقــۇقــى بولىدۇ. كىمەرسكى شاھ ئالىيلىرىنىڭ يارلىقىغا بويۇنتاۋلىق قىلىدىكەن، كاللىسى تېنىدىن جۇدا قىلىنىدۇ.

قۇللار شىددەت بىلەن دەۋرەپ تەنتەنە قىلىدۇ؛ نەسىرىددىن ئەپەندىگە كەلگۈندەك ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئېتىشىدۇ.

## 9

كــەچ، شــاھــنىــڭ مەرمەرتاش مۇنچىسىدا بىر توپ يېرىم يالىڭاچ كــېــنــىــزەكــلــەر ئــەركــىــلەپ تۇرۇپ شاھنى يۇماقتا. سول قول ۋەزىر ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ، كېنىزەكلەرنىڭ ئارىسىدىن تەستە

سىغدىلىپ ئۆتۈپ، مەرمەر تاشلىق كۆل ئىچىدە ھوزۇرلىنىپ ياتقان شاھنىڭ قــۇلىقىغا پىچىرلايدۇ. شاھ قاتتىق چۆچۈپ، ئەندىكىپ تورۇپ كېتىدۇ. بىردىنلا ئەۋرىتنى چاڭگاللىغىنىچە سۇغا چۆكۈپ ئۇلتۇرۇۋالىدۇ.

شاھ: (ساقىلىنى قامالاپ) خەپ توختاپتۇر. پەرمان: نەسرىدىن دېگەن مەلئۇننى تۇتقان ھامان پوت-قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي ئوردىغا ئېلىپ كېلىڭلار!

ئېشىكىگە مىنگەن نەسرىدىن ئەپەندى بوستانلىق مەھەللىدىن ناخشا توۋلاپ ئۆتىدۇ. ئەھلىمەھەللە ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. ئۇششاق بالىلار كەينىدىن ئەگىشىدۇ.

## 10

لەشكەرلەر شاھ ئوردىسىدىن ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ سۈر-ھەيۋە بىلەن چىقىدۇ.

## 11

ئــېــشەكلىك نەسرىدىن ئەپەندى پايانسىز دەشت-باياۋاندا ناخشا توۋلاپ ماڭىدۇ.

## 12

خان لەشكەرلىرى بوستانلىق مەھەللىدىن ئات چاپتۇرۇشۇپ ئۆتىدۇ.

## 13

گۇگۇم چۈشكەن چاغ، نەسىرىددىن ئەپەندى ئېشەكلىك كېتىۋېتىپ، ئۇستىبېشى جۇل-جۇل، قاسماق بىر ئوغۇل بالىنىڭ مەسچىت ئالدىدا بويىنىنى قىسىپ يىغلاپ ئولتۇرغىنىنى كۆرىدۇ. ئۇ ئېشەكتىن چۈشۈپ بالىنىڭ بېشىنى سىيلايدۇ.

نەسىرىددىن ئەپەندى: بالام، يىغلاپ ئولتۇرغۇچە ۋاقتىدا ئۆيۈڭگە قايتقىن، بولمىسا ئاتا-ئاناڭ ئەنسىرەپ قالىدۇ.

بالا: مېنىڭ ئاتا-ئانام يوق.

نەسىرىددىن ئەپەندى: ئەمىسە، ماڭا بالا بولامسەن؟

بالا بارمىقىنى چىشلەپ كۈلىدۇ. نەسىرىددىن ئەپەندى رازىمەنلىك بىلەن بالىنى ئالدىغا ئېلىپ ئېشىكىگە مىنىدۇ.

## 14

نەسىرىددىن ئەپەندى بالىنى ئېشىكىنىڭ ئالدىغا مىندۈرۈپ مەسچىتنىڭ يان كوچىسىدا كېتىۋاتقاندا ئالدىدىن قېرى ئىمام ئاخۇنۇم باشلىق جامائەت چىقىدۇ. نەسىرىددىن ئەپەندى ئېشەكتىن چۈشمەي جامائەتكە سالام بېرىدۇ.

نەسىرىددىن ئەپەندى: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، جامائەت.

ئىمام باشلىق جامائەت: ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئەپەندىم.

ئىمام: ئەپەندىم، ئۆزلىرىنى ئادىل ئادەم دېسەك، ئادىللىقلىرىمۇ چاغلىقكەن. شۇنچە يىلدىن بۇيان سىلىنى دۈمبىسىگە ئارتىپ يۈرگەن خۇدانىڭ بۇ جانىۋىرىغا ئىچلىرى ئاغرىماي يەنە بۇ بالىنىمۇ مىندۈرۈۋاپلا. بىچارە ئېشەككە ئېغىر كېلىپ تەرلەپ كېتىپتۇ. ھايۋان بولسىمۇ زۇلۇم

سالمايلى ئۇنىڭغا.

نـەسـىـرىـددىـن ئەپەندى: ئەپۇ قىلىشىسىلا، جامائەت. پىقىر كەم ئەقىللىقىمدىن ئىشنىڭ بۇ يەرلىرىنى ئويلاپ كەتمەپتىمەن. ھەر قايسىلىرى ئادىللىقىنىڭ ھەممىسىنى ماڭا ئارتىپ قويغاندەك، مەنمۇ ئېغىرىمنى ئېشىكىمگە ئارتىۋېرىپتىمەن. قارىغاندا، بىر-بىرىمىزگە لايىقىدا ئارتساق بولغۇدەك، — دەپـــلا ئېشەكتىن چۈشىدۇ. بالىنى ئېشەككە مىندۈرۈپ، ئۆزى ئېشەكنى يېتىلەپ ماڭىدۇ.

## 15

نەسىرىددىن ئەپەندى شۇ تەرىقىدە ئېشىكىنى يېتىلىگىنىچە ناۋايخانا ئالدىدىن ئۆتىدۇ. نان يېقىۋاتقان ناۋاينى كۆرۈپ سالام بېرىدۇ.

نەسىرىددىن ئەپەندى: ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئۇستام.

نـــاۋاي: ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئەپەندىم. ھوي، بۇ قانداق گەپ؟ پەقەتلا قامالاشماپتۇ. سىلى ياشانغان ئادەم تۇرۇپ ئېشەك يېتىلەپ، بۇ بالا ئېشەككە مىنىۋالسا قانداق بولغىنى. بۇنداق ماقامدا يوق ئىش سىلىدەك ئەۋلىيا سۈپەت دانىشمەنگە پەقەتلا ياراشمايدۇ. ئېشەكنى ئۆزلىرى مىنىپ ماۋۇ بالىغا يېتىلەتكەنلىرى تۈزۈكمىكىن، ئەپەندىم.

نەسىرىددىن ئەپەندى بالىغا قاراپ مەنىلىك كۈلۈمسىرەيدۇ.

## 16

نەسىرىددىن ئەپەندى ئېشەكنى بالىغا يېتىلىتىپ يېپچى خوتۇنلار چاق ئـىـگـىـرىـۋاتقان مەھەللىدىن ئۆتىدۇ. خوتۇنلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ

نەسرىددىن ئەپەندىگە سالام بېرىدۇ.

بىر ئايال: ئالتۇن بويلىرى ئامان بولغاي، نەسرىددىن ئەپەندىم. ساقال ئەستاغپۇرۇللاغا يېتىپ قالغاندا، مۇشتەك بالىنى ماڭغۇزۇپ ئۆزلىرى موميادەك قېتىپ ئېشەكتە ئولتۇرغانلىرى نېمىسى؟

نەسرىددىن ئەپەندى بالىغا قاراپ چېكىسىنى تاتىلاپ، خىجىللىق بىلەن كۈلۈمسىرەيدۇ.

## 17

خــان لــەشكەرلىرى نەسرىددىن ئەپەندى يېتىم بالىنى تېپىۋالغان مەسچىتنىڭ ئالدىدىن شىددەت بىلەن ئات چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ، ئۇ ماڭغان يان كوچىغا كىرىپ كېتىدۇ.

## 18

قىزىپ كەتكەن يېزا بازىرىدا توپلىشىۋالغان مىغ-مىغ ئادەملەر ئارىسىدا بىر مەدداھ جەڭنامە سۆزلىمەكتە. كۆزىنى تېڭىۋالغان دارۋاز ئاسمان-پەلەك دارغا چىقماقتا. ئويۇن كۆرۈۋاتقان توپ ئىچىدىن بىر بالا ۋارقىرايدۇ:

بالا: ئاۋۇ قىزىق ئىشنى كۆرۈڭلار.

ئـېـشـەكـنى قۇرۇق هارۋىغا چىقىرىپ ئۈستىگە بالىنى مىندۇرگەن نەسرىددىن ئەپەندى هارۋىنى سۆرەپ بازارغا كىرىپ كېلىدۇ. بازار ئەهلى قاقاقلاپ كۈلۈشىدۇ.

بۇ كۆرۈنۈش ئاستا يىراقلاپ تېلېۋىزور ئېكرانىدىن كۆرۈنىدۇ. زامانىۋى بېزەلگەن ئۆيدە نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ كېلىشكەن ئايالى تولغىنىپ ئۈچ

ياشلىق قىزى نۇزۇكئاي بىلەن تېلېۋىزوردىن يۇقىرىقى ئىشلارنى كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىشىدۇ. تولغانئاي نۇزۇكئاينى باغرىغا بېسىپ سۆزلەيدۇ.

تولغانئاي: قىزىم، دادىڭىزنىڭ ئىشلىرى قىزىقمىكەن؟

نۇزۇكئاي: بەك قىزىقكەن. ئاپا، بىچايە دادام ئېشەك بىلەن ئاۋۇ ئاكاشنى قانداق شۆيىگەندۇ؟

تولغانئاي: قىزىم، دادىڭىزنىڭ بۇنداق قىزىق ئىشلىرى بەك تولا. ئۆمۈر بويى كۆرۈپ-سۆزلەپمۇ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئۇخلايدىغان ۋاقتىڭىز بولدى. ئەمدى ئۇخ ئېيتىڭ-ھە.

تولغانئاي نۇزۇكئاينى چىرايلىق ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ كىچىك كارىۋىتىدا ياتقۇزىدۇ.

تولغانئاي: ئوماق قىزىم، خۇداغا ئامانەت، ياخشى چۈش كۆرۈڭ.

نۇزۇكئاي: مەن يەنە دادامنىڭ قىزىق ئىشلىرىنى چۈشۈمدە كۆيۈپ ياتىمەن، ئاپا، سىزمۇ چۈشىڭىزدە دادامنىڭ كۆيۈڭ-ھە.

تولغانئاي: بولىدۇ، ۋاي گېپى تاتلىق قىزىم.

تولغانئاي نۇزۇكئاينىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى يېپىپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇشىغا ئۇن خالتىسىدەك يوغان، سېمىز مەھەللە مۇدىرىنىڭ قۇچىقىغا كىرىپ قالىدۇ. تولغانئاي قاتتىق چۆچۈپ، ھاڭ-تاڭ قالىدۇ. مۇدىر شەھۋەتپەرەسلىك بىلەن ھىجىيىدۇ.

تولغانئاي: مۇدىر، كېچىدە بۇ ئۆيگە قانداق كىردىڭىز؟ نېمانداق سەتلىشىپ يۈرىسىز.

مۇدىر: ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭ. يالغۇزلۇقتا سىزگىمۇ كۈن ئۆتكۈزۈش تەس. نەسىرىددىن ئەپەندى شىركەتنىڭ ئىشى بىلەن بىر چىقىپ كەتسە، ئايلاپ ئۆيگە كەلمەي نە-نەلەردە كۆڭلىنى خۇش ئېتىپ يۈرىدۇ. سىز ئۆيدە

بار-يوقنىڭ دەردىنى تارتىپ قىينىلىسىز. مۇشۇ ئاي-مۇشۇ كۈنلەردە ھالىڭىزغا مەن يەتمىسەم كىم يېتىدۇ. ئادەمنى قىينىماڭ جېنىم، چىدىمىدىم.

مۇدىر تولغانئاينى ئۆزىگە تارتىپ سۆيمەكچى بولىدۇ. تولغانئاي مۇدىرنى بىر كاچات سالىدۇ-دە، مېھمانخانا ئۆيگە قېچىپ كىرىپ نەسرىدىدىن ئەپەندىنىڭ تامدا ئېسقلىق تۇرغان قىلىچىنى قولىغا ئېلىۋالىدۇ. مۇدىر ھىجايغىنىچە مېھمانخانىغا كىرىدۇ.

تولغانئاي: خوتۇن-بالىلىرىڭىز تۇرۇپ نېماندىلاق نومۇسسىز، يۈزى قېلىن ئادەمسىز، چىقىڭ ئۆيدىن، بولمىسا ۋارقىرايمەن.

كۆرۈنۈش تېلېۋىزور ئېكرانىغا يۆتكىلىدۇ. بازاردا ئۆزىگە ئولىشىۋالغان ئادەملەر ئارىسىدا نەسرىدىدىن ئەپەندى قېرى دارۋاز بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدۇ. ئاندىن يېنىدىكى يېتىم بالىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرىدۇ.

نەسرىدىدىن ئەپەندى: مانا بۇ ئوغۇلنى خۇدا سىزگە ئەۋەتتى. ئۇ ئىزىڭىزنى بېسىپ كۆكتە پەرۋاز قىلىدىغان شۇڭقار بولسۇن.

تېلېۋىزور ئېكرانىدىكى بۇ كۆرۈنۈش يىراقلاپ، ئېكراندا نەسرىدىدىن ئەپەندىنىڭ ئۆيىدىكى ئىشلار كۆرۈنىدۇ.

تولغانئاي قىلىچنى غىلاپتىن سۇغۇرىدۇ. مۇدىر شەھۋانىي ھىجىيىپ تولغانئايغا يېقىنلاشماق بولىدۇ.

تولغانئاي: كۆزۈمدىن يوقال داپ يۈز ئوغرى. ماڭا يېقىن كېلىدىغان بولساڭ قارنىڭنى چۇۋۇۋېتىمەن!

مۇدىر: ئەلپازىڭىزنى بۇزماڭ جېنىم. مەن بۇ كېچىنى سىز بىلەن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بېشىم ئۇزاق قېتىپ، ئاخىر قۇلۇپىڭىزغا چۈشىدىغان بۇ ئاچقۇچنى ناھايىتى تەستە قولغا چۈشۈردۈم. سىزگە كۆيۈپ كۇل بولمىدىم، ئۇنىڭ بىرسى بولدۇم. ئادەمنى قىينىماي ماقۇل دەڭ، بولمىسا...

مۇدىر تولغانئايغا يېقىنلىشىدۇ.

تولغانئاي: يىقىن كەلگۈچى بولما!

كۆرۈنۈش تېلېۋىزور ئېكرانىغا يۆتكىلىپ، ئاتلىق خان لەشكەرلىرى بازارغا بېسىپ كىرىدۇ.

جاكارچى: شاھ ئالىيلىرىنىڭ پەرمانى بويىچە نەسرىدىن ئەپەندى ئوردىغا ئېلىپ بېرىلىپ كاللىسى تېنىدىن جۇدا قىلىنىدۇ.

خەلق ئۆرە-تۆپە بولۇپ ۋارقىرىشىدۇ. تېلېۋىزور ئېكرانىدىكى بۇ كۆرۈنۈشلەر يىراقلاپ، كۆرۈنۈش نەسرىدىن ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە توغرىلىنىدۇ.

مۇدىر تولغانئايغا يېقىنلاپ كېلىدۇ. تولغانئاي قىلىچنى مۇدىرغا شىلتىيدۇ. مۇدىر ئۇنىڭ قولىنىڭ بېغىشىدىن تۇتۇۋېلىپ، قولىنى قايرىپ قىلىچنى تارتىۋالىدۇ.

كۆرۈنۈش يەنە تېلېۋىزور ئېكرانىغا يۆتكىلىدۇ. بازاردىكى جامائەت نەسرىدىن ئەپەندىنى قىلىن توپ ئارىسىغا ئېلىۋېلىپ، خان لەشكەرلىرىنى ئۇنىڭغا يېقىنلاشقىلى قويمايدۇ. ھەربىر ئاتلىق خان لەشكىرىنى بىر توپ بازار ئەھلى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ تۇرتۇپ ئالاقزادە قىلىۋېتىدۇ. ئادەم دېڭىزى ئىچىدە خان لەشكەرلىرى تېپىرلايدۇ. نەسرىدىن ئەپەندى خەلق توپى ئارىسىدىكى بوشلۇقتا ئېشىكىگە ئىرغىپلا مىنىپ كۆزدىن غايىب بولىدۇ.

تېلېۋىزور ئېكرانى سەل يىراقلاپ ئۆي ئىچى بىلەن تېلېۋىزور ئېكرانىدىكى ئىشلار تەڭ كۆرۈنىدۇ.

مۇدىر تولغانئاينى قۇچاقلاپ سۆيۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تۇمشۇقىنى يېقىن ئاپىرىدۇ. تولغانئاي مۇدىرنىڭ بۇرنىغا ئۇسىيدۇ. مۇدىر: ”ۋاي“ دەپ بۇرنىنى تۇتۇپلا قالىدۇ. تولغانئاي مۇدىرنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىدۇ. نەسرىدىن ئەپەندى ئەھلىجامائەتكە قول پۇلاڭلىتىپ ئېشىكىنى ھەيدىگەنچە تېلېۋىزور ئېكرانىدىن ئۆيگە چۈشىدۇ. تولغانئاي يۈگۈرۈپ

كېلىپ نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ يىغلىۋېتىدۇ. مۇدىر بۇرنىنى تۇتۇپ، كۆزلىرى چەكچەيگەن ھالدا قېتىپ قالىدۇ.

نەسىرىددىن ئەپەندى ئۆي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتىدۇ، ئەھۋالنى چۈشىنىپ سىرلىق كۈلۈمسىرەيدۇ. تولغانئاينىڭ بېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىيلاپ، ياش ئەگىپ تۇرغان كۆزلىرىگە سىغىنىش بىلەن سۆيىدۇ. ئاندىن قېتىپ-چەكچىيىپ تۇرۇپ قالغان مۇدىرنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ.

نەسرىددىن ئەپەندى: مۇدىر؟!

مۇدىر قىمىر قىلماي تۇرىدۇ. نەسرىددىن ئەپەندى مۇدىرنىڭ يوغان بۇرنىدىن تۇتۇپ سىلكىشلەيدۇ. مۇدىر بىردىنلا چۆچۈپ، قارا بېسىپ ئويغانغاندەك ۋارقىراپ ئېسىگە كېلىدۇ.

مۇدىر: ۋايجان، جىن، جىن...

مۇدىر ئۆندەرەپ تووۋلىغانچە بىرقانچە قېتىم تامغا ئۇسۇۋالىدۇ، كېيىن ئىشكنى تەستە تېپىپ، ۋارقىرىغانچە قاچىدۇ. نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ ئىشىكى ھاڭرىغانچە مۇدىرنىڭ كەينىدىن قوغلاپ چىقىپ كېتىدۇ. نەسرىددىن ئەپەندى بىلەن تولغانئاي ۋىسال تەشنالىقى بىلەن بىر-بىرىگە ئېتىلىدۇ.

## 19

يېرىم كېچە.

نەسرىددىن ئەپەندى بىلەن تولغانئاي كارىۋاتتا يېتىپ سىرداشماقتا.

تولغانئاي: بۇ مۇناپىق كەينىمگە كىرىۋالغىلى بىر يىلدىن ئاشتى. مانا ئۇ بۈگۈن ئەپت-بەشەرىسىنى تولۇق ئاشكارىلىدى. سىلىگە دېمەي دېسەم بولمىدى. ئۆيدىن بىر چىقىپ كەتسىلىرى ئايلاپ ھەتتا يىللاپ يوقاپ كېتىلا.

سلى بولمسلىلا مۇدىردەك نائەھلىلەرنىڭ ئادەمنى بوزەك قىلغىنى قىلغان.
نەسرىددىن ئەپەندى: ئۇنىڭ بايىقى ھالىنى كۆردۈڭغۇ، خوتۇن. بۇ ئۆيدە جىن بار دەپ ئەمدى يىقىن يولمايدۇ.
تولغانئاي: بۇ توخۇ مىجەز ئوغرىنى بىرنىمە دەپ بولمايدۇ.
نەسرىددىن ئەپەندى: ئەگەر يەنە نىيىتىدىن يانمىسا، مەن ئۇنىڭغا خەقنىڭ خوتۇنىغا قانات سۆرىگەنىنىڭ تەمىنى ئوبدان تېتىتىپ قويىمەن.

## 20

ئەتىسى ئەتىگەندە تولغانئاي نەسرىددىن ئەپەندىنى ئۆيدىن ئۇزىتىپ چىقىدۇ.
تولغانئاي: چۈشتە كېلەلمىسلە، كەچلىك غىزانى بالدۇر تەييار قىلىمەن. غىزاغا ئۈلگۈرۈپ بالدۇر كېلەلا.
نەسرىددىن ئەپەندى: ئۆيگە مېڭىش ئالدىدا تېلېفون قىلىۋېتىپ يولغا چىقىمەن. شۇ چاغدا تۇتۇش قىلساڭمۇ «چاققان يارىم» دېگەن ناخشام تۈگمەي تۇرۇپ غىزايىڭنى تەييار قىلىپ بولسەن، خوتۇن.

## 21

نەسرىددىن ئەپەندى ئېسىل پىكاپىنى ھەيدەپ ھويلىسىدىن چىققاندا دەرۋازا ئۆزلىكىدىن ئېچىلىپ، كېيىن يەنە ئۆزلىكىدىن يېپىلىدۇ. پىكاپنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ ئېشىكى توغرا تۇرىۋالىدۇ. نەسرىددىن ئەپەندى پىكاپىدىن چۈشمەي تۇرۇپ ئېشىكىگە يولنى توسۇۋالماسلىق مەنىسىدە ئىشارەت قىلسا، ئېشەك قۇلىقىنى يوپۇرۇپ بېشىنى چايقايدۇ. نەسرىددىن ئەپەندى پىكاپىنى

ئېشەكتىن ياندап ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن رولنى قاياققا بۇرىسا، ئېشەك شۇ يەرگە بېرىپ پىكاپنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرىۋالدۇ. نەسرىددىن ئەپەندى سائىتىگە قاراپ جىددىيلىشىپ پىكاپتىن چۈشىدۇ-دە، ئېشىكىنىڭ يېنىغا كېلىپ نەسىھەت قىلىدۇ.

نەسرىددىن ئەپەندى: ئوبدان ئېشىكىم، ئەمدى ئالدىمنى توسۇمىغىن. ئەجدادىڭدىن تارتىپ نەچچە ئەۋلادقىچە مېنى ئۆشنەڭلەرگە مىندۈرۈپ خىزمىتىمنى قىلىپ كەلدىڭلار. سەنمۇ شۇنچە يىلدىن بېرى مېنى ئۆشنەڭدە يۈدۈپ ھېرىپ ھالىڭدىن كەتتىڭ. ئەمدى ئارام ئالغىن. مېنىڭ بۇ قورۇيۇم ھەم سېنىڭ قورۇيۇڭ. بۇندىن كېيىن ئوبدان ئارام ئېلىپ، كۆڭلۈڭ تارتقاننى يەپ، خالىغانچە ئېغىناپ، نەگە بېرىشنى ئىختىيار قىلساڭ ئەركىن-ئازادە بېرىۋەرگىن. ئەمدى سېنى ئازاد قىلدىم.

نەسرىددىن ئەپەندى ئېشىكىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلايدۇ، ئېشەك بېشىنى قاتتىق چايقايدۇ، ئۇنىڭ قۇلىقى نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ تۇمشۇقىغا كاچاتتەك تېگىدۇ. نەسرىددىن ئەپەندى بىر قولىدا تۇمشۇقىنى تۇتقانچە سائىتىگە قاراپ جىددىيلىشىپ پىكاپقا چىقىش ئۈچۈن ماڭىدۇ. ئېشەك قۇلىقىنى يوپۇرۇپ ئۇنى قوغلايدۇ. ئېشەك بىلەن ئىككىسى پىكاپنى ئايلىنىپ بىردەم قوغلاشقاندىن كېيىن، نەسرىددىن ئەپەندى پەم بىلەن پىكاپقا كىرىۋېلىپ رولغا ئولتۇرۇۋالدۇ. ئېشەك پىكاپنىڭ ئەينىكىگە تۇمشۇقىنى چاپلاپ قاتتىق ھاڭرايدۇ. نەسرىددىن ئەپەندى ئىككى شاپىلىقىنى ئىككى قۇلىقىغا تۇتۇپ، ئېشەكنىڭ قۇلىقىنى دوراپ پۇلاڭلىتىپ قويىدۇ. ئېشەك چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، قۇلىقىنى يوپۇرغانچە چىچاڭشىپ پىكاپقا تېپىدۇ. ئالاقزادىلىكتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن نەسرىددىن ئەپەندى پىكاپنى ئالدىغا قوزغىدىم دەپ كەينىگە قوزغاپ سالىدۇ. ئېشەك يەنە بىرنى تېپىپ ماشىنىنىڭ ئالدى ئەينىكىدىن تۆشۈك ئېچىۋېتىدۇ. تېخىمۇ ھودۇقۇپ

كەتكەن نەسرىددىن ئەپەندى پىكاپنى بىر قوزغاپلا ئالدىغا ھەيدەيدۇ. ئۇ، غۇيۇلداپ تېز مېڭىپ كەتكەن پىكاپنىڭ رولنى باشقۇرالماي قورققىنىدىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىدۇ، رولنى قويۇۋېتىپ يۈزىنى تۇتۇۋالىدۇ. يەنە ئېــسىــگە كېلىپ رولنى تۇتىدۇ-دە، پىكاپنى خەتەرلىك دوقمۇشلاردىن چــاققانلىق بىلەن ئەگىلدۈرىدۇ. پىكاپ بازاردىكى پەشتاختىلارنى ئۆرۈپ، گــەزلــمــە بازىرىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ قۇيۇندەك ئۆتۈپ كېتىدۇ. كىيىم-كېچەك، گەزلىمە سودىسى قىلىۋاتقان ئەر-ئاياللار ئېسىل دۇخاۋىلار ئىچىدە يومىلاقلىشىپ ھەر تەرەپكە يىقىلىدۇ.

## 22

نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ ھەر خىل دۇخاۋىغا پۈركۈنۈپ خۇددى دۇخاۋا دۆۋىسىگە ئوخشاپ قالغان پىكاپى بىردە يولنىڭ ئۇ چېتىگە، بىردە بۇ چېتىگە ئۈسسۈپ ئۇچقاندەك مېڭىپ قاتناش تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئۇ، دۇخاۋىلار ئەينەكنى توسۇۋالغان پىكاپنىڭ ئىچىدىكى قاراڭغۇلۇقتا قارا تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا رولنى چاققانلىق بىلەن ئايلاندۇرىدۇ. توساتتىن پىكاپ قاتتىق بىر نەرسىگە ئۈسسۈپ توختايدۇ. نەسرىددىن ئەپەندى پىكاپنىڭ ئېــشــەك تــېــپــىپ تېشۋەتكەن ئالدى تۆشۈكىدىن بېشىنى چىقىرىپ، دۇخاۋىلارنى قايرىپ قورقۇمسىراپ قارايدۇ. كۆزىگە دەسلەپتە تۆت كوچىنىڭ ئــوتــتۇرىسىدىكى قاتناش ساقچىسىنىڭ ئالابالداق قوماندانلىق سۇپىسى، ئــانــدىن سۇپا ئۈستىدە چەكچەيگىنىدىن قېتىپ تۇرۇپ قالغان ساقچى كۆرۈنىدۇ. بۇ چاغدا چوڭ-كىچىك ماشىنىلار تۆت كوچا ئاغزىغا قالايمىقان تىقىلىپ قېلىپ قاتناش توختاپ كەتكەن، ئادەملەر توپلىشىۋالغان بولۇپ، ئۇلار قاتناش ساقچىسىنىڭ قوماندانلىق سۇپىسىغا كېلىپ ئۈسكەن دۇخاۋا

تــوپى (نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ پىكاپى)غا ھاڭگۋېقىپ قارىشىپ قالىدۇ. ئادەملەر دۇخاۋىلار ئارىسىدىن ئۆملەپ چىقىۋاتقان نەسرىددىن ئەپەندىنى كۆرۈپ پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىدۇ. غەزەپتىن پۇتۇن ۋۇجۇدى تىترىگەن قاتناش ساقچىسى نەسرىددىن ئەپەندىگە قولىنى شىلتىپ سۆزلەيدۇ.

قاتناش ساقچىسى: ھۆرمەتلىك نەسرىددىن ئەپەندى، سىلى قىلمىغان مۇشۇ ئىش قالدىمۇ ئەمدى؟

نەسرىددىن ئەپەندى: (ھەيبارلىق بىلەن ھجىيىپ گەدىنىنى تاتىلاپ) ساقچى يولداش، بۈگۈن ئېشىكىمنىڭ چۈشى بۇزۇلۇپ قاپتىكەن.

توپلىشىۋالغانلار پاراقلاپ كۈلۈشىدۇ.

قاتناش ساقچىسى: ئالجىۋاتامىلا نىمە؟ ئېشەكنىڭمۇ چۈشى بۇزۇلامدۇ؟ گەپنى چاقچاقلا ئايلاندۇرماي تۈز جاۋاب بەرسىلە. بۇ يەردە نەدە ئېشەك بولسۇن؟

ساقچى ئېڭىشىپ دۇخاۋىلارغا سىنچىلاپ قارايدۇ.

نەسرىددىن ئەپەندى: (ئالاقزادە بولۇپ) ئەنە، ئېشىكىم يەنە مىنى قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ.

نــەسرىددىن ئەپەندى پالاقشىپ يول ياقىسىدىكى بازارغا قاچىدۇ. ئـۇنـىـڭ ئـېـشكى قۇلىقىنى يوپۇرغىنىچە چېپىپ كېلىدۇ-دە، قاتناش ساقچىسىنىڭ ئۇدۇلىدىن چىچاڭشىغىنىچە ئۆتۈپ كېتىدۇ. قاتناش ساقچىسى ئېشەكتىن ئۆزىنى قاچۇرىمەن دەپ دۇخاۋىلار توپىغا ئوڭدىچىلاپ ئۇچۇپ كېتىدۇ.

ئاۋات رەستىدىكى ھەيۋەتلىك بىناغا ئېسىلغان ”نەسرىددىن ئەپەندى كىيىم-كېچەك ھەسسىدارلىق شىركىتى“ دېگەن كۆركەم ۋىۋىسكا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ. نەسرىددىن ئەپەندى پات-پات ئارقىسىغا قاراپ ئالاقزادە بـولـغـان ئـەمما چاندۇرمىغان ھالدا ئۆتكەن-كەچكەنلەر بىلەن سىپايە

سالاملىشىپ بىناغا كىرىدۇ.

خېرىدارلار نەسىردىدىن ئەپەندىنىڭ سودا سارىيىدىن بەس-بەستە كىيىم-كېچەك سېتىۋالماقتا. ئۇلار ئالغان كىيىملىرىنى تىكلىمە ئەينەك ئالدىدا كىيىپ كۆرۈپ باققاچ ئۆزئارا سۆزلىشىدۇ.

خېرىدار A : دېگەن بىلەن يەنىلا ئەپەندىمنىڭ شىركىتىنىڭ كىيىملىرى ياخشىكەن. تىكىلىشى پۇختا، سۈپەتلىك، باھاسى مۇۋاپىق، كەيسە يارىشىملىق.

خېرىدار B : پۈتۈن بازارنى ساختا مال بېسىپ كەتكەن مۇشۇ كۈنلەردە پەقەت نەسىردىدىن ئەپەندىنىڭ شىركىتىلا دۇكىنىغا ساختا مال سالمىدى، شۇڭا خېرىدارلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ ھەممە ئادەم ئەپەندىمنىڭ سودا سارىيىغا ئاقتى دەڭلا.

خېرىدار C: خەق دېگەن يامان. "ياغاچ قازاندا بىر قېتىم ئاش پىشىدۇ" دېگەن تەمسىلنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ خەقنى ئالدىدىم دېگەن بىلەن سايىم ساختىغا ئوخشاش سودىسى كاساتلىشىپ، چۈشىن قورۇپ ئولتۇرىدىغان گەپ.

## 23

ھەر خىل كىيىم-كېچەكلەر بىلەن تولغان سودا سارىيىدا سايىم ساختا خېرىدار يوق مۈگدەپ ئولتۇرغاندا، نامەت قاشاڭ ئالدىراپ كىرىپ كېلىدۇ.

نامەت قاشاڭ: خوجايىن، نەسىردىدىن ئەپەندىدە خۇدا ئاتا قىلغان بىر ئامەت بار ئوخشايدۇ. بىزنىڭ سودا سارىيىمىزدا توپا بېسىپ سېتىلماي قالغان كىيىملەرنى خەقلەر ئۇنىڭ ماگىزىنىدىن قول-قولغا تەگمەي ئېلىۋاتىدۇ. دولقۇن قۇچقاچ، ۋەدە قىلغان چاي پۇلىنىڭ قالغىنىنى

بەرمسەڭلار قالغان مىلىڭلارنى قايتۇرىۋېتىمەن، دەيدۇ.

سايىم ساختا كۆزىنى ئېچىپ نامەت قاشاڭغا چەكچىيىدۇ.

سايىم ساختا: ئۇ جاۋىلداق قۇچقاچنىڭ بىزدە يەنە قانچىلىك ئېلىشى بار ئىكەن؟

نامەت قاشاڭ: يىگىرمە مىڭ سوم.

سايىم ساختا: ئۇ پۇلنى ۋاقتىدا بېرىۋېتىپ، بىزدىن يەنە مال ئېلىشقا كۆندۇر. چاي پۇلى بۇرۇنقى ھېساب بويىچە بولىدۇ.

نامەت قاشاڭ: دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن، خوجايىن.

## 24

نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ سۆھبەت زالىدا ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن ھەرقايسى شىركەتلەرنىڭ دىرېكتور، سودا ۋەكالەتچىلىرى "بېيجىڭ"، "شاڭخەي"، "گۇاڭجۇ"، "شېنجېن" دېگەن خەتلەر يېزىلغان تاختىلار قويۇلغان سۆھبەت ئۈستىلىنى چۆرىدەپ ئولتۇرىدۇ.

نەسرىددىن ئەپەندى سالاپەتلىك ئەمما ئالدىراش ھالدا كىرىپ كېلىدۇ.

نەسرىددىن ئەپەندى: ھۆرمەتلىك مېھمانلار، يولدا كەلگىچە ئازراق كاشىلىغا يولۇقۇپ قېلىپ، ھەرقايسىلىرىنى ساقلىتىپ قويدۇم، كەچۈرۈشكەيلا.

سۆھبەت ئۈستىلىدىكىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ نەسرىددىن ئەپەندى بىلەن سالاملىشىدۇ. نەسرىددىن ئەپەندى ئۇلار بىلەن قىزغىن، سەممىي، دوستانە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۆز جايىغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ.

نەسىردىن ئەپەندى: شىركىتىمىز بىلەن ئۇزاقتىن بۇيان سەممىي، دوستانە ھەمكارلىشىپ كەلگەن ھەرقايسى ئەزىز دوستلىرىمىزنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى ئاجرىتىپ، يەرمەنكىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىنى قىزغىن قارشى ئالىمەن.

## 25

يەنە شۇ سۆھبەت زالىدا، ”قازاقىستان“، ”ئۆزبېكىستان“، ”قىرغىزىستان“، ”تۈركىيە“، ”روسىيە“، ”تەيۋەن“، ”شياڭگاڭ“ دېگەن خەتلەر يېزىلغان تاختىلار قويۇلۇپ، بايراقچىلار قادالغان سۆھبەت ئۈستىلىنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان دۆلەتلەر ۋە رايونلارنىڭ ۋەكىللىرى نەسىردىن ئەپەندى بىلەن قەدەھ كۆتۈرمەكتە.

## 26

”نەسىردىن ئەپەندى كىيىم-كېچەك ھەسسىدارلىق شىركىتى ئىچكى ئۆلكە، شەھەرلەر ۋە ھەرقايسى دۆلەت، رايونلاردىن كېلىپ يەرمەنكىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلغان دوستلارنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ“ دېگەن ھەيۋەتلىك لوزۇنكا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ.

## 27

ئىچكى ئۆلكە، شەھەرلەر ۋە ھەرقايسى دۆلەت، رايونلاردىن كەلگەن سودىگەرلەر يەرمەنكىگە قويۇلغان خىلمۇ خىل، رەڭگارەڭ كىيىم-كېچەكلەرنى

زور قىزىقىش بىلەن كۆرمەكتە. نەسرىددىن ئەپەندى مېھمانلارغا يول باشلاپ كىيىم-كېچەكلەرنى تونۇشتۇرماقتا.

## 28

ئەتلەس كۆڭلەك، دوپپا كىيگەن، قىرىق كوكۇلىلىق ئۇيغۇر قىزلىرى پۈتۈن زېھنى بىلەن كىيىم تىكمەكتە. نەسرىددىن ئەپەندى مېھمانلارغا فابرىكىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرماقتا.

## 29

تولغانئاي كۆكتات بازىرىدىن ئۆتياش ئېلىۋاتقاندا يوغان بىر چۇپۇرلۇق قول ئۇنىڭ ئايىقى بىلىكىنى تۇتىدۇ. تولغانئاي چۆچۈپ قاراپ مۇدىرنىڭ بىزەڭلىك بىلەن ھەجىيىپ تۇرغان چىرايىنى كۆرىدۇ. تولغانئاي مۇدىرغا قاراپ سىرلىق كۈلۈپ قويۇپ بىلىكىنى تۇيدۇرماي ئۇنىڭ چۇپۇرلۇق قولىدىن ئاجرىتىدۇ. شەھۋەتپەرەسلىكتىن مەستخۇش بولغان مۇدىر ئېسىگە كېلىپ كۆزىنى ئاچقاندا، يېنىدا تولغانئاينىڭ يوقلۇقىنى كۆرىدۇ. ئۇ، بازارچىلار ئارىسىغا بويۇنداپ قاراپ، كېتىۋاتقان تولغانئاينى كۆرىدۇ. شۇئان تولغانئايمۇ ئارقىسىغا قاراپ مۇدىرغا مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ قويۇپ كېتىپ قالىدۇ. مۇدىر تەشنالىق بىلەن لېۋىنى يالايدۇ.

## 30

نەسىرىددىن ئەپەندى سۆھبەت زالىدا شىركەت خىزمەتچىلىرىگە

سۆزلىمەكتە.

نــەسرىددىن ئەپەندى: بازارلارنى ساختا مال قاپلاپ كەتكەن بۇ كۈنلەردە، بىز فابرىكىمىزدا تىكىلگەن كىيىملەرنىڭ سۈپىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئەلا سۈپەت ئارقىلىق بازار رىقابىتىدە پۇت دەسسەپ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىركىتىمىزگە ھەرقانداق سۈپەتسىز-ساختا ماللارنىڭ سىڭىپ كىرىپ ۋەيران قىلىشىدىن ئالاھىدە ھوشيار بولۇشىمىز كېرەك. ئابدۇرېھىم جالال (خىزمەتچىلەر ئارىسىدىن كېلىشكەن بىر يىگىت چۆچۈپ ئورنىدىن تــۇرۇپــدۇ)، ئولتۇرۇڭ، سىز شىركىتىمىزنىڭ قابىل مال سېتىۋالغۇچىسى. شۇنىڭغا ھېزى بولۇڭكى، ناچار-ساختا مەھسۇلاتلار ئېلىمىز بازارلىرىغا خۇددى ۋابــادەك يــامــرايلا قالماستىن، چەت ئەل بازارلىرىغىمۇ سىڭىپ كىرىپ، خېرىدارلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئېغىر زىيان سالماقتا. كارخانىمىز دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردە سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش بىلەن داڭ چىقىرىپ سودىسى روناق تېپىۋاتقان كارخانا. "سۈپەت — كارخانىنىڭ جېنى" دېگەن قانۇنىيەتنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز، بەلكى بۇ سۆزنى شىركەتنى روناق تاپقۇزىدىغان دەستۇر قىلىشىمىز كېرەك.

## 31

كېچە.

ھــەشــەمــەتــلىك ھۇجرىدا سايىم ساختا بىر نازىنىن ئايال بىلەن چىرمىشىپ ياتقانىنىڭ ئۈستىگە نامەت قاشاڭ كىرىدۇ.

نامەت قاشاڭ: خوجايىن، چېھرىئاي كەلدى.

سايىم ساختا: باشلاپ كىر.

نامەت قاشاڭ چىقىپ كېتىدۇ.

ئايال دومسىيىپ يوتقاندىن يېرىم يالىڭاچ ھالدا سوزۇلۇپ چىقىدۇ-دە، سايىم ساختىنىڭ بوينىغا گىرە سالىدۇ.

ئايال: ئەمدى مېنى تاشلىۋېتەمسىز؟

سايىم ساختا: (ئايالنىڭ بىلەكلىرىگە سۆيۈپ تۇرۇپ) جېنىم، ئۇنىڭ بىلەن دېيىشىدىغان مۇھىم بىر گەپ بار ئىدى.

ھۇجرىغا چىرايلىق، جادىگەر قىز چېھرىئاي ناز-كەرەشمە بىلەن كىرىپ كېلىدۇ. چېھرىئاينىڭ گۈزەللىكىدىن ئەس-ھوشىنى يوقاتقان سايىم ساختىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، شۆلگەيلىرى ئېقىپ، ئۇنىڭغا ئاچكۆزلۈك بىلەن قاراپلا قالىدۇ. بۇنى كۆرگەن ئايال سايىم ساختىنىڭ بېشىنى تولغاپ ئۆزىگە قارىتىپ، مەڭزىنى چىشلەپ سۆيۈۋالىدۇ. سايىم ساختا ئاغرىقتىن چۆچۈپ مەڭزىنى سىيلاپ ئېسىگە كېلىدۇ. چېھرىئاي ئۇلارغا قاراپ مەسخىرە بىلەن كۈلىدۇ.

سايىم ساختا: لېۋەنكەنسىز، بولىدىكەنسىز خېنىم. دېگىنىمىز بويىچە ئىشنى پۈتتۈرسىڭىز مەن سىزنى ئوبدان رازى قىلىمەن.

سايىم ساختا ياستۇقنىڭ ئاستىدىن بىر كاللەك پۇلنى ئېلىپ چېھرىئايغا تەڭلەيدۇ.

چېھرىئاي: (پۇلنى ئىتتىرىۋېتىپ) قانچە پۇل بۇ؟

سايىم ساختا: ئون تۈمەن.

چېھرىئاي: ئىش پۈتكەندە يەنە قانچىنى بېرىسىز؟

سايىم ساختا: ئون تۈمەن ئالسىڭىز بولار.

چېھرىئاي: ئون تۈمەن؟! جان بىلەن ئوينىشىدىغان ئىش بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزۈمنىڭ تاماكا سودىسى ياخشىكەن.

ئۇ پەرۋا قىلمىغاندەك كەينىگە ئۆرۈلۈپ ماڭىدۇ.

سايىم ساختا: زادى قانچىنى ئالىسەن؟

چېھرىئاي: ئەللىك تۈمەنگە چىدىسىڭىز ئويلاپ باقاي. چېھرىئاي سىرلىق تەبەسسۇم بىلەن سايىم ساختىنىڭ كۆزىگە تىكىلىدۇ.

سـايـىم ساختا: ئىشنى مەن دېگەندەك پۈتتۈرەلىسەڭ، دېگىنىڭچە بولسۇن.

چېھرىئاي: چاتاق يوق (قولىدىن قاس چىقىرىدۇ).

## 32

مـۇدىر كاتتا سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئۆيدە تىكىلمە ئەينەك ئالدىدا ياسىنىۋاتقاندا، ئايالى قۇندۇز ئۇنىڭ كىيىم يۆتكىشىگە ياردەملىشىدۇ.

مۇدىـر: بـۈگـۈنـكـى چايغا جىق كاتتىلار كېلىدۇ. كەچ قالسام كېلەلمەسلىكىم مۇمكىن، ئەنسىرىمە.

قۇندۇز: ئامال بار قايتىپ كېلەلا.

## 33

تاماكا ئىسى بىلەن غۇۋالاشقان كېچىلىك بەزمىخانىدا يېرىم يالىڭاچ ئۇسسۇلچى قىز يىلاندەك تولغىنىپ يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى، قىزنىڭ ئەتراپىدا جۈپ-جۈپ مودا قىز-يىگىتلەر بىردەم چۆرگىلىشىپ، بىردەم ئاجراپ ئارىلاشما تانسا-ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. يەنە بىر يېرىم يالىڭاچ قىز پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ناخشا ئېيتىۋاتاتتى.

يېرىم يالىڭاچ ئىككى قىزنىڭ ئۈلپەتچىلىكىدە ئابدۇرېھىم جالال، ئۇنىڭ قارشىسىدىكى كرېسلودا يەنە بىر يېرىم يالىڭاچ قىزنىڭ ئۈلپەتچىلىكىدە نامەت قــاشاڭ ئـىچكۈۋاتقانلىق قىلىۋاتاتتى. ئابدۇرېھىم جالال قولىدىكى لىق ھاراق

تولدۇرۇلغان رومكىنى ئىككى يېنىدىكى قىزلارنىڭ لېۋىگە تەگكۈزۈپ، قىزلار ئازراق ئىچىپ بەرگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ، ئاندىن بىراقلا ئىچىۋېتىدۇ. ئۇ دەلدەڭشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئوتتۇرىدا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىزنىڭ يېنىغا كېلىدۇ-دە، ساغرىسىنى تولغاپ تەڭ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئەتراپتىن ئىسقىرتىق، قىقاس-چۇقان كۆتۈرۈلىدۇ. ئابدۇربەھىم جالالغا ئۇلپەت بولغان قىزلار بىلەن نامەت قاشاڭ بىر-بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ كۈلۈپ قويىدۇ. ئابدۇربەھىم جالال قوينىدىن بىر تۇتام پۇل چىقىرىپ، ئاۋۋال ئۇسسۇلچى قىزنىڭ زەرلىك تامبىلىغا، ئاندىن يالتىراپ تۇرغان بېغىردىقىغا قىستۇرىدۇ. ئۇسسۇلچى قىز بەدەنلىرىنى تېخىمۇ لىغىرلىتىپ ئۇنىڭغا تولغىما ئۇسسۇل ئويناپ بېرىدۇ. سورۇندا ئەسەبىي قىقاس-چۇقان، چاۋاك، ئىسقىرتىق تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىدۇ. نامەت قاشاڭ ھەممىدىن بەك چاۋاك چالىدۇ.

## 34

كەچتە مۇدىر نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىدۇ-دە، ئەتراپقا ئالاقزادىلىك بىلەن قارىۋېتىپ ئۆزىگە يات بىر خىل چاققانلىق بىلەن دەرۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكىدىن كىرىدۇ ۋە ئۆيىنىڭ قۇلۇپىغا ئاچقۇچ سالىدۇ. مۇدىرنىڭ ھەرىكەتلىرىنى دېرىزىدىن كۆرۈپ تۇرغان تولغانئاي قولىدىكى سىمسىز تېلېفوننىڭ نومۇرىنى باسىدۇ.

## 35

نەسرىددىن ئەپەندى پىكاپىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ سىمسىز تېلېفوننى

قولغا ئالدۇ.

نەسرىددىن ئەپەندى: ھەئە، مەن، ئاپپىقىم.

نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ قوشۇمىسى تۇرۇلۇپ بىردىنلا سىرلىق كۈلۈمسىرەيدۇ.

## 36

نەسرىددىن ئەپەندى مۇدىرنىڭ ئىشىكنى ئۇرىدۇ. قۇندۇز ئىشىكنى ئېچىشىغا نەسرىددىن ئەپەندى كۆزىنى قىسىپ مەنىلىك كۈلۈمسىرەيدۇ.

## 37

قۇندۇز بىلەن نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ كرىسلودا شېرىن مۇڭدىشىپ ئولتۇرغان كۆرۈنۈشى تولغانئاي بىلەن مۇدىر ئولتۇرغان ئۆيدىكى تېلېۋىزوردىن چىقىدۇ.

مۇدىر تېلېۋىزوردىكى كۆرۈنۈشكە دىققەت قىلماي، تولغانئاينى قۇچاقلىماق بولۇپ ئۆزىگە تارتىدۇ. شۇ چاغدا تېلېۋىزوردا نەسرىددىن ئەپەندىنىڭمۇ قۇندۇزنى ئۆزىگە تارتىپ باغرىغا بېسىۋاتقان كۆرۈنۈش كۆرۈنىدۇ.

تولغانئاي: قاراڭ، مۇدىر، تېلېۋىزورغا بىر قارىۋېتىپ، ئاندىن نېمە قىلسىڭىز مەيلى.

مۇدىر تېلېۋىزورغا قاراپلا ۋارقىرىۋېتىدۇ، كۆزى چەكچىيىپ، ئاغزى كاماردەك ئېچىلىپ قالىدۇ.

نەسرىددىن ئەپەندى ھاڭقېتىپ قاراپ قالغان مۇدىرغا پات-پات قاراپ

كۆلۈپ قويۇپ، قۇچقىدىكى توختىماي يۇلقىنىپ بوشىنىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان قۇندۇزنى قەستەن كۆز-كۆز قىلىپ سۆيگەنچە تېلېۋىزور ئېكرانىدىن سوزۇلۇپ چىقىپ مۇدىر بىلەن تولغانئايىنىڭ ئالدىغا چۇشىدۇ. قۇندۇز نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ قۇچقىدىن بوشىنىپ چىقىپلا ئەتراپقا ھاڭقىيىپ قاراپ، ئۆزىنىڭ باشقا بىر ئۆيگە كېلىپ قالغانلىقىنى، ئۇ يەردە ئېرى بىلەن تولغانئايىنىڭ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، يۈزىنى تۇتۇپ يىغلىغىنىچەيۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىدۇ. نەسرىددىن ئەپەندى قېتىپ قالغىنىدىن ئۆزىنى يوقاتقان مۇدىرنىڭ قېشىغا سۈرلۈك ئەلپازدا قەدەممۇ قەدەم قىستاپ كېلىدۇ-دە، تېخى يېڭىلا يۈلۈۋېلىنغان يوغان بىر باش سەۋزىنى چىقىرىپ كۆكى بىلەنلا ئۇنىڭ ئاغزىغا كەپلەپ تىقىۋېتىدۇ.

نەسرىددىن ئەپەندى: خەقنىڭ خوتۇنىغا ساقال تاشلىۋىدىڭىز، خەقمۇ خوتۇنىڭىزنى كۆزىڭىزگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆيسە قانداق بولىدىكەن، ئەمدىغۇ بىلگەنسىز؟!

مۇدىر ئېسىگە كېلىپ ئۆزىنى كاچاتلاۋاتقاندا، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ ئەسەبىيلەشكەن قۇندۇز كالتەك كۆتۈرۈپ كىرىپ مۇدىرغا ئېتىلىدۇ. مۇدىر ئاغزىدىكى سەۋزىنىمۇ ئالماستىن، مىڭ تەستە ئىشىكنى تېپىپ، قېچىپ چىقىپ كېتىدۇ. قۇندۇز كالتەكنى شىلتىغان پېتى كەينىدىن قوغلايدۇ.

قۇندۇز: (سىرتتىن ئاۋاز) توختا، ھۇ رەسۋا، مۇناپىق.

نەسرىددىن ئەپەندى تولغانئايىنى باغرىغا باسىدۇ.

## 38

نەسرىددىن ئەپەندى داغلىق ماركىلار چاپلانغان ھەر خىل سۇپەتسىز، ناچار كىيىم-كېچەكلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ خەلققە تېلېۋىزىيە نۇتقى

سۆزلىمەكتە.

نەسرىددىن ئەپەندى: ھۆرمەتلىك خېرىدارلار، مال كىرگۈزۈشتىكى تۈرلۈك كەسپىي ھالقىلار چىك تۇتۇلمىغان سەۋەبلىك نۇرغۇن سۈپەتسىز، ساختا كىيىم-كېچەكلەر شىركىتىمىزنىڭ ھەرقايسى شەھەر-بازارلاردىكى سودا ساراي، ماگىزىنلىرى ئارقىلىق كەڭ خېرىدارلار ئارىسىغا تارقاپ كەتكەن. بۇ كــەچۈرگىسىز جىنايىتىم ئۈچۈن خېرىدارلاردىن تۆۋەنچىلىك بىلەن ئەپۇ ســورايمەن. مەيلى قايسى شەھەر-بازار، دۆلەتتە بولسۇن شىركىتىمىزدىن بۇنداق ساختا ماركىلىق سۈپەتسىز-ناچار كىيىم-كېچەكلەرنى سېتىۋالغان خېرىدارلار بۇ كىيىملەرنى دەرھال شۇ يەردىكى سودا ساراي-ماگىزىنلىرىمىزغا ئەكېلىپ قايتۇرۇپ، پۇلىنى ئېلىۋالسۇن. مەن شىركىتىم نامىدىن شۇنى باياناتقىلىمەنكى، شۇ كىيىملەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن سودا سارىيىمىزغا كەلگەن خېرىدارلارنىڭ بارغان-كەلگەن كىرا پۇلى ھەتتا زايا بولغان ۋاقتىغا ھەق ھېسابلاپ، كىيىمنىڭ پۇلىغا قوشۇپ تولۇقى بىلەن قايتۇرۇپ بېرىمىز.

تېلېۋىزور كۆرگۈچىلەر تەنتەنە قىلىدۇ.

## 39

ئالمۇتا خەلقى نەسرىددىن ئەپەندىنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدۇ.

## 40

نــەســرىددىن ئەپەندى تاشكەنت شەھىرىدە بىر دۆۋە ساختا-ناچار كىيىملەرگە ئۆز قولى بىلەن ئوت ياقىدۇ. ئۆزبېكلەر قىزغىن تەنتەنە، باركاللا سادالىرى ئىچىدە ئۇنىڭغا تون كىيدۈرىدۇ.

## 41

بىشكەك شەھەر ئاھالىسىگە ۋەكالىتەن بىر مويىسىپىت قىرغىز ئاقساقال نەسىرىددىن ئەپەندىنى ئارغىماققا مىندۈردى.

## 42

نـەسـىـرىددىن ئەپەندى ئۆزىنىڭ سودا سارىيىدا روس خېرىدارلار ئەكەلگەن ساختا كىيىملەرگە پۇل قايتۇرماقتا.

## 43

نەسىرىددىن ئەپەندى ئىشخانىسىدا خۇشخۇيلۇق بىلەن، بىر ۋاراق چەكنى خىجىلچىلىقتىن يەرگە كىرىپ كېتەي دەپ ئولتۇرغان ئابدۇرېھىم جالالغا تەڭلەيدۇ.

نەسىرىددىن ئەپەندى: سايىم ساختا سىزگە 550 مىڭ سوم پارا بېرىپ، شـىـركىتىمىزگە 3 مىليون سوم زىيان سالدى. سودا-سېتىقنىڭ تىلىنى بـىـلـىـدىغان سىزدەك پىشقان كەسىپ ئەھلى ئىقلىمدا كەم تېپىلىدۇ. ئازمايدىغان ئادەم يوق. بەندە دېگەن ئازغۇچىدۇر. سىزمۇ، مەنمۇ شۇنداق. ئـۆتـكـەنـگە سالاۋات. مەن سىزنى ئەپۇ قىلدىم. ئىشىڭىزنى خاتىرجەم ئىشلەۋېرىڭ. سايىم ساختا سىزگە 550 مىڭ سوم بەرگەن بولسا، مانا مەن سىزگە بىر مىليون بېرىپ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىمەن. قانچىلىك پۇل لازىم بولسا مېنى ئۆز ئاكىڭىز ئورنىدا كۆرۈپ تارتىنماي دەۋېرىڭ. بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ: "پۇل تېپىلىدۇ، ئادەم تېپىلمايدۇ" دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنى ئۇنتۇپ

قالمىغىنىمىز تۇزۇك.

ئابدۇرېھىم جالال: (خىجىللىقتىن ھۆكرەپ يىغلاپ) مېنى يەتتە كېچە-كۈندۈز تورۇسقا ئېسىپ قويۇپ يىلان قامچىدا ئۇرسىلا ياكى ئاتقا سۆرىتىپ ئۆلتۈرسىلىمۇ قىلمىشىمغا بېرىلگەن ھەق جازا، دەپ كۆزۈمدىن بىر تامچە ياش چىقمىغان بولاتتى. مېنى بۇنداق ۋىجدان ئازابى بىلەن جازالىغۇچە بوغۇپلا ئۆلتۈرۈۋەتسىلە بولماسمىدى.

## 44

كەچتە نەسرىددىن ئەپەندى ئىشتىن يېنىپ، ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى چېكىدۇ. ئىشىك ئېچىلىشىغىلا ئۇ، ئالدىغا چىققان چېھرىئايىنى تولغانئاي دەپ ئويلاپ قۇچاقلايدۇ.

نەسرىددىن ئەپەندى: جېنىم تولغانئاي، بۈگۈن ساڭا قانداق خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم، بىلەمسەن؟

گەپ شۇ يەگە كەلگەندە نەسرىددىن ئەپەندى ئۆزى قۇچاقلاپ تۇرغان ئايالنىڭ ئارقىسىدا كۈلۈمسىرەپ تۇرغان تولغانئايىنى كۆرۈپ توك تېپىۋەتكەندەك داڭقېتىپ قالىدۇ. چېھرىئاي قاقاقلاپ كۈلگىنىچە غىلجىڭلاپ نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ قۇچىقىدىن چىقىدۇ. نەسرىددىن ئەپەندى ھەم زوقلىنىش، ھەم ھەيرانلىق ئىچىدە بىردە تولغانئايغا، بىردە ناز-كەرەشمە بىلەن كۈلۈپ تۇرغان چېھرىئايغا قارايدۇ. تولغانئاي سەل خىجىل بولغان ھەم ئۇيالغان ھالدا نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ.

تولغانئاي: سىڭلىمىز چېھرىئايىنى تونۇشتۇرۇپ قوياي. ئۆزى چەت ئەل تىلى ئىنستىتۇتىنىڭ ئىنگلىز تىلى كەسپى بىلەن سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇزىكا كەسپىنى پۈتتۈرۈپتىكەن. بۇ قىز، بىز نەچچە ۋاقىتتىن نۇزۇگۇمئايغا

ئىزدەپ يۈرگەن ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىقىغا بەكمۇ ماس كېلىدىكەن. ئائىلىمىزگە ھەم ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى، ھەم مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلىش ئارزۇيىمىز مۇشۇ قىز بىلەن بىراقلا ھەل بولىدىكەن.

نۇزۇكئاي يۈگۈرۈپ كېلىپ قولىدىكى ئىنگلىز تىلى ئېلىپبەسىنى دادىسىغا كۆرسىتىدۇ.

نۇزۇكئاي: دادا، قاياق، بۇ ئاچاش ماڭا كىتاب بەيدى.

نەسرىددىن ئەپەندى نۇزۇكئايغا مەستلىكى كېلىپ، باغرىغا بېسىپ سۆيىدۇ.

نەسرىددىن ئەپەندى: بۇ ئاچاش ھازىردىن باشلاپ سىزگە ئىنگلىز تىلى ۋە مۇزىكىدىن دەرس بېرىدىغان مۇئەللىمىڭىز بولىدۇ. سىز مۇئەللىمىڭىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، دېگىنىنى قىلسىڭىز كەلگۈسىدە ئوبدان ئادەم بولىسىز.

نۇزۇكئاي: شۇ چاغدا تېز چوڭ بوياممەن، دادا؟

نەسرىددىن ئەپەندى: ھەئە قىزىم، تېز چوڭ بولىسىز.

نۇزۇكئاي: مەن چوڭ بولشامچۇ، ئامېرىكىدا ئوقۇپ ئالىم بويۇپ ئايغا چىقىمەن.

نەسرىددىن ئەپەندى: ئايغا چىقسىڭىز قايتىپ چۈشەمسىز؟

نۇزۇكئاي: ئۇزاق تۇيماي قايتىپ چۈشىمەن.

نەسرىددىن ئەپەندى: ئايدىن نېمە ئېلىپ چۈشىسىز؟

نۇزۇكئاي: ئاڭلىشام، ئايدىكى ئاداشنىڭ دادىشى كۆن، ئانىشى ئايكەن. مەن ئۇ ئاداشقا دەپ، كۆن داداش بىلەن ئاي ئاپاشنى بىز بىلەن تۇيۇشقا ئېلىپ كىيىمەن.

نەسرىددىن ئەپەندى: نېمىشقا؟

نۇزۇكئاي: مەن قاياڭغۇدىن بەك قويىقىمەن. بىزنىڭ مەھەللىدە كېچە بومىشكەن دەيمەن.

ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۇلۇشىدۇ.

## 45

نەسىرىددىن ئەپەندىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر مېھمانخانىسىدا تاماق شىرەسىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ غىزا يېمەكتە.

چېھرىئاي نۇزۇكئايغا تولىمۇ كۆيۈمچانلىق بىلەن تاماق يېگۈزمەكتە. نەسىرىددىن ئەپەندى بىلەن تولغانئاي بىر-بىرىگە قاراپ رازىمەنلىك بىلەن كۆز ئۇرۇشتۇرىدۇ.

نۇزۇكئاي: مەن مۇئەللىمگە بەك ئامىياق. كېچىدە يالغۇز ئۇخىياپ بەك قويىقىدىكەنمەن. شىلە بىللە ئۇخىيغاندىكىن قويىقمايشىلە. مەن ئەمدى مۇئەللىم بىلەن ياتىمەن، ماقۇلما دادا، ئاپا؟

نەسىرىددىن ئەپەندى بىلەن تولغانئاي چېھرىئاينىڭ ئالدىدا ئوڭايسىزلىنىدۇ.

نەسىرىددىن ئەپەندى: قىزىم، مۇئەللىمىڭىزمۇ ئۆز ھۇجرىسىدا ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىم ئۇخلايدۇ. مۇئەللىمىڭىز كەچتە ئۆيىگە قايتىپ بارمىسا، ئاتا-ئانىسى ئەنسىرەپ قالامدۇ.

تولغانئاي: چېھرىئاي مۇئەللىمنىڭ ئۆيى بۇ شەھەردە ئەمەسكەن. ئىجارە ئالغان بىر ئېغىز كونا ئۆيدە تۇرۇۋېتىپتۇ. ھازىرغىچە تېخى خىزمەت تاپالماي بەك قىينىلىپتۇ. بالىنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلساق، چېھرىئايغىمۇ، قىزىمىزغىمۇ، بىزگىمۇ ئاسان بولغۇدەك. ئۆيلىرىمىز كەڭتاشا بولغاندىكىن، چېھرىئاي مۇشۇ يەردىلا تۇرسۇنمىكىن، دەيمەن. بەزىدە سىلى سەپەرگە چىقىپ كەتكەندە ئۆيدە يالغۇزلۇق تارتىپ قالىدىكەنمەن. بىكار ئولتۇرغۇچە مەنمۇ ئىنگلىزچە ئۆگىنىپ قويايمىكىن، دەيمەن.

نەسرىددىن ئەپەندى: (ھاياجانلىنىپ) ناھايىتى ئوبدان ئويلاپسەن، خوتۇن. بۇ قىزنىڭ كەلگىنى بەك بەلەن ئىش بوپتۇ. سىڭلىم، ھەرگىز قورۇنماڭ، بۇ ئۆيمۇ سىزنىڭ ئۆز ئۆيىڭىزدەك. ئايالىم بىلەن قىزىملا سىزنىڭ ئوقۇغۇچىڭىز بولۇپ قالماستىن، ئىشتىن بوشىغان چاغلىرىمدا مەنمۇ سىزدىن ئىنگلىز تىلىدىن دەرس ئالىمەن. ھەقىقەتەن كاتتا ئىش بولدى، سىزنى خۇدايىم يەتكۈزدى بىزگە.

چېھرىئاي: مەنمۇ بەك خۇشال بولدۇم. ھەرقايسىلىرىنىڭ ئاتىدارچىلىقى بىلەن خىزمەت، ياتاق، تامىقىممۇ بىراقلا ھەل بولدى. قاراپ باقسام، بۇ ئۆيگە ئاش-تاماق ئېتىدىغان، كىر-قات يۇيىدىغان ئۆي خىزمەتچىسىدىن بىرسى بولمىسا بولمىغۇدەك. بولدى، ئاشۇ ئىشلارنىمۇ ئۆزۈملا قىلاي.

نەسرىددىن ئەپەندى: سىز بۇنداق قارا خىزمەتكە زايا كېتىسىز، سىڭلىم.

تولغانئاي: ھەرقانچە بولسىمۇ سىزدەك ئالىي مەلۇماتلىق قىزنى ئۆي خىزمىتىگە سالغىلى بولامدۇ. ئادەمنى ئۇنداق خىجىل قىلماڭ.

شۇ ئەسنادا مېھمانخانىغا نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ ئېشىكى كىرىدۇ.

نەسرىددىن ئەپەندى: نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ ئۆيدە مېھمان تۇرسا، شۇنداقمۇ سەت ئىش قىلغان بارمۇ؟

ئېشەك بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، چېھرىئاينىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى پۇرايدۇ. چېھرىئاي قورققىنىدىن شۈمشىيىپ كېتىدۇ.

چېھرىئاي: بۇ... بۇ... قانداق ئېشەك؟

نەسرىددىن ئەپەندى: (دۇدۇقلاپ) بۇ... بۇ، سەن مەيلىڭگە قويۇۋەتكەندىن بۇيان بەك ھەددىڭدىن ئېشىپ كەتتىڭ.

ئېشەك چېھرىئاينىڭ يېڭى مودىدىكى كۆڭلىكىنى چىشلەپ تارتىشىغا كۆڭلىكى يىرتىلىپ، كۆكسى ئېچىلىپ قالىدۇ. يىرىم يالىڭاچلانغان چېھرىئاي يۈزىنى چاڭگاللىغىنىچە چىرقىراپ كېتىدۇ.

## 46

كېچىدە هويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ چىڭ باغلانغان ئېشىكى چاپچىپ، يەر تاتىلىماقتا.

## 47

چېھرىئاي نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ مېھمانخانىسىدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ رويال چېلىپ ناخشا ئېيتماقتا. نەسرىددىن ئەپەندى، تولغانئاي، نۇزۇكئايلار ئىشتىياق بىلەن تىڭشىماقتا.

## 48

كەچلىك تاماقتىن كېيىن، نەسرىددىن ئەپەندى مېھمانخانىسىدا دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتىدۇ، چېھرىئاي يىلاندەك تولغىنىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. تولغانئاي بىلەن نۇزۇكئاي ئۇسسۇلغا تەڭكەش قىلىپ چاۋاك چېلىپ بېرىدۇ. ناخشا ئېيتىۋېتىپ نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ كۆزى ئىختىيارسىز چېھرىئاينىڭ تىك كۆتۈرۈلگەن كۆكسى، ئەۋرىشىمدەك بېلى، چىرايلىق ساغرىسىغا چۈشۈپ قالىدۇ، ئەمما چاندۇرماستىن ناخشىسىنى ئېيتىپ، دۇتىرىنى چېلىۋېرىدۇ. تۇيۇقسىز چېھرىئاي بىلەن ئىككىسىنىڭ كۆزى ئۇچرىشىپ قېلىپ، چېھرىئاي ئۇنىڭغا مەنىلىك كۆز تاشلىشىغا، دېرىزە تۈۋىدە تۇرغان ئېشەك قاتتىق هاڭرايدۇ. چۆچۈپ كەتكەن نەسرىددىن ئەپەندى دۇتارنى تاشلاپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان چېھرىئاي پىرقىراپ كېلىپ ئۇنى قۇچاقلىۋالىدۇ. ئېشەك دېرىزە ئەينىكىگە تۇمشۇقىنى سۇۋاپ تېخىمۇ قاتتىق

ھاڭرايدۇ. نەسرىددىن ئەپەندى دەرغەزەپ بولۇپ ۋارقىرايدۇ.

نەسرىددىن ئەپەندى: يوقال! ئادەمنى ئەجەبمۇ تويغۇزدىڭغۇ، ھۇ ئۆلمەيدىغان قوتۇر.

تولغانئاي بىر خىل ئوڭايسىزلىق ئىچىدە چىھرىئايغا قارايدۇ. چىھرىئاي دەررۇ نەسرىددىن ئەپەندىنى قويۇۋېتىپ تولغانئاينى قۇچاقلايدۇ.

چىھرىئاي: ماڭا ئەجەبمۇ ئۆچ بولدى بۇ ئېشەك. ئۇنى كۆرسەملا قورقۇپ جان-پېنىم چىقىپ كېتىدۇ. نېمانداق پەيلى يامان ئېشەك بۇ.

تولغانئاي: ھېچقىسى يوق، سىڭلىم. نېمانچە تىترەپ كەتتىڭىز، قورقماڭ. بۇ ئېشەكنىڭ يات ئادەمنى كۆرسە بىرئاز يەكلەيدىغان خۇيى بار.

## 49

نەسرىددىن ئەپەندى ئۆيدىن چىقىپ، ئېشەكنى زەنجىر بىلەن ئوقۇرغا باغلايدۇ-دە، قامچا بىلەن باش-كۆزىگە قاتتىق ئۇرۇپ كېتىدۇ. ئېشەك كۆزىدىن تارام-تارام ياش ئاققۇزۇپ جىممىدە تۇرىدۇ. نەسرىددىن ئەپەندى ئېشەكنى تازا ئۇرۇۋېتىپ بىردىنلا توختاپ قالىدۇ-دە، قامچا ئاستا قولىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ، ئاخىر ئۇ چىدىماي ئېشەكنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلايدۇ.

نەسرىددىن ئەپەندى: ئوبدان ئېشىكىم، مېنى كەچۈرگىن. لېكىنزە مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە بەك خاپا قىلىۋاتىسەن.

## 50

شۇ كۈنى، كەچ، چىھرىئاي نورۇزكىئاينىڭ ھۇجرىسىدا ئۇنى قۇچىقىغا

ئېلىپ يېتىپ ئىنگلىز تىلى ئۆگەتمەكتە.

نەسىردىن ئەپەندى بىلەن تولغانئايمۇ ھۇجرىسىدا يېتىپ پاراڭلاشماقتا.

تولغانئاي: ئۇ دېگەن نېمە قىلسىمۇ ئېشەكتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنچە يىل بىزگە ئىشلەپ جېنىمىزغا كۆپ ئەسقاتقان. ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمىسىلىمۇ بولاتتى.

نەسىردىن ئەپەندى: يېقىندىن بۇيان شۇنچە يىلدىن بېرى چىقارمىغان غەلىتە قىلىقلارنى چىقىرىپ ئادەمنى ئۇسال قىلغىلى تۇردى. نېمە دېسەم مۇلايىملىق بىلەن ئاڭلايدىغان بۇ ئېشەكنىڭ بىردىنلا مۇشۇنداق پەيلى بۇزۇلسا نېمە دېگۈلۈك. قايسى كۈنى مېنى كوچىدا قوغلاپ يۈرۈپ ئەجەبمۇ رەسۋا قىلدى. نەسىردىن ئەپەندىنى ئېشىكى قوغلاپ يۈرگۈدەك، دېگەن لەتىپە جاھانغا تارىلىپ، دوست-دۈشمەننىڭ ئالدىدا مېنى قاتتىق نومۇسقا قويدى. بۇنى ئاز دېگەندەك، ئۆيگە كەلگەن مېھمانغىمۇ بۇنداق قىلىۋاتسا، زادى قېرىغاندا ئالجىدى بۇ ئېشەك. كۈچىدىن قالغان ئېشەكنى سېتىۋېتەي دېسە تېخى.

تولغانئاي نەسىردىن ئەپەندىنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋالىدۇ.

تولغانئاي: ئۇنداق دېمىسىلە. كۈچى بار چاغدا سالمىغان ئىشىمىز قالمىدى. ئەمدى قېرىغاندا تاشلىۋەتسىلە، خەق ئاڭلىسا سەت تۇرىدۇ. سىلىنى كۆرۈپ باقمىغان ئادەملەر ئاتلىرىنى ئاڭلىسىلا سىلىنى مۇشۇ ئېشەكلىرى بىلەن بىرگە كۆز ئالدىغا كەلتۈرىشىدۇ. بۇنداق ئەقىللىق ئېشەكتىن يەنە بىرسى تېخى دۇنياغا تۆرەلمىدى. بەزىدە ئۇ، سىلى-بىزدىن ئەقىللىق.

نەسىردىن ئەپەندى: ئۇنىڭ ئەقلىغىمۇ ئەزەلدىن قايىلمەن. لېكىن كوچىدا مېنى، ئۆيدە مېھماننى قوغلاپ ئاخىر ئۆزىنىڭ ئېشەكلىكىنى قىلسا،

قىنى ئۇنىڭ سەن ماختىغان ئەقلى.

تـولـغـانـئاي: بۇ جانۋانىڭ ئۆزلىرىنى قوغلاپ يۈرگىنىنى تېخىچە چۈشەنمىدىلىمۇ؟ بەلكى ئۇ، ئەمدى مېنى تاشلاپ مۇشۇ سەت خىرقىراپ چاپىدىغان تۆمۈر ئېشەككە مىنەمدىغان، يىگى دوستىنى تاپقاندا، كونىسىنى تاشلىغىنىڭمۇ بۇ، دەپ دەرغەزەپكە كەلگىنىدۇ، ھەقاچان.

ھەر ئىككىسى قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىدۇ.

نـەســرىــددىن ئەپەندى: بۇنى مەندىن كۆرسە قانداق بولغىنى. بۈگۈنكى يۈكسەك دەرىجىدە زامانىۋىلاشقان مەدەنىيەتلىك دۇنيادا، مەندەك خەلقئارالىق كارخانىچى يەنە ئېشەك مىنىپ يۈرسەم قاملىشامدۇ.

تولغانئاي: ياۋروپا-ئامېرىكىلىقلار شۇنچە زامانىۋىلاشقان، ھەتتا ئاي شارىدا پەرۋاز قىلىۋاتقان ئەڭ مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر تۇرۇپ، ئۇلار ئات بىلەن قىلىچىنى تاشلىغىنى يوق. سىز ھەرقانچە خەلقئارالىق كاتتا كارخانىچى بولۇپ كەتسىڭىزمۇ، ئۆز زامانىسىدا دۇنيانى ئېشەكلىك كېزىپ، تاراتقان نەسرىددىن ئەپەندى دېگەن ئۇلۇغ شۆھرىتىڭىز ئالدىدا ئۇ ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. بىز يېڭىسىنى تاپقاندا كونىسىدىن ۋاز كەچسەك، ئۆزىمىزگە ئاسىيلىق قىلغان بولىمىز.

نەسرىددىن ئەپەندى: ئادەملەر مېنى دانىشمەن دېيىشىدۇ، ئەمما ئەقلى كامىل ئۇستازىمنىڭ خوتۇنۇم ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، بۇ خەق، — دەپ تولغانئايىنى ئامراقلىق بىلەن باغرىغا بېسىپ ئەركىلىتىدۇ-دە، — بۇرۇن يات ئـادەمـگـە بۇنچىۋالا قىلمايتتى بۇ ئېشەك، چېھرىئايغا نېمانچە ئۆچلۈك قـىـلـىـدىغاندۇ؟ پىكاپقىغۇ ئورنىمنى تارتىۋالدى دەپ ئۆچلۈك قىلسۇن، چېھرىئاي ئۇنىڭغا نېمە يامانلىق قىلغان، — دەيدۇ تولغانئايغا.

تولغانئاي: ئۇ دېگەن ئەقىللىق ئېشەك. سىلى بىلەن مەن بىلمەيدىغان نــى-نــى ســـر-ئـەسرالارنى بىلىشى مۇمكىن. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ بىزگە

كۆيۈنىدىغان سادىق جانىۋارلىقىنى ئۇنتۇپ قالمايلى، — دەيدۇ مەنىلىك قىلىپ.

نەسىرىددىن ئەپەندى: زادى ئۇنىڭ ئۆيگە كەلگەن مېھماننى قوغلىغىنى قانداق گەپ ئۆزى. بۇ رەسمىي ئالجىغانلىق بولماي نېمە؟ ھالا بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئەل-جامائەتنىڭ ئالدىدا ئەمدى مەن، نەسىرىددىن ئەپەندىنىڭ ئېشكى ئۆيگە كەلگەن مېھماننى قوغلاپتۇ، دېگەن ئىزا-ئاھانەتنى كۆتۈرۈپ يۈرەمدىم.

تولغانئاي: ئېشەك ئالجىغان بولسا، سىلىمۇ ئالجىماي، ئېشەكنىمۇ، مېھماننىمۇ رەنجىتمەيدىغان چارىدىن بىرنى تاپمامدىلا؟

نەسىرىددىن ئەپەندى يوتقاندىن يېرىم سۇغۇرۇلۇپ ئولتۇرغىنىچە ساقىلىنى تۇتاملاپ خىيالغا چۆكىدۇ.

## 51

ئەتىسى ئەتىگەندە يولدىن ئۆتكەن ئادەملەر نەسىرىددىن ئەپەندىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا ئولىشىپ تاماشا كۆرگەچ كۈلۈشمەكتە. تۆت مەدىكار ئېشەكنى كۆتۈرۈپ شوتا بىلەن ئۆگزىگە ئېلىپ چىقماقتا. نەسىرىددىن ئەپەندى ئۆگزىدە تۇرۇپ ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ مەدىكارلارغا مەدەت بەرمەكتە. تاماشىچىلار ئارىسىغا قىستىلىپ كىرگەن بىر مويسىپىت ئادەم بېشىنى چايقىغان ھالدا سۆزلەيدۇ.

مويسىپىت: ئەپەندى، بۇ نېمە قىلغانلىرى؟

نەسىرىددىن ئەپەندى: مېھمانلار ئۆگزىدە قوغۇن يېگەندى، شاپاق دۆۋىلىشىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېشكىم قېرىغانچە تويغاق بوپكېتىۋاتىدۇ. ئۆگزىدە ئاپتاپقا قاقلانغاچ شاپاقنى تويۇۋالسۇن، دەۋاتىمەن.

مويسىپىت: ئالجىپتىلا ئەپەندىم. ئىشەكنى ئۆگزىگە ئېلىپ چىققاندىن كــۆرە شاپاقنى يەرگە تاشلاپ بەرگەنلىرى ئوڭ تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆگزىگە چۇشكەن خۇدانىڭ ئاپتىپى يەرگىمۇ چۇشىدۇ ئەمەسمۇ؟!

نــەسرىددىن ئەپەندى: مەن ئەمەس ئۆزلىرى ئالجىپتىلا، تەقسىر. چۈنكى سىلى ئىشىكىمنىڭ ئۆگزىدە شاپاق يېسە ھوزۇرلىنىدىغان ئادىتىنى چۈشەنمەيدىلا، يالغان بولسا ئۆگزىگە ئىشەك باغلىغاندا كۆرەلا.

دەرۋازا ئالدىغا ئولىشىۋالغان ئادەملەر پاراقلاپ كۇلۇشىدۇ.

## 52

چــېــھــرىــئــاي نۇزۇكئاينى قۇچىقىدا ئولتۇرغۇزۇپ رويال چېلىشنى ئۆگەتمەكتە.

ئــېــشەك پۇتى بىلەن ئۆگزىنى تاتىلاپ، تېپىپ قاتتىق ھاڭرايدۇ. چېھرىئاي كەيىپسىزلىنىپ ئۆگزىگە قارايدۇ.

## 53

نەسرىددىن ئەپەندى ئىشخانىسىدا ھۆججەتلەرگە قول قويۇۋېتىپ بىردىنلا توختاپ قالىدۇ. قۇلىقىغا چېھرىئاينىڭ ۋىلىقلاپ كۇلگەن ئاۋازى ئــاڭــلىنىپ، شەھلا كۆزلىرى ئۆزىگە مەنىلىك تىكىلگەن، قۇچاقلىشىۋالغان كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ خىيالىي لەززەت بىلەن بىھوشلىنىدۇ. بــىردىنلا چۆچۈپ ئويغانغاندەك كۆزىنى ئېچىپ: ”تووا“ دەپ ياقىسىنى تۇتىدۇ.

## 54

شــۇ سائەتتە چېھرىئاي، تولغانئاي بىلەن نۇزۇكئايغا ئىنگلىز تىلى ئۆگەتمەكتە. تولغانئاي پۈتۈن زېھنى بىلەن دەرس ئاڭلىماقتا.

# 55

ئۆي تۈزەيدىغان ئىككى ئەر بىلەن بىر ئايال نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ مېھمانخانىسىدىكى جاھازىلارنى ئۇياق-بۇياققا يۆتكىمەكتە، چېھرىئاي ئۇلارغا: رويالنى ئاۋۇ تەرەپكە قويۇڭلار، دېۋاننى مۇنداق تىزىڭلار ... — دەپ ئىش بۇيرۇماقتا.

تولغانئاي نۇزۇكئاينى تۇتۇپ بىر تەرەپتە ھاڭۋېقىپ تۇرىدۇ. ئۇ نەچچە قېتىم گەپ قىلماق بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىشگە چېھرىئاي ئالدىغا ئۆتۈپ سۆزلەيدۇ.

چېھرىئاي: تولغانئاي ھەدە، ئۆيدە ھەممە نەرسە بولغان بىلەن ئۇنى زامانغا لايىقلاشتۇرۇپ جاي-جايىغا تىزمىسا، ياخشى رەختتە ياراشمىغان كىيىم كىيىپ قالغاندەك بىر ئىش بولىدۇ. بۇنداق قىممەت باھالىق ئېسىل جاھازىلار ئۆز ئورنىغا قويۇلماي، ئۆي غورىگىل چىراي بولۇپ قاپتىكەن، ئەمدى قارىڭا، بارغانچە ئېچىلىۋاتىدۇ.

نەسرىددىن ئەپەندى كىرىپ ئۆيلەرنىڭ باشقىچە بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەم خۇشاللىق، ھەم ھەيرانلىق ئىچىدە ئاغزىنى ئېچىپلا قالىدۇ.

تولغانئاي: ئەپەندىم، ئىشتىن بالدۇرلا يېنىپتىلىغۇ؟

نەسرىددىن ئەپەندى: بۈگۈن ئىشىم بالدۇرلا تۈگىگەندى، سىلەر بىلەن بىرگە چېھرىئايدىن ئىنگلىزچە دەرس ئالاي دەپ كەلدىم. ئۆينى باشقىچە ياسىۋېتىپسىلەرغۇ؟

چېھرىئاي: ئۆيدىكى جاھازىلار ئېسىل بولغان بىلەن جايىغا قويۇلماپتىكەنسىلەر، گۈل-گۈلىگە كەلتۈرۈپ قايتا تۈزەۋاتىمەن. تولغانئاي

ھەدەمگە تازا ياقمايۋاتىدۇ. ئەمما ئەپەندىمگەيارايدىغانلىقىغا ئىشەنگەچكە تۈزەۋەردىم. قانداق، قىلغانلىرىم بوپتىمۇ؟

نەسىرىددىن ئەپەندى: سىز قىلغان ئىش يارىمامدىغان، سىڭلىم. قانداق دېدىم، خوتۇن؟

تولغانئاي نەسىرىددىن ئەپەندىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ كۈلۈپ قويىدۇ.

تولغانئاي: بالدۇر كېلىدىغانلىقلىرىنى بىلمەي بۇ ئىشلارغا قارىشمەن، دەپ تاماق قىلماپتىمەن.

نەسىرىددىن ئەپەندى: ئالدىراش يوق، خوتۇن. تاماق يەيدىغانغا تېخى خېلى ۋاقىت بار. ئەمدى ئەتسەڭمۇ ئۈلگۈرسەن.

تولغانئاي: كۆڭۈللىرى قانداق تاماق تارتىدۇ؟

نەسىرىددىن ئەپەندى: پولۇغا ئامراقلىقىمنى بىلىسەنغۇ. بۈگۈن تازا ئوخشىتىپ بىر پولۇ دەملىگىنە، ساقال-بۇرۇتۇم چىلىشىپ، قولاق مىدىرلىغۇدەك يەي.

تولغانئاي: نەچچە ۋاقىتتىن بېرى پولۇ يېمىگەندەك گەپ قىلىدىلىغۇ. بۇرۇن ئەتكەنلىرىم ئوخشىماپتىكەنما؟

نەسىرىددىن ئەپەندى: نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئەتكىنىڭمۇ ئوخشىغان، بۈگۈن تېخىمۇ بەك ئوخشاپ كەتسۇن دەيمىنا.

تولغانئاي: ماقۇل ئەمسە، مەن تاماققا تەمشىلەي.

چېھرىئاي: توختاڭ ھەدە، ئاشنى بۈگۈن ئۆزۈم ئېتەي. راستىنى ئېيتسام، سىز پولۇنى مەندەك ئوخشىتالمايدىكەنسىز، بۈگۈن ئېتىپ باقاي، بىر تېتىپ بېقىڭلار.

نەسىرىددىن ئەپەندى: (خۇشاللىقىدىن چاۋاك چېلىپ) قارىشى ئالىمىز، قىزغىن قارشى ئالىمىز. مېھمىنىمىزنىڭ غېرىبخانىمىزنى يات كۆرمەي، ئۆزىنى خۇددى ئۆز ئۆيىدىكىدەك ئەركىن-ئازادە ھېس قىلىپ، تۆشۈكنى قولغا

ئالماقچى بولغىنى بىز ئۈچۈن بەكمۇ خاسىيەتلىك ئىش، قانداق دېدىم، خوتۇن؟

تـولـغـانئاي: چىـھـرئاي ئەتىگەندىن بۇيان ئۆي تۈزەيمەن، دەپ ھېرىپ-ئاچتى. شۇنداقتىمۇ كۆڭلىمىزنى ئاياپ يەنە تاماقنى مەن ئېتەي دېسە، خىجىل بولماستىن ماقۇل دەيدىلىغۇ.

چىـھـرئاي: ھەرگىز ئۇنداق ئويلىماڭ، تولغانئاي ھەدە. بۇنچىلىك ئىشقىمۇ چارچامدىم. ئەمىسە مەن تاماق ئەتكىلى كىرىپ كەتتىم-ھە.

تولغانئاي: مېنىڭ تۆشۈكلىرىمنى تونۇپ بولغۇچە ئاۋارە بوپقالسىز، سىڭلىم. تاماقنى كېيىنچە ئېتەرسىز، ھازىرچە مەن ئېتىۋېرەي.

چىھرئاي: ئۆيىڭىزنىڭ تۆشۈك-تۆرلىرىنى مەن ئاللىقاچان بىلىپ بولغان، غەم قىلماڭ.

چىـھـرئاي مېھمانخانىدىن چىقىپ كېتىدۇ. تولغانئايمۇ ماڭماقچى بولغاندا نەسرىددىن ئەپەندى توسۇپ قويىدۇ.

نەسرىددىن ئەپەندى: بولدى، خوتۇن. تەييار خىزمەتكىنى قىلاي دېسە، نېمانچە قىلىسەن.

تولغانئاي گەپ قىلغۇچە، نەسرىددىن ئەپەندى چاققانلىق بىلەن ئۇنى قۇچاقلاپ ئاغزىغا سۆيىدۇ.

چىھرئاي گەپ قىلغانچە مېھمانخانىغا كىرىدۇ.

چىھرئاي: تولغانئاي ھەدە، باياتىن بېرى يۆتكىگەن جاھازىلار توپا بولۇپ كېتىپتۇ. بىكار تۇرغۇچە سۈرتكەچ تۇرۇڭلا بولمىسا.

نـەسـرىـددىن ئەپەندى بىلەن تولغانئاي ئوڭايسىزلىنىپ دەرھال بـىـر-بـىـرىدىن ئاجرايدۇ. نەسرىددىن ئەپەندى خىجىللىقتىن گەدىنىنى قاشلايدۇ.

## 56

نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئىشتىھا بىلەن پولۇ يېمەكتە.

نەسرىددىن ئەپەندى: چېھرىئاي سىڭلىمىز تۇرقىدىن قارىسا كىتاب ئوقۇش، ئۆزىنى ياساشتىن باشقىنى بىلمەيدىغاندەك تۇرغان بىلەن، تاماققا قالتىس ئۇستىكەن. ئۆي بېزەشلىرىمۇ ئادەمنى بەك سۆيۈندۈرىدۇ. خوتۇن، سەن چېھرىئايدىن ئىنگلىز تىلىنىلا ئۆگىنىپ قالماي ئۆي تۇتۇش، تاماق ئېتىشتىنمۇ ئوبدان دەرس ئالساڭ بولغۇدەك.

تولغانئاي ئوڭايسىزلىنىدۇ. چېھرىئاي مەغرۇرلۇق بىلەن نازلىنىپ سۆزلەيدۇ.

چېھرىئاي: مەن تولغانئاي ھەدەمگە ئۆي تۇتۇش، تاماق ئېتىشنىلا ئەمەس، نەسرىددىن ئەپەندىمگە قانداق خوتۇن بولۇشنىمۇ ئۆگىتىمەن. خوتۇن كىشى دېگەن ئەرنى قانداق تۇتۇشنى بىلمىسە، ئەر خەق دېگەن ھەر ماقامدا يورغىلايدۇ. ئەپەندىم، ئۆزلىرىمۇ بەقەسەم تونىنى كىيىپ، چىلگىدەك سەللە ئوراپ، مەخسۇمچە ساقال قويۇپ يۈرگەنلىرى بىلەن كۆڭۈللىرىدە مىڭ بىر شەيتان سەنەم سالىدىكەن.

ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىدۇ.

نۇرزۇكئاي: مەن دادامغا ئامىياق. ھەدە، شىژمۇ ئامىياقكەنسىز.

## 57

تاماقتىن كېيىن نەسرىددىن ئەپەندى بىلەن تولغانئاي ھوجرىسىدا يېتىپ پاراڭلاشماقتا.

تولغانئاي: مېھمان دېگەن ئىززىتىنى ساقلاپ ساھىبخانىغا خوش دەپ تۇرغاننى كۆرگەن. كىچىك قىز تۇرۇپ تازا شېخىدا پىشقان ئاسىي-جاپىكەن.

نەسرىددىن ئەپەندى: ئەمدى ئۇ مېھمان ئەمەس، ئۆيىمىزنىڭ خىزمەتچىسى، دەرس ئۆتىدۇ، ئۆي ئىشىنى قىلىدۇ، تاماق ئېتىدۇ، قولىمىزغا

قول، پۇتىمىزغا پۇت بولىدۇ.

تـولغانئاي: دەسلەپتە مېھمان، ئەمدى ئۆي خىزمەتچىسى دەيدىلا. مـۇشـۇنداق مېنى بېسىپ، ئۇ شاقشاقنى ئۇچۇرۇۋېرىدىغان بولسىلا، بىر يـۇمـىـلاپلا ئۇ سىلىگە خوتۇن، مەن دېدىكىڭلارغا ئايلىنىپ قالىدىغان ئوخشايمەن، تايىنلىق ھازىرلا يەڭگۇشلىۋېتەمدىلا-يە؟

نەسرىددىن ئەپەندى: يوقىلاڭ خىيالنى قىلمىغىنا خوتۇن. مەن ساڭا ئۆي خىزمەتچىسى تاپ، دېگەندەك، ساق باشقا پىت سېلىپ بۇ قىزنى ئۆزۈڭ ئېلىپكەپسەن. ئەمدىلىكتە چىدىماي كوتۇلداۋاتىسەن. بىلسەڭ، ئۇ، قولىدىن ھـېـچـقانداق ئىش قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان كۆپ ئىقتىدارلىق قىزكەن، ئائىلىمىزنىڭ خىزمەتچىلىكىگە تازا لايىق كېلىدىكەن.

تـولـغـانئاي: ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن، قورسىقىدا ھۇنىرى بەك كۆپكەن. سېھرىي-جادۇلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى باغلاپلىۋالدىغۇ-تاڭ. ئەمما شـۇنـىـڭغا ئاگاھ بولسىلا، سىلىنىڭ كۆپ خوتۇن ئالىدىغان دەۋرلىرى ئاللىقاچان كەلمەسكە كەتكەن.

## 58

ئـەتىسى چېھرىئاي ئاشخانا ئۆيدە تولغانئاينىڭ بوينىغا ئېسىلىپ، مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ تۇرۇپ سۆزلەيدۇ.

چـېـھـرىـئاي: ئاۋۋال مېـھـمانخانىنى تۈزىدۇق. ئەمدى ئاشخانىنى تۈزەيمىز-ھە، تولغانئاي ھەدە.

بـوشـاشـقـان، سـۇلـغـۇن چىراي تولغانئاي ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئىلاجسىزلىق بىلەن خۇش ياقمىغان ھالدا بەجا قىلىدۇ.

تـولغانئاي: ئۇبدان سىڭلىم، ھېلىمۇ نەچچە كۈندىن بۇيان ئۆي تۈزەيمەن، دەپ جىق ئاۋارە بولدىڭىز. قاراڭ، ئاشخانىدىكى ھەممە نەرسە جاي-جايىدا تۇرمامدۇ.

چېھرىئاي: ئوبدان ھەدە، ھەممە نەرسە جايىدا ئەمەس دېگىنىم يوق، ياخشى نىيىتىمنى خاتا چۈشىنىپ قالماڭ. مەن سىزگە خۇددى ئۆز ھەدەمگە كۆيۈنگەندەك كۆيۈنۈپ، ئۆيىنىڭ ئىشلىرى تېخىمۇ گۈل-گۈلىگە كەلسۇن، دەپ قىلىۋاتىمەن. مەن ئىشسىزلىقتا ئۆي-ماكانسىز قېلىپ، ئاچ-توق قېقىلىپ-سوقۇلۇپ يۈرگەندە بېشىمنى سىلاپ ئۆيىڭىزگە ئەكىردىڭىز. ئاتا-ئانامدىن قالسا بۇ دۇنيادا ئەڭ كۆيۈمچان ئادىمىم پەقەت سىزلا. قىلغان ئەقىدىڭىزگە لايىق جاۋاب قايتۇرمىسام تۇزكور بولىمەن. كېلىڭ، ئاز قالغاندا چىداڭ. ھېلى كۆرىسىز، بۇ ئاشخانا مېھمانخانىدىنمۇ چىرايلىق بوپكېتىدۇ. كېلىڭا، گاز ئوچاقنى ئاۋۇ ياققا، ئەمبەلنى ماۋۇ بۇلۇڭغا، چىنە-قاچا ئىشكاپىنى بۇ تەرەپكە قويايلى.

چېھرىئاي گاز تۇڭنى كۆتۈرۈشكە بېلىنى تۇتۇپ ۋاي-ۋايلاپ، ئاخىر تولغانئايغا كۆتەرتىدۇ-دە، ھەدەپ ئۇنى ئىشقا بۇيرۇيدۇ. چېھرىئاينىڭ خوجايىنلارچە بۇيرۇق سوقۇشى تولغانئايغا قاتتىق ھار كەلسىمۇ چاندۇرماستىن ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىشلەيدۇ. ئۇ تولغانئاينى ئوچاق بېشىنى سۈرتۈشكە بۇيرۇيدۇ. تولغانئاي ئوچاق بېشىنى سۈرتۈۋاتقاندا چېھرىئاي ياراتمايدۇ.

چېھرىئاي: قانداق سۈرتكىنىڭىز بۇ. قازان-قۇمۇچلىرىڭىزنىمۇ پاكىز يۇمايدىكەنسىز. بولمىدى، باشقىدىن سۈرتۈڭ!

تولغانئاي ئوچاق بېشىنى قايتىدىن سۈرتىدۇ.

چېھرىئاي: ئەمدى ئاشخانىنى سۈپۈرۈڭ.

تولغانئاي ئاشخانا ئۆينى سۈپۈرۈۋاتقاندىمۇ چېھرىئاي يەنە ياراتمايدۇ.

چېھرىئاي: قاراڭ، سۈپۈرگە تۇتۇشلىرىڭىزغا، شۇنداق قولاشمىغان. سىز ئادەتتىكى ئادەمنىڭ خوتۇنى ئەمەس، جىمى جاھانغا داڭقى پۇر كەتكەن دانىشمەن نەسرىددىن ئەپەندىمنىڭ خوتۇنىسىز. ھېلىمۇ ئەپەندىم سىزنى

ئـۆز ئـەمرىدە تۇتۇپ كەپتۇ. (تولغانئاي لەپپىدە ئۇنىڭغا قاراپ ئاغزىنى ئۆمەللەيدۇ-يۇ، گەپ قىلمايدۇ) ھە، نېمە قاراپ تۇرىسىز، چاققان سۈپۈرۈڭ. ئاشخانىنى سۈپۈرۈپ بولغاندىن كېيىن دېرىزىنى سۈرتۈڭ. (سائەتكە قاراپ) نۇزۇگۇمنىڭ مۇزىكا دەرسىنىڭ ۋاقتى بوپقاپتۇ. ئۇنىڭ دەرسى تۈگىگۈچە دېرىزىلەرنى پاكىز سۈرتۈپ بولۇڭ. قولىڭىز ئۈچىدا قىلسىڭىز يەنە قايتا سۈرتىدىغان گەپ.

چېھرىئاي شۇنداق دەپلا ئاشخانا ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ.

تولغانئاي ھاڭقېتىپ بىردەم تۇرۇپ قالىدۇ-دە، ھۆكرەپ يىغلىۋېتىدۇ.

## 59

چېھرىئاي ناينىاقلاپ كىرىپ تۆت تەرىپىگە قارىۋەتكەندىن كېيىن، مېھمانخانا ئۆيدىكى تېلېفوننى قولىغا ئالىدۇ.

## 60

نامەت قاشاڭ ھۇجرىسىدا بىر ئايال بىلەن چىرمىشىپ ياتقاندا تېلېفون جىرىڭلايدۇ. ئۇ دەرھال تېلېفوننى قولىغا ئالىدۇ.

## 61

چېھرىئاي: (تېلېفوندا) ھۇ بېشىڭنى يەيدىغان بۇزۇق، مەن بۇ يەردە تۇرمىدىكى مەھبۇستەك زېرىكىشتىن ئىچىم سىقىلىپ ئۆلەي دەۋاتسام، سەن ئـۇ يـەردە ئـۆتـۈپ-تېشىپ، ئىت-ئېشەكتىنمۇ يانمايدىغان بىر جالاپنى

تېپىۋاپسەن-دە. خەپ، ئويىنىغانىغا تويغۇزۇپ، قىلغانلىرىڭنى بۇرنى-قۇلىقىڭدىن چىقارمايدىغان بولسام.

## 62

نامەت قاشاڭ: (تېلېفوندا) تولا كاسىلدىماي نەق گەپنى قىل. ئىشىڭ ئەپلىشىۋاتامدۇ. ھە، ناھايىتى جايىدا، دېدىڭما. ئەمما ئىشنى بۇزۇپ قويما. يامان ھازازۇلدە سەن. ئۇنچىلىك بەدەل تۆلمەي تۇرۇپ شۇنچىۋالا پۇلنى بىكارغا ئالامتىڭ، سەن جەددال.

## 63

چېھەرىئاي: (تېلېفوندا) ھۇ، ئۆلمەيدىغان مۇناپىق، يېنىڭدىكى قانجۇقنى دەرھال يوقات، بولمىسا بۇ ئىشنى بۇزىمەن.

## 64

نامەت قاشاڭ: (تېلېفوندا) كاپىشما قانجۇق. ئەگەر ئىشنى بۇزىدىغان بولساڭ، جېنىڭغا ھېزى بول. ئەمسە كەچتە ئايرودرومدا سېنى ساقلايمەن. گۇاڭجۇدىن كېلىدىغان مال بار. خاتىرجەم بول، سېنىڭ بىر ئۆلىشىڭ ئايرىقلىق.

نامەت قاشاڭنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ ياتقان ئايال چاچراپ قوپۇپ، يوتقاننىڭ ئۈستىدىن ئۇنىڭ جان يېرىگە قاتتىق دەسسىگەن پېتى كارىۋاتتىن چۈشۈپ كېتىدۇ. نامەت قاشاڭ قاتتىق ۋايجانلاپ تېلېفوننى

تاشلىۋېتىدۇ-دە، جان يېرىنى چاڭگاللىغىنىچە يۇمۇلۇنۇشقا باشلايدۇ.
نامەت قاشاڭ: خەپ جالاپ، چاتىرىقىڭنى يىرتىۋەتمەيدىغان بولسام.

## 65

چېـھـرىئاي قاقاقلاپ كۈلگىنىچە قولىدىكى تېلېفون تۇرۇپكىسىنى سۆيىدۇ.

## 66

نـۇزۇكئاي كىچىك ئۈنئالغۇنىڭ تىڭشىغۇچىنى قۇلىقىغا تىقىۋېلىپ ئـىنىگلىزچە يادلاۋاتقاندا چېھرىئاي كىرىدۇ. نۇزۇكئاي چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ.
نۇزۇكئاي: ئۆگىنىپ بويدۇم. شىژنى كۆيشەملا قويىقىدىكەنمەن.
چېھرىئاي: (سەت قاراپ) يۈرۈڭ ئەمدى، مۇزىكا ئۆگىنىدىغان ۋاقتىڭىز بولدى.

## 67

چېھرىئاي نەسىرىددىن ئەپەندىنىڭ مېھمانخانىسىدا نۇزۇكئاينىڭ رويال چېلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقاندا، ھېرىپ ھالى قالمىغان تولغانئاي كىرىپ ئۆزىنى دىۋانغا تاشلايدۇ.
نۇزۇكئاي: (ئاپىسىغا ئىچ ئاغرىتىپ) ئاپا، ئاپا، نېمە بويدىڭىز؟
ئۇ، ئاپىسىغا قاراپ يۈگۈرگەندە چېھرىئاي قولىدىن تۇتۇۋالىدۇ.
چېھرىئاي: نەگە بارسىز؟ ئاپىڭىز ھېچنېمە بولمىدى. ھازىر دېگەن

دەرس ۋاقتى، جىم ئولتۇرۇپ ئۆگىنىشىڭىزنى قىلىڭ. مەن ئاشخانىنى كۆرۈپ چىقاي. دېگىنىمدىكىدەك بولمىسا، يەنە تازىلايدىغان گەپ. (نۇزۇگئاي پاكىڭىدە يىغلىۋېتىدۇ) يىغلىماڭ، جايىڭىزدا جىم ئولتۇرۇپ مۇزىكىڭىزنى چېلىڭ.

نۇزۇگئاي قورقىنىدىن شۈمشىيىپ كېتىدۇ-دە، رويال چالىدۇ. چېھرىئاي چىقىپ كېتىشىگىلا ئۇ يىغلىغان پېتى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاپىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. تولغانئاي ئۇنى باغرىغا چىڭ باسىدۇ.

نۇزۇگئاي: ئاپا، ئاپا، بۇ ئاچاشتىن بەك قورقىۋاتىمەن. كۆزۈمگە بۇجۇدەك كۆرۈنىۋاتىدۇ.

تولغانئاي: قورقماڭ قىزىم، ئۇ دېگەن سىزنىڭ مۇئەللىمىڭىز تۇرسا.

نۇزۇگئاي: مېنى قويىقماڭ دېگەن بىيەن شىرمۇ قويقۇپ نېمە دېسە ماقۇي دەپ قىيىدىكەنشىرغۇ. بۇ ئاچاشتىن خويمۇ تويدۇم. شىر ھازىي ئاپامغا ئوخشماي قايدىڭىز.

چېھرىئاي كىرىدۇ.

چېھرىئاي: دېگىنىمدەك تازىلانمىسىمۇ ھەرھالدا بوپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ھاجەتخانا بىلەن مۇنچىنى تازىلىۋېتىڭ.

تولغانئاي غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرىدۇ.

تولغانئاي: چېھرىئاي، سىز بۇ ئۆيگە خىزمەتكار بولۇپ كىرگىلى تېخى ھېچقانچە ۋاقىت بولمايلا، ئەسلىڭىزنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىسىز. شۇنى سەمىڭىزگە سېلىپ قويايكى، ئۆي-ماكانسىزلىقتىن كوچىدا قېلىپ پوقىڭىزنى يېگۈدەك ھالغا كېلىپ قاپتىكەنسىز. ئىچ ئاغرىتىپ ئۆيگە باشلاپ كەلسەم، ئۆيىمىزگە كىرىۋالغۇچە پاختىكىڭىز بولاي، تورغىيىڭىز بولاي دەيسىز. ئادەمىكەن دەپ ئىززەت-ھۆرمىتىڭىزنى قىلساق خۇدىڭىزنى بىلمەي، بۇ ئۆينىڭ خوجايىنىنى ئۆزىڭىزچە خىزمەتكار قىلىۋالدىڭىز. كاللىڭىزنى سىلكىۋېتىپ ئاڭلاپ قويۇڭ، بۇ ئۆي مېنىڭ! بۇ ئۆينىڭ خوجايىنى مەن. سىز بۇ ئۆيگە بۇيرۇق چۈشۈرگىلى ئەمەس، خىزمەتكارلىققا كەلگەن. گەپ قىلمىسا بەك ھەددىڭىزدىن ئېشىپ كېتىۋاتىسىز. ماڭىلا ئەمەس، سەبىي

بالىمىزغىمۇ زالىملىق قىلىپ، قورقىتىپ جىنىنى ئالاي دېدىڭىز. بولدى، سىزنى ئۆيگە ئەكىرگەنگە پەندىيات، خىزمىتىڭىز يەتتى، چىرايلىقچە چىقىپ كېتىڭ.

چېھىرنىساي: (داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالىدۇ-دە، زورىغا كۈلۈمسىرەپ) ئۆيىڭىزنى زامانغا لايىق ياسايلى دېگىنىم يامانمۇ؟ نېمانچە قايناپ كېتىسىز، چىچىلماڭ. توغرا، مەن ئۆيىڭىزگە خىزمەتكار بولۇپ كىرگەن. ھەرگىزمۇ ئۆزۈمنى خوجايىن، سىزنى خىزمەتكار دەۋالغىنىم يوق. بۇندىن كېيىنمۇ ھەرقاچان سىزنى ئۆز ھەدەمدىن چارى بىلىپ قولۇمنى كۆسەي، چېچىمنى سۈپەرگە قىلىپ خىزمىتىڭىزنى قىلىشقا تەييارمەن.

تولغانئاي: سىزدەك تىلى تۇزۇك، دىلى بۇزۇق ئادىمنى شەيتاننى ئۆمرۈمدە كۆرمەپتىكەنمەن. سىز بىلەن تالىشىپ ئولتۇرۇشقا چولام يوق. بولدى بەس، بىزگە ئاللىقاچان خىزمىتىڭىز يەتكەن. چىرايلىقچە كەتسىڭىزنى توغرىلاڭ، خېنىم.

چېھىرنىساي: مۇزىكا بىلەن ئىنگلىزچە ئۆگىنىشتىن ۋاز كەچتىڭلارما. ئۆزۈڭلارغۇ ساۋاتسىز قارا تۆرۈك ئادەملەر. ھېچ بولمىسا بالاڭلارنى بولسىمۇ تەربىيىلەشنى خالىماسلەر؟

تولغانئاي: ئىنگلىزچە بىلەن مۇزىكىنى سىزدىن ئۆگەنمىسەكمۇ، مۇئەللىم دېگەن تولا. بولدى، تولا گەپ يورغىلاتماي دەرھال كۆزۈمدىن يوقىلىڭ!

چېھىرنىساي: بۇنداق ئاسان ئىش يوق. ئەپەندىم بىلەن قىلىشىدىغان ھېسابلىرىم بار، تېخى. ئەپەندىم كەلسە ھېساب-كىتاب قىلىشىپ ئاندىن چىقامدىم-چىقمامدىم، شۇ چاغدا بىر نەرسە دېيىشەرمىز قېنى.

تولغانئاي: خەقنىڭ ئۆيىگە كىرىۋېلىپ مۇتتەھەملىك قىلىدىغان سەندەك يۈزى قېلىن داپشاقتىن بۇ جاھاندا يەنە بىرسى تېپىلماس. ئىت چىبىغىدا "كەت!" دېسە قۇيرۇقىنى قىسىپ يولىغا ماڭىدۇ. "يوقال!" دېگەندىكىن چىقماسەن ئۆيدىن.

چېھىرنىساي: (دېۋانغا ئۆزىنى تاشلاپ لالىيىپ ياتىدۇ) بۇ يالغۇز سىزنىڭلا

ئۆيۈك ئەمەس.

شۇ چاغدا ئېشەك قۇلىقىنى يوپۇرغان پېتى مېھمانخانىغا ئېتىلىپ كىرىدۇ. چېھرىئاي ئالاقزادە بولۇپ ھەر تەرەپكە قاچىدۇ. ئېشەك قوغلاپ يۈرۈپ چېھرىئاينىڭ مودا كۆڭلىكى بىلەن، ئەۋرىتىنى ئارانلا يېپىپ تۇرىدىغان ئۈچ بۇرجەك كۇسىرىنى چىشلەپ تارتىپ يىرتىۋېتىدۇ. ئۇ يېرىم يالىڭاچ ھالدا كۆتىنى چاڭگاللىغان پېتى سىرتقا قاچىدۇ، ئېشەك كەينىدىن قوغلاپ چىقىپ كېتىدۇ.

نۇزۇكئاي: (خۇشاللىقىدىن چاۋاك چېلىپ) ھوي... ھوي... ئەجەب ئوبدان بويىدى.

تولغانئاي: ئۆيگە كىرگەندىمۇ كۆتۈڭ ئوچۇق قەلەندەر ئىدىڭ، يەنە ئېچىلىپ قالسا نېمە بوپتۇ.

نۇزۇكئاي: ئاپا، دادام ئېشەكنى ئۆگزىگە ئەپچىقىپ قويغانتى، يەگە قانداق چۈشكەندۇ؟

تولغانئاي: ئاللا مەدەت قىلغان ئوخشايدۇ.

نۇزۇكئاي ئاپىسىنىڭ بوينىغا گىرە سالىدۇ.

## 68

رەستىدە يېرىم يالىڭاچ، كۆتىنى قولى بىلەن يېپىۋالغان چېھرىئاينى ئېشەك قوغلاپ كەلمەكتە. خالايىق تاماشا كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلمەكتە.

## 69

چېھرىئاي تېلېفون بوتكىسىدا يىغلاپ تۇرۇپ ئالاقزادىلىك ئىچىدە تېلېفون نومۇرىنى باسماقتا. ئېشەك قۇلاقلىرىنى يوپۇرغان پېتى ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ بوتكىغا كىرىشكە ئۇرۇنماقتا.

## 70

نـەسـىـرىـددىـن ئـەپـەنـدى ئىشخانىسىدا كاتىپ قىز ئەكىرگەن ھۆججەتلەرگە ئىمزا قويۇۋاتقاندا تېلېفون جىرىڭلايدۇ.

## 71

چېھرىئاي: (تېلېفوندا يىغلامسىراپ) ھۆرمەتلىك ئەپەندىم، خوتۇنىڭىز بىلەن ئېشىكىڭىز بىرلىشىپ، مېنى يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە ئۆيىدىن قوغلاپ چىقاردى. ھۇ... ھۇ...

## 72

نەسرىددىن ئەپەندى: (ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ) سىز ھازىر نەدە؟

## 73

چېـھـرىئاي: (تېلېفوندا) مەن ھازىر تېلېفون بوتكىسىغا سولىنىپ قـالـدىـم، ئېـشـىكىڭىز مېنى چۆرگىلەپ كەتمەيۋاتىدۇ. چاققان كېلىپ قۇتقۇزۇۋېلىڭ.

## 74

نـەسـىـرىـددىـن ئەپەندى: (تېلېفوندا) ئېشەك ئۆگزىدىن قانداق چۈشكەندۇ؟

## 75

چېھرىئاي: (تېلېفوندا) ئانا-بالا ئىككىسى بىلەن ئىشكىڭىز گېپىنى بىـــر قىلىۋاپتۇ. خوتۇنىڭىز ئۆزى ئىشەكنى ئۆگزىدىن چۈشۈرۈپ، مېنى قــوغلــىغىلى سالدى. قاراپ تۇرماي تېز بولۇڭ، چاققان كېلىپ مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ دەيمەن.

## 76

نەسرىددىن ئەپەندى: (تېلېفوندا) توختاپ تۇرۇڭ، ھازىرلا بارىمەن.

## 77

تېلېفون بوتكىسىنىڭ ئەتراپىغا ئادەملەر ئولىشىۋېلىپ چېھرىئاينى مازاق قــىلــمــاقــتــا. ئىشەك قۇلىقىنى يوپۇرۇۋېلىپ ھەدەپ بوتكىنى ئايلىنىپ چاپچىماقتا.

نەسرىددىن ئەپەندى پىكاپ بىلەن تېز يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ، ئادەملەر تــوپىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ، بوتكىغا يېقىنلىشىشىغا بىر يىگىت چاقچاق قىلىدۇ.

يىگىت: ئەپەندىم، ئىشكىڭىز بۇ قىزغا ئاشىق بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ. ئۆيلەپ قويىسىڭىز بولغۇدەك.

نـــەســـرىدىن ئەپەندى: بۇنداق چىرايلىق قىزنى بۇ ھاڭگا باتۇرغا بېرىۋەتسىڭىز، ئۆزىڭىز مىدە ئىشەك بىلەن توي قىلامسىز؟

خالايىق قاقاقلاپ كۈلۈشىدۇ.

بۇتكىنى ئايلىنىۋاتقان ئېشەك نەسرىددىن ئەپەندىنى كۆرۈپ جىم بولدۇ. ئۇ، ئېشىكىگە قاراپ قاتتىق ھومىيىدۇ، ئاندىن بۇتكىنى ئاچچۇرۇپ كىرىپ، چېھرىئاينىڭ يېرىم يالىڭاچ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، نومۇستىن كۆزىنى يۇمۇۋالدۇ. چېھرىئاي نەسرىددىن ئەپەندىگە ئۆزىنى تاشلىغان پېتى ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ يىغلاپ كېتىدۇ. نەسرىددىن ئەپەندى چېھرىئايغا بەقەسەم تونىنى كىيدۈرۈپ تېلېفون بۇتكىسىدىن يېتىلەپ ئېلىپ چىقىدۇ. چېھرىئاي بېشى سىلىنغان، دۇگدەرەپ شۈمشەيگەن ھالدا پىكاپقا قاراپ ماڭىدۇ. ئېشەك بىردىنلا قاتتىق ھاڭراپ، قۇلاقلىرىنى يوپۇرغان پېتى ئۇلارغا ئېتىلىپ كېلىدۇ. نەسرىددىن ئەپەندى بىلەن چېھرىئاي ئالاقزادىلىك بىلەن پىكاپقا كىرىۋېلىپ ئىشىكنى يېپىۋالدۇ. خالايىق پاراقلاپ كۈلۈشىدۇ. ئېشەك پىكاپنى ئايلىنىپ كېلىپ، چىچاڭشىغان پېتى بىرنى تېپىپلا پىكاپنىڭ يان ئەينىكىنى چېقىۋېتىدۇ. چېھرىئاي قاتتىق چىرقىراپ، رولدا ئولتۇرغان نەسرىددىن ئەپەندىنى چىڭ قۇچاقلىۋالدۇ. شۇئان پىكاپ بىر قوزغىلىپلا مېڭىپ كېتىدۇ. نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ كۆزى چەكچىيىپ، قولى رولدىن ئاجراپ كېتىدۇ-دە، رەستىنىڭ قاتناش تەرتىپى قالايمىقانلىشىپ، كېتىۋاتقان ماشىنىلار ھەر تەرەپكە ئوڭ-تەتۈر قېچىپ، نەچچىسى ئۆرۈلگىلى تاس قالىدۇ. ئادەملەرنىڭ قىيا-چىيا، ”قاچ-قاچ“ سادالىرى ئىچىدە نەسرىددىن ئەپەندى ئېسىگە كېلىپ دەرھال رولنى بۇرايدۇ-دە، شۇ قالايمىقانچىلىقتا پىكاپنى يېزا يولىغا قاراپ ھەيدەيدۇ. ئۇ قاتتىق ھودۇقۇپ رولنى قالايمىقان بۇرىغانلىقتىن، پىكاپ يول بويىدىكى دەرەخلەرگە سوقۇلغان پېتى بىر چاتقاللىقنىڭ ئارىسىغا بۆسۈپ كىرىپ كېتىدۇ-دە، ئانچە چوڭقۇر بولمىغان ئازگالغا پېتىپ توختايدۇ. نەسرىددىن ئەپەندى ئوڭدىسىغا چۈشۈپ، ئۈستىگە چېھرىئاي يىقىلىدۇ.

## 78

كۆكۈم چۈشكەن چاغ.

نەسىرىددىن ئەپەندىنىڭ ئېشىكى يېزا يولىدا چېپىپ كەلگەن پېتى چاتقاللىققا كىرىپ كېتىدۇ.

## 79

ئېشەك چاتقاللىق ئارىسىدىكى چىملىقتا لايدەك سوزۇلۇپ شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن نەسىرىددىن ئەپەندى بىلەن چېھرىئاينىڭ يېنىغا كېلىدۇ-دە، ئاغزىدىكى شالنى چېھرىئاينىڭ يۈزىگە ئېقىتىدۇ، چېھرىئاي ھۇزۇرلىنىپ تىلىنى تامشىيدۇ. ئاقىدىنلا ئېشەك قاتتىق پۇشقۇرۇپ، ئۇنىڭ يۈز-كۆزىگە سامان ئارىلاش ماڭقىسىنى چاچىدۇ. چۆچۈپ ئويغانغان چېھرىئاي قاتتىق چىرقىرىۋېتىدۇ.

## 80

كېچە.

نەسىرىددىن ئەپەندى ئېغىلدا پۇتلىرى كىشەنلىنىپ زەنجىر بىلەن باغلانغان ئېشىكىنى دەرغەزەپتە قاتتىق قامچىلىماقتا. ئېشەك قۇلىقىنى سالپايتقىنىچە جىم تۇرىدۇ.

نەسىرىددىن ئەپەندى: (ئېشىكىنى ئۇرغاچ سۆزلەيدۇ) ئىسىت، ئىسىت، ئۇزۇن يىلدىن بېرى ماڭا سادىق بولغان ئەقىللىق ئېشىكىم، دەپ شۇنچە ئوبدان باقسام، بۇ كۈنلەرگە كېلىپ شۇنداقمۇ رەسۋا قىلامسەن ئادەمنى. ھۇ، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان قوتۇر.

نەسرىددىن ئەپەندى ئېغىلدىن چىقىپ، تولغانئاي بىلەن نۇزۇكئايغا قاتتىق كايىيدۇ.

نەسرىددىن ئەپەندى: بىز ئۇچۇن كۆيۈپ-پىشىپ خىزمىتىمىزنى قىلىۋاتقان بىر ئوبدان قىزغا شۇنچىۋالا ئېغىر ئاھانەت قىلغاننى ئاز دەپ، مېنىڭدىن رۇخسەتسىز ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدىغانغا قاپاق كاللاڭ ئېمانچە يوغىناپ كەتكەن سېنىڭ. ئۇ كېلىپلا ئۆيلىرىمىزنى شۇنداق ئېسىل ياسىۋەتكىنىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

تولغانئاي: ئەقىل-پاراسەتتە تەڭداشسىز دانىشمەن نەسرىددىن ئەپەندىمىنىڭ كاللىسىمۇ بۇگۇنكى كۈنلۈكتە ئىشلىمەيدىغان بولۇپ قالغىنىغا ھەيرانمەن. قېنى، دەپ باقسىلا، بىر يالىڭاياغ، كۆكتۆش قەلەندەر ئۆزىنىڭ قايسى تەئەللۇقاتى بىلەن بۇ ئۆيىنى چىرايلىق ياسىۋېتىپتۇ؟ ئۆيىمىزگە ئۇ سېسىق تېنىدىن باشقا نېمىسىنى ئېلىپ كىردى قېنى؟ بىر تال چوكا چاغلىق بېسات ئېلىپ كىرگەن بولسا، بۇ توققۇزى تەل، باياشات ئائىلىمىزنى قۇرۇپ بەرگەن مۇشۇ، دەپ نىجىس ئايىغىغا باش ئۇرۇپ ناماز ئوقۇركەنلىمۇ دەيمەن.

نەسرىددىن ئەپەندى: (يۇگۇرۇپ كەلگەن پېتى تولغانئاينىڭ ئاغزىغا بىر شاپىلاق سالىدۇ) ئاغزىڭنى يۇم، ھۇ ئەقىلسىز.

تولغانئاينىڭ ئاغزى-بۇرنىدىن ئۇقتەك قان كېتىدۇ. ئۇ غەزەپ بىلەن نەسرىددىن ئەپەندىگە قارايدۇ.

نەسرىددىن ئەپەندى: بىلىپ قوي، سەن مېنىڭ ئەمرىمدىكى خوتۇنۇم. بۇ ئۆيدە ھەرقانداق ئىش مېنىڭ بۇرۇتۇمنىڭ مىدىرلىشى بىلەن بولىدۇ. سېنى شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى، گېپىمگە ”خوش“ دەپ قول باغلاپ

تۇرىدىغان رايىش-ياۋاش خوتۇن دېسەم، ئەمدى كېلىپ ئاشۇ ئالجىغان قېرى ئېشەكنى دوراپ، چېھرىئايىنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغۇچى بولدۇڭمۇ تېخى؟ بۇ ئەقىلسىزلىقىڭ ئۈچۈن چېھرىئايىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، توققۇز تەزىم بىلەن ئۇنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كەل.

تولغانئاي: سەن بىلەن مېنىڭ ئاشۇ ئېشەكچىلىك ئەقىلمىز بولغان بولسا، قورسىقىدا مىڭبىر ھىيلە-مىكرى بار يەتتە باشلىق يالماۋۇزنى ئۆيگە باشلاپ كىرمىگەن بولاتتۇق. ئۇنى ئۆيدىن بوسۇغامغا يولاتمايمەن. ئەگەر ئۇ ناپاقنى ئۆيگە بەك ئەكىرگۈڭ كېلىپ كەتكەن بولسا، مېنىڭ خېتىمنى بېرىۋېتىپ يا ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئاندىن تاپىنىنى يالامسەن، خالىغىنىڭنى قىل!

نەسرىددىن ئەپەندى تولغانئايىنى يەنە بىر شاپىلاق سالدۇ، تولغانئاي يەرگە يىقىلدۇ. نۇزۇگۇئاي چىرقىراپ يىغلىغىنىچە ئۆزىنى ئاپىسىنىڭ ئۈستىگە ئاتىدۇ.

نەسرىدىن ئەپەندى: ئۇنداق بولسا، سەن بۇ ئۆيدە ئاشۇ قېرى ئېشەك بىلەن قال. چېھرىئاي بۇندىن كېيىن ماڭا كاتىپ ۋە ئىنگلىز تىلى مۇئەللىمى بولۇپ شىركەتتە ئىشلەيدۇ. ئەمدى ھەرگىزمۇ كەلمەيمەن، تويدۇم بۇنداق ئۆيدىن، چېكەڭگە تېگىۋال!

تولغانئاي: (ئاغزى-بۇرنى قان، چاچلىرى چۇۋۇلغان ھالەتتە بېشىنى كۆتۈرۈپ) بۇرۇن ئۆيدىن خوتۇن كىشى يامانلايدىغان، بۈگۈنكى بۇزۇلغان جەمئىيەتتە ئەر كىشى بىلەن خوتۇن كىشىنىڭ ئورنى ئالمىشىپ، ئەرلەر يـامـانلايدىغان قىلىقنى چىقاردى. سەندەك قېرىغاندا ئايىنغان ناجىنس بۇزۇقنىڭ باردىن يوقى خوپ، يوقال كۆزۈمدىن!

**82**

كـــېچە شەھەرنىڭ قاراڭغۇ كوچا دوقمۇشىدا نامەت قاشاڭ بىلەن چېھرىئاي بىر-بىرىگە چاپلىشىپ تۇرۇپ سۆزلەشمەكتە. تۇيۇقسىز نامەت قاشاڭ

چېھرئاينى تەستەك بىلەن بىرنى سالىدۇ. چېھرئاي قېتىغا ئالماي قاقاقلاپ كۈلىدۇ.

چېھرئاي: چىدا، پۇل تېپىش ئۈچۈن، بىر تاۋاق قان بىلەن بىر تاۋاق يىرىڭنى ئىچىۋېتىش كېرەك، دەيتتىڭغۇ. سەن قىلغانىڭغا ئەجەب مەن چىدايدىكەنمەن، مەن قىلغانىڭغا سەن چىدىماسەن. چىدىغانىڭغا چىقارغان جاھان بۇ. پۇل تېپىش ئۈچۈن نائىلاج بۇ ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ قالما. گەپ قىلمىسا، مېنى بىلمەيدۇ دەپ كوچىدىكى پاسكىنا قانجۇقلارنى يىغىپ كىرىپ پوكىنىڭغا بېسىپ ياتتىڭ. ئەر كىشى مىڭ قېتىم كۇسۇكقا چىقسا خوتۇن كىشى چىدايدۇ-يۇ، ئەجىبا خوتۇن كىشىنىڭ بىرەر قېتىمغا ئەر كىشى چىدىمايدىكىنا.

نامەت قاشاڭ: بولدى، ئاغزىڭنى يىغ، ۋاقىت توشتى.

**83**

شۇ كېچە.

ئايروپىلاندىن چۈشۈپ كۈتۈش زالىغا كىرىۋاتقان يولۇچىلار قاتارىدا ئاۋئاتسىيە فورمىسىنى كىيىۋالغان نامەت قاشاڭ بىلەن چېھرئاي يۈكلەر ئارىسىدىن ئالىي دەرىجىلىك بىر قول چامادانىنى ئالىدۇ. ئۇلارغا كۆز تىكىپ تۇرغان پىلاشلىق، قارا كۆزەينەك تاقىغان بىرسى باش لىڭشىتىدۇ. نامەت قاشاڭ ئوخشاش بىر چامادانىنى يۈك سۇپىسىغا قويىدۇ. يۈك سۇپىسى ئايلىنىپ، قارا كۆزەينەكلىكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە چامادانىنى ئالىدۇ.

**84**

شۇ كېچە.

نامەت قاشاڭ بىلەن چېھرئاي ئالىي دەرىجىلىك پىكاپ ئىچىدە

چامادانني ئېچىپ كىيىملەرنى ئالدۇ. ئاستىدىن بولاق-بولاق خرونىن كۆرۈندۇ. چىھرىئاي خىنە قويغان ئۇزۇن تىرناقلىق بىگىز بارمىقىنى خرونىن خالتىسىغا بىر تىقىپلا ئازراق ئېلىپ تىلىغا تەگكۈزدۇ-دە، نامەتكە قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى.

نامەت قاشاڭ پىكاپنىڭ چىرىغىنى ئۈچ قېتىم ئۆچۈرۈپ، ياندۇردۇ.

## 85

شۇ كېچە.

ھېلىقى قارا كۆزەينەكلىك، ئالىي دەرىجىلىك پىكاپنىڭ ئىچىدە چامادانىنى ئاچىدۇ. بولاق-بولاق پىچەت پۇللارنى كۆرۈپ، چامادانىنى ياپىدۇ-دە، ئالدىدىكى قاراڭغۇ بوشلۇققا قارايدۇ. ئۇ يەردىن پىكاپ چىرىغى ئۈچ قېتىم يېنىپ، ئۆچىدۇ. قارا كۆزەينەكلىكمۇ جاۋابەن پىكاپ چىرىغىنى ئۈچ قېتىم ياندۇردۇ.

## 86

قاراڭغۇ بوشلۇق ئىچىدىكى نامەت قاشاڭ بىلەن چىھرىئاي ئۇدۇلىدىن ئۈچ قېتىم يانغان چىراغنى كۆردۇ-دە، نامەت قاشاڭ قولىدىكى سىمسىز تېلېفوننى ئېچىپ سۆزلەيدۇ.

نامەت قاشاڭ: دادا، دادا، ئانام ساق-سالامەت قايتىپ كەلدى. سىڭلىم بىلەن ئىككىمىز ئالدىغا چىقتۇق.

## 87

سايىم ساختا: (يوتقاندا يېتىپ تېلېفوندا سۆزلىمەكتە) ھاۋا سوغۇق، ئاناڭلار شامالداپ قالمىسۇن.

## 88

نامەت قاشاڭ: (تېلېفوندا) خاتىرجەم بولۇڭ دادا، ئانامنى ئوبدان يۆگىدۇق.

چېھرىئاي، نامەت قاشاڭنىڭ قولىدىن سىمسىز تېلېفوننى تارتىۋېلىپ سۆزلەيدۇ.

چېھرىئاي: دادا، ئانامدا مېنىڭمۇ ھەققىم بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

نامەت قاشاڭ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ. چېھرىئاي سىمسىز تېلېفون بىلەن ئۇنىڭ چاتىرىقىغا بىرنى قويىدۇ. نامەت قاشاڭنىڭ ئاغرىقتىن ئاغزى سەت پۈرۈلۈپ، كۆزى ئالىيىپ كېتىدۇ.

## 89

ئەتىسى، كۈندۈز. نەسرىددىن ئەپەندى ئىشخانىسىدا تىت-تىتلىقتىن نېمە قىلىشنى بىلمەي ئۇيان-بۇيانغا ماڭىدۇ. تېلېفوننى قولىغا ئالىدۇ-يۇ، نەگە تېلېفون بېرىشنى بىلمەي يەنە قويۇپ قويىدۇ.

## 90

تولغانئاينىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ، ئوت-كاۋاپ بولۇپ ياتىدۇ. نۇرزۇكئاي ئاپىسىغا چاي ئىچۈرگىلىۋاتقاندا، پىيالە قولىدىن چۈشۈپ كېتىپ، قولى كۆيۈپ قالىدۇ. ئۇ ئاغرىققا چىدىماي چىرقىراپ يىغلايدۇ. تولغانئاي قىزىنىڭ قولىغا سۆيۈپ قويماقچى بولۇپ، ھەرقانچە ئۇمتۇلسىمۇ مادارى يەتمەي،

كۆڭلى بۇزۇلۇپ تارام-تارام ياش تۆكىدۇ. نۇزۇكئاي ئاپىسىغا يالۋۇرىدۇ.

نۇزۇكئاي: ئوبدان ئاپا، دادامغا خەۋەر قىلايلى، شىۋنى دوختۇرغا ئاپاشۇن، مەن بەك قورقۇۋاتىمەن.

تولغانئاي كۆزى بىلەن "ياق" دېگەن ئىشارەتنى قىلىدۇ.

**91**

شۇ سائەتتە نەسرىددىن ئەپەندى ئىشخانىسىدا چىھرىئاينى قۇچىقىغا ئېلىۋالغان بولۇپ، سۆيۈش ئۈچۈن تۇمشۇقىنى سوزۇشىغا چىھرىئاي ئىتتىرىۋېتىدۇ.

نەسرىددىن ئەپەندى: جېنىم، ئاخشامدىن بېرى يوقاپ كەتتىڭىز، بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئەنسىرەپ پۇت-قولۇمدا جان قالمىدى. سىزنى كۆرگۈچە ساراڭ بولغىلى تاس قالدىم.

چىھرىئاي: (نەسرىددىن ئەپەندىنى چوككىدە بىرنى سۆيۈپ) دېدىمغۇ، دوستۇم تۇتۇۋېلىپ ماڭغىلى قويماي قوندۇرۇپ قالدى دەپ. ساراڭ بوپقالغان بولسىڭىز خوپ بولاتتى. ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ بېرىپ، ماڭا ئاغزىدا كۆيگەن سىزدەك ئالدامچىدىن قۇتۇلاتتىم تازا.

نەسرىددىن ئەپەندى: ئىشەنمىسىڭىز، يۈرىكىمنى يېرىپ كۆرسىتىپ قويايمۇ سىزگە؟

**92**

نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ سودا سارىيى خېرىدارسىز قالغانلىقتىن، پىرىكازچىكلار مۈگدەپ ئولتۇرىشىدۇ. ئىككى بوۋاي ئەپسۇسلانغان هالدا

ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، چوڭراقى ئېچىنىپ سۆزلەيدۇ.

بـوۋاي: ئـېسىت، بىر چاغلاردا تىجارىتى قالتىس يۈرۈشكەن سودا سارىيىتى، دېمىسلە بۇ. دانىشمەنلىكتە تەڭدىشى يوق نەسىرىددىن ئەپەندى ئـەمدىلىكتە كوچىدا قالغان نەدىكى بىر شەرمساز جادۇگەرگە بۇزۇلۇپ، خوتۇن-بالىسىدىن يۈز ئۆرۈگەنمىش. بۇنى ئاز دېگەندەك، بىر ئوبدان ئېقىش تاپقان سودا-تىجارىتىنىمۇ سۇغا چىلاشتۇرۇپ، ھېلىقى پاسىق خوتۇننىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرارمىش، دەيدۇ. توۋا دېگۈلۈك، ئوبدان ئادەم بۇزۇلسا بەك سەت بۇزۇلىدىكەن.

## 93

نەسىرىددىن ئەپەندىنىڭ كىيىم تىكىش فابرىكىسىدا ماشىنىلار ئىشتىن توختىغان بولۇپ، بىرنەچچە ياش ئىشچى قارت ئوينىماقتا.

## 94

ھـەرقايسى ئىش تۈرلىرىنىڭ مەسئۇللىرى نەسىرىددىن ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا توپلىشىۋېلىپ غۇلغۇلا قىلىشماقتا.

ئىشچى A : ئەپەندىمىنىڭ نېمە قىلىقى بۇ. زاۋۇت ئىشتىن توختاپ ئىشچىلار تارقاپ كەتسە، دۇكاندا سودا بولمىسا، يەنە ھېچ ئىش بىلەن كارى يـوق كـوچىدىن تېپىۋالغان ئاشۇ خوتۇن بىلەن مۇقۇلدىشىپ يۈرگىنى نېمىسى.

ئىشچى B : مۇشۇنچىۋالا چوڭ ئىش تەۋرەتكەن ئادەم شىركەتنى ئاشۇ بىر جالاپ بىلەن تېگىشىۋېتەرمۇ؟

ئىشچى C: ئىشەك ئۆلۈۋاتسا كۆتى غىجەك تارتقاندەك ئىش بولدى-دە، شىركەتنىڭ پۈتۈن ئىشى ئۆلۈپ شۇنچىۋالا ئادەم ئىشسىزلىقتا ئاچ قېلىۋاتسا زادى نېمىشقا كارى بولمايدۇ ئەپەندىمنىڭ.

ئىشچى D: شۇنچىۋالا زىيانمۇ كۆزىگە كۆرۈنمىگىنىگە قارىغاندا، جالاپ دېگەن بەك تاتلىق بولىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

## 95

نەسىرىددىن ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسىدا چېھرىئاي ئۇنى ئىشەك ئېتىپ مىنمەكتە، نەسىرىددىن ئەپەندى چېھرىئايىنى بوينىغا مىندۈرۈپ ئۆمىلىمەكتە. چېھرىئاي قاقاقلاپ كۈلۈپ: ”خىت ئېشىكىم، خىت“ دەپ ئۇنىڭ كاسىسىغا ئۇرماقتا.

نەسىرىددىن ئەپەندى: مانا ئېشىكىڭىزمۇ بولدۇم. گېپىمگە كىرىپ، مەن بىلەن شاڭخەي-گۇاڭجۇلارغا بېرىڭ، زاۋۇتلارغا بېرىپ زاكاز قىلىنغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەچ پۇخادىن چىققۇچە ئوينايمىز.

چېھرىئاي: (كىچىك بالا ئەركىلىگەندەك دومسىيىپ) ياق، بارمايمەن، بارمايمەن. بويۇم بىلەن تەڭ ئالتۇن دۆۋىلىسىڭىزمۇ بارمايمەن.

نەسىرىددىن ئەپەندى: مەخسۇس سىز ئۈچۈن بانكىدا ھېسابىڭىزغا بىر مىليون قويۇپ بېرەي. بوپتۇ، ئۇ بويىڭىز بىلەن تەڭ ئالتۇنغا ھېساب بولسۇن. ئىچكىرىگە بېرىشقا ماقۇل دەڭ، بۇ يەردە بەك سىقىلىپ كەتتىم.

چېھرىئاي قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدۇ. قاتتىق ھاياجانلانغان بولسىمۇ چاندۇرمايدۇ.

چېھرىئاي: ئەمىسە ئىككى شەرتىم بار.

نەسىرىددىن ئەپەندى: قېنى، چاققان دەڭ.

چېھرىئاي: بىرى، ھازازۇل خوتۇنىڭىزنى ئالدىمغا ئەكېلىپ، توققۇز تەزىم بىلەن ئەپۇ سورىغۇزغاندىن كېيىن تالاق قىلىپ، مېنى نىكاھىڭىزغا ئالىسىز. مەن ئۇ جۇمباقنى قوغلىۋېتىپ ئاشۇ ئۆيدە ئولتۇرىمەن.

نـەسـىـرىـددىـن ئـەپـەنـدى: بولىدۇ، ئىچكىرىگە بېرىپ كېلىپلا دېگىنىڭىزدەك قىلاي. يەنە بىر شەرتىڭىزچۇ؟

چېھرىئاي: بۇندىن كېيىن مەن بىلەن ياشايمەن دەيدىكەنسىز ساقال قويمايسىز. ماۋۇ سەللىڭىز بىلەن بەقەسەم تونىڭىزنى تاشلاپ، چاچ قويۇپ، كاستۇم-بۇرۇلكا كىيىپ، گالستۇك تاقاپ يۈرىسىز.

# 96

ساتىراشخانا.

قېرى ساتىراش نەسرىددىن ئەپەندىگە قايىنماقتا.

ساتىراش: نەدىكى بىر سېسىق جالاپنىڭ كەينىگە كىرىپ ئەل-جامائەت ئارىسىدىكى شۇنچە كاتتا ئىززەت-ئابرويلىرىدىن ئايرىلىپ تە پۇلغا قىممەت، بىر پۇلغا ئەرزان بولدىلا؛ بىر ئۆبدان ئىش-ئوقەتلىرى بىلەن بەختلىك ئائىلىلىرىنىمۇ ۋەيران قىلدىلا. يەنە شۇ ھازازۇل تون-سەرپايىنى تاشلاپ، سىلىنى مويسىپىت قىلغان مۇشۇ يارىشىملىق ساقاللىرىنى چۇشۇرىۋەت دېسە، خـوش دەپ كـەلـدىلىما. خەلقئالەم سىلىنى مۇشۇ قىياپەتلىرى بىلەن تـونـۇيـدۇ. نەدىكى بىر پاسىق خوتۇننىڭ گېپىگە كىرىپ ئەسلىلىرىنى ئـۇنتۇسىلا، خەلقئالەم قانداقمۇ سىلىنى بىزنىڭ دانىشمەن نەسرىددىن ئەپەندىم، دەپ چوڭ بىلىپ ھۆرمەتلىسۇن.

نـەسـىـرىددىن ئەپەندى: قەدىناس بۇرادەر، تولا ۋايىزلىق قىلماي ساقىلىمنى چۈشۈر، دېگەنلىكىن چۈشەرمەملا.

ساتىراش: گېپىمنى ئاڭلىمايدىغان بولسىلا سىلىدەك ئاغىنەم يوق، چـىـقـسىلا دۇكاندىن. مەن بۇرۇنقى نەسرىددىن ئەپەندىنى تونۇيمەن. ئېست، ئېست، ئۇلۇغ ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن بىزگىچە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ياشاپ

كېلىۋاتقان ئەل دانىشمەنى نەسىرىددىن ئەپەندى بۇگۈنكى كۈنلۈكتە بىر سېسىق جالاپنىڭ قولىدا ئۆلدى. ئاھ، مېنىڭ جانجىگەر دوستۇم ئۆلدى.
قېرى ساتىراش نەسىرىددىن ئەپەندىنىڭ گەجگىسىدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتىدۇ-دە، دۇكاننىڭ ئىشىكىنى "گۇم!" قىلىپ تاقىغاندىن كېيىن، ئۆزىنى كورسىغا تاشلاپ ھۆكرەپ يىغلىۋېتىدۇ.

## 97

نەسىرىددىن ئەپەندى ساتىراشخانىنىڭ ئىشىكىنى ئۇرۇپ، بىردەم يالۋۇرىدۇ، لېكىن قېرى ساتىراش ئاچمايدۇ، ئاخىر ئۇمىدسىزلىنىپ جان ئاچچىقىدا ۋارقىرايدۇ.
نەسىرىددىن ئەپەندى: ئاچمىساڭ ئاچما، بازاردا ساتىراشتىن تولا نېمە يوق. بولدى، سەندەك ئاغىنىدىن كەچتىم.

## 98

نەسىرىددىن ئەپەندى يەنە بىر ساتىراشخانىغا كىرىپ ساقىلىنى ئالدۇرۇۋەتمەكچى بولىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ساتىراش ھاڭ-تاڭ قېلىپ ئۇنىڭ تەلپىنى رەت قىلىدۇ. نەسىرىددىن ئەپەندى ساتىراشقا ھومايغىنىچە يامانلاپ چىقىپ كېتىدۇ.

## 99

بىر ياش ساتىراش نەسىرىددىن ئەپەندىگە ئۇزرە بىلەن سۆزلەيدۇ.
ياش ساتىراش: مەن سىلىگە مەسلىھەت بېرىدىغانغا تەڭ خىللىرى بولمىسامۇ ئۆتتۈنۈشۈمنى دەپ باقاي، ئەل-جامائەت ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ تۇرقى-سىياقلىرى بىلەن تونۇشلىرىنى بەكمۇ خالايتتۇق. شۇڭا مەن خەلقى

ئالەمنىڭ: ”پالانچى ساتىراش نەسىرىددىن ئەپەندىمنىڭ ساقىلىنى چۇشۇرۇۋېتىپتۇ“ دېگەن توقى-لەنتىگە قېلىشنى خالىمايمەن.

نەسىرىددىن ئەپەندى: (چىچاڭشىپ قايناپ كېتىدۇ) ساقال دېگەن بىر تۇتام تۈكقۇ. خەق مېنىڭ تون-سەرپايلىرىم بىلەن ساقىلىمنى ھۆرمەت قىلامدىكەن. ئەجەب ھەرقايسىڭلار كاستۇم-بۇرۇلكا كىيىپ، زامانغا لايىق ياسىنىپ يۈرسەڭلار گەپ يوق، پەقەت مەنلا يەنە شۇ ئىشەكنى مىنىپ تون-سەللە، ساقال بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر قىياپىتىدە ياشامدىم.

ياش ساتىراش: سىلى ئۆزلىرىنىڭ ئورۇنلىرىنى تازا چاغلىيالماي قاپتىلا، ئەپەندىم. بىز سىلىنىڭ تەگداشسىز ئەقىل-پاراسەتلىرى ۋە مۇشۇ قىياپەتلىرىدىن ئۇلۇغ بوۋىلىرىمىزنىڭ ھازىرغىچە بىز بىلەن ياشاۋاتقان ھايات روھىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا بولغان مۇھەببەت، سېغىنىش، ھۆرمىتىمىزنى ئۆزلىرىنىڭ سىماسى ئارقىلىق قاندۇرىۋاتاتتۇق. ئەمدى قوپۇپ ئۆزلىرىمۇ بىزنى دوراپ، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ تەۋەررۇكىنى تاشلىۋەتسىلە، سىلىنىڭ بىزدەك مۆمىن پۇقرادىن نېمە پەرقلىرى قالىدۇ؟ بولدى، ئۆزلىرىگە قىلىدىغان ئارتۇق گېپىم يوق. نېمە دېسىلىرى مەيلى، ساقاللىرىنى چۈشۈرۈۋېتىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن.

نەسىرىددىن ئەپەندى يامانلىغان پېتى دۇكاننىڭ ئىشىكىنى قاتتىق يېپىپ چىقىپ كېتىدۇ.

## 100

كۈن ئولتۇرۇۋاتقان چاغ، كىيىملىرى جۇل-جۇل بىر مۇساپىر بالا ئېرىق بويىدا راۋاب چېلىپ ئولتۇرغاندا، ھېرىپ ھالى قالمىغان نەسىرىددىن ئەپەندى كېلىپ، ئۆزىنى ئۇنىڭ يېنىغا تاشلايدۇ. راۋابچى بالا راۋابىنى توختىتىپ ئۇرنىدىن تۇرىدۇ.

راۋابچى بالا: سلىنى كۆرۈپ خۇشلۇقۇمدىن كۆزۈمگە خۇددى ئۇلۇغ بوۋام تىرىلىپ كەلگەندەك بولۇپ كەتتىم.

نەسىرىددىن ئەپەندى: (خوشياقماي) بۇنداق گەپىڭنى قويۇپ راۋابىڭنى چاله.

بالا بىردەم راۋاب چېلىپ بېرىدۇ. نەسرىددىن ئەپەندى يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا بېرىدۇ.

راۋابچى بالا: (كۆزىگە ياش ئېلىپ) مەن ئاڭلىغاندىنمۇ سېخىيكەنلا. ئانام رەھمەتلىك: "ئادەم خىزىرغا ئۇچرىسا خۇدايىم بېرىدۇ" دەيتتى. دائىم خىزىر قانداقتۇ، دەپ خىيال قىلسام، سلىنىڭ مۇشۇ سىياقلىرىدا كۆز ئالدىمغا كېلەتتى. ئانامنىڭ خىزىر دېگىنى سلىكەنلا ئەمەسمۇ. مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق جىق پۇلنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن.

نەسرىددىن ئەپەندى يانچۇقىدىن ئۇستىرا چىقىرىپ بالىغا تەڭلەيدۇ.

نەسرىددىن ئەپەندى: ماۋۇ ئۇستىرىدا ساقىلىمنى چۈشۈرۈۋەتە.

راۋابچى بالا: (هاڭ-تاڭ قېلىپ دۇدۇقلايدۇ) ياق، ياق، مەن...، ... مەن ساتىراشلىق قىلالمايمەن.

نەسرىددىن ئەپەندى: قىلىپ باقمىغان بولساڭ ئۆگەنمەمسەن. هۆل قىلىپ چۈشۈرسەڭ بولىۋېرىدۇ.

راۋابچى بالا: (كەينىگە داجىيدۇ) قولۇمدىن كەلمەيدىغان ئىشقا زورلىمىسىلا.

نەسرىددىن ئەپەندى: ئانچە-مۇنچە كېسىپ سالساڭمۇ مەيلى، مۇشۇ باهانە-سەۋەب بىلەن ساتىراشلىقنى ئۆگىنىۋالساڭ ئەجەب ئەمەس.

راۋابچى بالا: ياق، ياق، ئۇنداق قىلمىسىلا.

بالا راۋابىنى ئالغان پېتى ئالدى-كەينىگە قارىماي قاچىدۇ.

## 101

غۇۋا يورۇپ تۇرغان پاسكىنا، تاشلاندۇق ئۆيدە بىر پىيەنچۈك كانا ماشنى زاكوسكا قىلىپ هاراق ئىچىۋاتقانىنىڭ ئۇستىگە نەسرىددىن ئەپەندى كىرىدۇ. مەست، نەسرىددىن ئەپەندىگە ئالىيىپ قاراپ قويۇپ هارىقىنى ئىچىۋېرىدۇ.

مەست: سەن هېلىقى ئابرويلۇق، كاتتا باي نەسرىددىن ئەپەندىمۇ؟ نېمە بار دەپ مەندەك هاراقكەشنىڭ چاشقان كىرسە يامانلاپ چىقىپ كېتىدىغان غېرىبانە ئۆيىگە كىرىپ قالدىڭ؟ نېمىلا قىلسام بۇ مېنىڭ ئۆز ئۆيۈم، سېنىڭ هاراقكەشلەرگە لەنەت-نەپرەت ئوقۇپ، ۋەز ئېيتىدىغان سورۇنۇڭ ئەمەس، پەيزىمنى ئۇچۇرماي كۆزۈمدىن يوقالغىنا.

نەسرىددىن ئەپەندى: (مەستتىن سەسكىنىپ تۇرۇپ) بولدى، باشقا گەپنى قويۇپ ساقلىمنى چۈشۈرۈۋېتە!

مەست نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ گېپىنى چۈشەنمىگەندەك چەكچىيىپ قارايدۇ.

مەست: سەن ئەزەلدىن هاراق ئىچمەيتتىڭغۇ. بۈگۈن شەيتان ئازدۇرۇپ، ئىچىپ سېلىپ، بەك ئېغىر مەست بوپكەتتىڭمۇ نېمە؟ بىلىپ قوي، بۇ ساتىراشخانا ئەمەس، پىقىرنىڭ ئۆيى!

نەسرىددىن ئەپەندى: ئىككى يۈز سوم خەجلىگۈڭ يوقمۇ؟

مەست: مەن چاچ-ساقال ئېلىش تۆگۈل سۈننەت قىلمىغىلىمۇ 10 يىلدىن ئېشىپ، چاتىرىقىمدىكى تۈكلەرمۇ سېنىڭ ساقىلىڭدىن ئۇزىراپ كەتتى. ئۇستىرا تۇتۇشتىن چىقىپ قالدىم. ساتىراشخانىدىن تولا نېمە يوق، نېمىشقا شۇ يەرگە بارمايسەن؟

نەسرىددىن ئەپەندى: ساتىراشلار ساقلىمنى چۈشۈرۈۋەتكىلى

ئۇنىمىدى.

مەست: (خىرىلداپ كۈلىدۇ) ھە، راست، بىزنىڭ بۇ ئادەملىرىمىز ئەخمەقلىقىدىن سىپىنىڭ ساقىلىڭغا ھۆرمەت قىلىدۇ ئەمەسمۇ. باياتىن ئەجەب ئىسمىگە كەلمەپتۇ.

نەسىرىددىن ئەپەندى: ئانچە-مۇنچە كىسىپ سالساڭمۇ مەيلى، ساقىلىمنى بىر چۇشۇرۇۋېتە، ئادەمنى يالۋۇرتماي.

مەست: 10 يىل بۇرۇن سۈننەت قىلغاندا ئىشلەتكەن ئۇستىرام ئەۋرەزگە چۇشۇپ كېتىپ، يوتۇپ كەتكەندىن بېرى ئۇستىرا ئالدىغان پۇلغا چىقىنالمىدىم.

نەسىرىددىن ئەپەندى: مانا ئۇستىرا.

مەست: راست ئىككى يۈز سوم بېرەمسەن؟

نەسىرىددىن ئەپەندى: گېپىم گەپ.

مەست: ئەمىسە ھازىرلا بەر. ساتىراشلىقنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولسامۇ، پايپاق ساقىلىڭنى ئىككى سىرىپلا چۇشۇرۇۋېتەي.

نەسىرىددىن ئەپەندى ئۇنىڭغا دېگەن پۇلنى ئۇزىتىدۇ. مەست ھېجىيىپ پۇلنى ئاچكۆزلۈك بىلەن ئېلىپلا پۇرلەپ يانچۇقىغا سالىدۇ-دە، نەسىرىددىن ئەپەندىنى تارتىپ ئەكېلىپ، ئەسكى-تۈسكىلەر دۆۋىلەنگەن مەينەت سۇپىغا مۇرىسىدىن بېسىپ ئولتۇرغۇزىدۇ. نەسىرىددىن ئەپەندىنىڭ ئالدىغا تارتىدىغان لاتا بولمىغاچقا، بوينىغا سېلىش ئۈچۈن، بۇلۇڭدىن توپا باسقان بىر ئەسكى ئىشتاننى ئېلىپ كېلىدۇ-دە، ئۇنىڭ بېشىدا تازا سىلكىپ قاقىدۇ. قاڭسىق چاڭ-توزانغا چىدىمىغان نەسىرىددىن ئەپەندى بۇرنىنى تۇتقىنىچە سەكرەپ تۇرۇپ كېتىدۇ.

مەست: مەن بۇ ئىشتاننى ئەخلەتخانىدىن تېپىۋالغاندا ئالمايمىكىن دەپ، كېيىن يەنە ھامان بىر كۈنى ئەسقېتىپ قالار، دېگەن نىيەتتە ئەكېلىپ

تاشلاپ قويغانىدىم، مانا بۇگۈن نەسرىددىن ئەپەندىگە بىر ئۇبدان لازىم بولدى ئەمەسما.

نەسرىددىن ئەپەندى ئالدىراپ بەقەسەم توننى سېلىپ مەستكە بېرىدۇ.

نەسرىددىن ئەپەندى: مانا بۇنى ئالدىمغا تارت.

مەست بەقەسەم توننى نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ بوينىغا يۆگەپ، پۇچۇق بوتۇلكىدا سۇ ئەكېلىپ، تىترەپ تۇرغان بەتبەشىرە قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ ساقىلىغا چاچىدۇ. مەست ئۇستىرىنى نەگە سالسا، شۇ يەردىن پىلىلداپ قان چىقىپ، ئاغرىقتىن نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ چىشلىرى كىرىشىپ كېتىدۇ.

## 102

دوختۇرخانىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش ماشىنىسى سىگنال بېرىپ، نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ هويلىسىغا كىرىدۇ. دوختۇر-سېستىرالار تولغانغىنىنى ئاسما ئوكۇل بىلەن ناسىلكىغا ياتقۇزۇپ ماشىنىغا سالىدۇ. بىر موماي يىغلاۋاتقان نۇزۇگۈمنى بەزلەپ كۆتۈرۈۋالىدۇ. يەنە بىر بوۋاي ساقاللىرىنى تۇتاملاپ ئەپسۇسلىنىدۇ.

بوۋاي: هەي... ئادەم قېرىغاندا بۇزۇلىسىزە...

## 103

مەست نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ ئېڭىكىدىكى قانىغان يەرگە يەنە بىر تال قەغەز پارچىسىنى چاپلايدۇ-دە، ئۇنىڭ ئالايەر قالماي تەڭگىدەك قەغەز

پارچىلىرى چاپلانغان يۈزى ۋە كانىيىگە قاراپ خىرىلداپ كۈلدۇ.

مەست: دېگەن بىلەن ئۇستا ساتىراشكەنمەن جۇما. مانا، ئەپەندىمگە خۇش ياقىنىدىن بۆشۈكتىكى بوۋاقتەك ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلاپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان. شۇ تاپتا چۈش كۆرۈۋاتىدىغۇ دەيمەن. ئەپەندىم، قوپسىلا، ئاستا كۆزلىرىنى ئېچىپ باياتىن كۆرگەن چۈشلىرىنى ئۆرۈسلە.

نەسىرىددىن ئەپەندى غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ مەستكە ھومىيىدۇ.

نەسىرىددىن ئەپەندى: ھەئە، بەك ئوبدان دېدىڭ، ئۆلگۈر مەست. باياتىن بېرى ناھايىتى تاتلىق ئۇخلاپ، ئاجايىپ بىر شېرىن چۈش كۆرۈپتىمەن. چۈشۈمدە بىر غالجىر ئىت ھەدەپ يۈزۈمنى غاجاپ باش-كۆزۈمنى قانغا بوياۋاتقۇدەك.

**104**

يولۇچىلار ئايرودرومدا ئۆچرەت بىلەن بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشىدىن ئۆتمەكتە. ئۇلارنىڭ قاتارىدا، ساقال-بۇرۇتىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، بېشىغا بۆدۈر قىلىنغان يالغان چاچ، ئۇچىسىغا كاستۇم-بۇرۇلكا كىيىپ زامانغا لايىق ياسانغان نەسىرىددىن ئەپەندى بىلەن مودا كىيىنگەن چېھرىئاي ئۆچرەت كۈتۈپ تۇرىدۇ. نەسىرىددىن ئەپەندى ئۆز قىياپىتىدىن قورۇنۇپ، خىجىل بولغاندەك پات-پات ئەتراپىغا خۇدۇكسىنىپ قاراپ قويىدۇ. گالستۇكقا كۆنەلمەي ھە دېسىلا ياقىسىنى تۈزەيدۇ. ئۆزىگە قارىغانلىكى ئادەمگە ھىجىيىپ باش لىڭشىتىدۇ. بەزى ئادەملەر تونۇپ سالام بەرگەن ئوخشايدۇ، دەپ دوستانە باش لىڭشىتىدۇ. كېيىن ناتونۇش ئادەمگە سالام قىلغىنىدىن ئوڭايسىزلىنىپ ھومىيىپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇنى كۆرگەن چېھرىئاينىڭ

ئاچچىقى كېلىپ، نەسرىددىن ئەپەندىمنىڭ بېقىنىنى قاتتىق چىمدايدۇ.

چېھرىئاي: ئۇچرىغانلىكى ئادەمگە ئەركىلەيدىغان لالما ئىتتەك قىلىقىڭىزدىن ئەجەبمۇ تويدۇم، يەنە شۇنداق قىلىدىغان بولسىڭىز سىز بىلەن ماڭمايمەن.

نەسرىددىن ئەپەندى چىرايىغا سۇرلۈك تۈس بېرىپ بۇتتەك قېتىپ تۇرىدۇ، تەكشۈرۈش نۆۋىتى ئۇنىڭغا كەلگەندە ساقچىغا ئايروپىلان بېلىتى بىلەن سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى ئۇزىتىدۇ. ئېكراندا نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ قىرىپ پارقىرىتىۋەتكەن ئايدىڭباش، ساقال-بۇرۇتلۇق، بەقەسەم تون كىيگەن سۈرىتى كۆرۈنىدۇ. ساقچى بىردە سۈرەتكە، بىردە نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قاراپ، تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالىدۇ.

ساقچى: ھۇ، نومۇسسىز ئوغرى، سەن تېخى بىزنىڭ ھۆرمەتلىك نەسرىددىن ئەپەندىمنىڭ سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى ئوغرىلاپ، قاچماقچى بولدۇڭمۇ؟ ماڭ بۇ ياققا!

ساقچى نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ ياقىسىدىن سۆرىگەنچە ئېلىپ ماڭىدۇ. ئۇ ماڭغىلى ئۇنىماي ساقچىغا يالۋۇرىدۇ.

نەسرىددىن ئەپەندى: ئۇكام، ماڭا ئۇنداق ئۇۋال قىلماڭ. مەن ئوغرى ئەمەس، نەسرىددىن ئەپەندى.

ساقچى: ھۇ قىزىل كۆز، قاراپ تۇرۇپ دوپپامغا جىگدە سالماقچىمۇ سەن تېخى. ماڭ بۇ ياققا! ساڭا ئادەم تېپىلمىغاندەك ئاشۇ نەسرىددىن ئەپەندىمنىڭ يانچۇقىنى كولىدىڭمۇ؟

ساقچى دەرغەزەپتە نەسرىددىن ئەپەندىنى سۆرەپ ئېلىپ ماڭىدۇ.

چېھرىئاي: ۋاي، نەسرىددىن ئەپەندىم شۇتى، ئۇقۇشماسلىق بولمىسۇن. ئۇ غەلۋە قىلغىنىچە ساقچىغا ئەگىشىدۇ.

## 105

ساقچى نەسرىددىن ئەپەندى بىلەن چىھرىئاينى بىر قۇرۇق ئۆيگە ئىتتىرىپ كىرگۈزىدۇ-دە، سومكىلىرىنى قوپاللىق بىلەن چۆرۈپ تاشلايدۇ. چىھرىئاي ھۆڭرەپ يىغلىغىنىچە كېلىپ، نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىدۇ.

چىھرىئاي: سىزنىڭ كېپىڭىزگە كىرىپ مۇشۇ كۈنگە قالامدىم ئەمدى.

نەسرىددىن ئەپەندى: مەنمۇ سىزنىڭ كېپىڭىزگە كىرىپ مۇشۇ كۈنگە قالدىم، ساقال-بۇرۇتۇمنى چۈشۈرىۋەتمىگەن، سەللە بىلەن بەقەسەم تونىنى تاشلىمىغان بولسام، ماڭا بۇ خورلۇقمۇ يوقتى.

نەسرىددىن ئەپەندى بىلەن چىھرىئاي يۈزىنى چاڭگاللاپ يىغلايدۇ.

## 106

بېرىم كېچە، بالىنىستا.

بۇرنىغا سۈنئىي نەپەسلەندۈرۈش نەيچىسى بېكىتىلگەن تولغانئاينى دوختۇرلار جىددىي قۇتقۇزماقتا. كۆزىتىش ئاپپاراتىنىڭ ئېكرانىدا يۈرەك ھەرىكىتى سىزىقچىسى ماڭماقتا.

جىددىي قۇتقۇزۇش ئۆيىگە شىركەتنىڭ ئابدۇرېھىم جالال قاتارلىق بىرقانچە خىزمەتچىسى ئۆكسۈلى ئۆچكەن ھالدا كىرىپ كېلىدۇ. تولغانئاينىڭ ھالىنى كۆرۈپ ئابدۇرېھىم جالال كۆزىگە ياش ئالىدۇ.

## 107

بىرقانچە ساقچى نەسرىددىن ئەپەندى بىلەن چىھرىئاي سولانغان ئۆيگە كىرىدۇ. بىر پېشقەدەم ساقچى نەسرىددىن ئەپەندىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ چاس بېرىدۇ.

پىشقەدەم ساقچى: ھۆرمەتلىك نەسرىددىن ئەپەندى، ئەپۇ قىلىڭ، ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ. تەكشۈرۈشكە ھەمكارلاشقىنىڭىز ئۈچۈن رەھمەت.

## 108

يولۇچىلار ئايروپىلانغا چىقماقتا.

ئــايــرودروم دىكتورى: خانىملار، ئەپەندىلەر، شاڭخەيگە ئۇچىدىغان ئايروپىلان ھازىر قوزغىلىدۇ. سەپىرىڭىزلەرگە ئاق يول تىلەيمىز.

نــەســـرىددىن ئەپەندى بىلەن چىھرىئاي ئالدىراپ-تېنەپ يېتىپ كېلىدۇ-دە، ئايروپىلانغا ئاران ئۈلگۈرىدۇ.

## 109

ئايروپىلان ئىچى.

نــەســـرىــددىن ئەپەندى بېشىنى چىھرىئاينىڭ كۆكسىگە قويۇپ ئــۇخــلىماقتا. چىھرىئاي يان تەرىپىدىكى قارا كۆزەينەكلىك بىلەن كۆز ئۇرۇشتۇرىدۇ. قارا كۆزەينەكلىك ئاستا ئورنىدىن قوزغىلىدۇ. چىھرىئاي ئاق چۇپۇرلۇق يوغان بىر قورچاق كۈچۈكنى يەم بىلەن نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ بــېــشىغا يۆلەپ قويىدۇ. نەسرىددىن ئەپەندى ئۇيقۇچىلىقتا تۇمشۇقىنى قورچاق كۈچۈكنىڭ چۇپۇرلۇق تۇمشۇقىغا يېقىپ ئاغزىنى تامشىتىدۇ.

چىھرىئاي يەم بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ قارا كۆزەينەكلىكنىڭ كەينىدىن ماڭىدۇ.

## 110

قـــارا كۆزەينەكلىك بىلەن چىھرىئاي ئايروپىلاننىڭ تازىلىق ئۆيىدە ســۆيــۈشــىدۇ. قارا كۆزەينەكلىك يانچۇقىدىن نام-ئەمەل كارتوچكىسىنى

چىقىرىپ چېھرىئايغا بېرىدۇ.

قارا كۆزەينەكلىك: گۇاڭجۇغا بارغاندا مۇشۇ ئادرېستىكى ئۆيىنى ئىزدە. مالنى شۇ يەردىن ئالسەن.

## 111

نــەسرىددىن ئەپەندى ئولتۇرغان ئايروپىلان شاڭخەي ئايرودرومىغا قوندۇ.

## 112

ئايرودرومنىڭ كۈتۈش زالىدا "نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ شاڭخەيگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز" دېگەن پلاكات ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. پلاكاتنىڭ ئىككى بۇرجىكىگە نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ ئېشەكلىك، كۈلۈمسىرەپ تۇرغان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، پلاكاتنىڭ يېنىدا ھەرقايسى زاۋۇت-شىركەتلەرنىڭ سىمسىز تېلېفون تۇتۇپ تۇرغان خوجايىنلىرى نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ يولىغا قارىشىپ تۇرىدۇ. ياش بىر خوجايىن سىمسىز تېلېفوندا بۇيرۇق بېرىدۇ.

ياش خوجايىن: نەسرىددىن ئەپەندى چۈشكەن ئايروپىلان يەرگە قوندى، ئوركېستىر تەييارلانسۇن!

## 113

ئايرودرومنىڭ ماشىنا توختاش ئورنى.

ئــالــدى دەرىــجىلىك پىكاپلار توختاپ كەتكەن مەيداندا، ئالدىدا

ئوركستىر، ئارقىسىدا "شاڭخەي كارخانا ساھەسى نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ بىز بىلەن دوستانە ھەمكارلاشقانلىقىدىن مىننەتدار" دېگەن خەتلەر يېزىلىپ، نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن پىلاكات كۆتۈرگەن كارخانا خىزمەتچىلىرى رەتلىك تىزىلىپ تۇرىدۇ.

# 114

ئـايـروپــلان كۆتۈش زالىدا كارخانىچىلارنى بىر توپ مۇخبىرلار ئورىۋالغان. بىر مۇخبىر سوئال سورايدۇ.

مۇخبىر: شىنجاڭدىكى "نەسرىددىن ئەپەندى سودا-سانائەت چەكلىك ھـەســـــدارلىق شىركىتى"نىڭ باش لېدىرى نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ شاڭخەيگە كېلىشى، بۇ شەھەردىكى كارخانا ساھەسىگە قانداق پايدىلىق پۇرسەت ئېلىپ كېلىدۇ؟

پـېـشـقــەدەم كارخانىچى: نەسرىددىن ئەپەندى شاڭخەي كارخانا ساھەسىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ھەمكارلاشقۇچىسى، سەممىي دوستى. ئۇ...

نەسرىددىن ئەپەندى بىلەن چېھرىئاي ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ كېلىدۇ.

نـەســـرىددىن ئەپەندى: كونا قەدىناسلار، بىرىڭلار قالماي تولۇق چـىـقـىـپـىـســلـەر-دە؟ ئاۋارە قىپتۇق، ئاۋارە قىپتۇق، بۇنچىۋالا جۇۋاپ كەتمىسەڭلارمۇ بولاتتى.

نەسرىددىن ئەپەندى ھەممەيلەنگە قىزغىن قول سوزىدۇ، ئەمما ئۇلار نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ باش - ئايىغىغا قاراپ قول بەرمەي، "بۇ كىم ئۆزى؟" دېگەن سوغۇق نەزەر، ھەيرانلىق ئىچىدە بىر-بىرىگە قارىشىدۇ. پېشقەدەم كارخانىچى نەسرىددىن ئەپەندىگە قاراپ ئىستىھزا بىلەن سۆزلەيدۇ.

پېشقەدەم كارخانچى: كەچۈرۈڭ، بۇرادەر. ئۆزىڭىزنى تونۇمايدىكەنمىز، ئــۇقــۇشماي بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن. بىز سىزنى ئەمەس، نەسرىددىن ئەپەندىنى قارشى ئالغىلى چىققان.

نەسرىددىن ئەپەندى: ۋاي ئاغىنىلەر، ماڭا چاقچاق قىلىۋاتامسىلەر ياكى راستىنلا تونۇمايۋاتامسىلەر؟ نەسرىددىن ئەپەندى مەن شۇ. پەقەت ساقال-بۇرۇتۇم بىلەن ئۇستىبېشىمنى...

كارخانچىلار نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ باش-ئايىغىغا قاراپ، بىر-بىرىگە باش چايقىغان هالدا قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىدۇ.

## 115

نەسرىددىن ئەپەندى ياتاقتا سالپىيىپ ئولتۇرغاندا سىرتتىن چېهرىئاي خۇشال هالدا كىرىپ، قولىدىكى سومكىنى كارىۋاتقا تاشلايدۇ. ئۇنىڭدىن داكا، يالغان ساقال-بۇرۇت، بىر دانە سېرىق تونىنى ئالدۇ-دە، نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ كەيمە چېچىنى يۇلۇپ تاشلاپ، ئاپپاق بېشىغا داكىنى سەللە قىلىپ يۆگەپ، ساقال-بۇرۇت چاپلايدۇ، كاستۇم-بۇرۇلكىسىنى سالدۇرۇپ سېرىق تونىنى كىيدۈرىدۇ.

چېهــرىئاي: مانا ئەمدى ئىش پۈتتى. ئەسلىدىكى ئەپەندىمگە تازا ئوخشىدىڭىز.

## 116

پېشقەدەم كارخانچى ئىشخانىسىدا پۈتۈن دىققىتى بىلەن هۆججەت كۆرۈۋاتقاندا كاتىپ قىز كىرىدۇ.

كاتىپ قىز: خوجايىن، نەسرىددىن ئەپەندى سىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ.

پىشقەدەم كارخانچى: ھېلىقى يالغان نەسرىددىن ئەپەندىمۇ؟

كاتىپ قىز: ياق، نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ ئۆزى كەپتۇ.

پىشقەدەم كارخانچى: (ھەيران بولۇپ) بۇ قانداق گەپ، بىز ئۇنى ئايرودرومدا كۆرمىدۇقمۇ؟ ئۇ بەك ئەقىللىق، قىزىقچى ئادەم. بەلكىم بىزگە بىر چاقچاق قىلاي دەپ خەۋەرلەندۈرۈپ قويماي، تۇيۇقسىزلا كەلگەن بولسا كېرەك. قېنى، چاقىرغان باشلاپ كىرىڭ.

كاتىپ قىز نەسرىددىن ئەپەندىنى باشلاپ كىرىدۇ.

پىشقەدەم كارخانچى: (قۇچىقىنى يېيىپ) شۇنداقمۇ چاقچاق قىلامسىز، قەدىناس دوستۇم. بىزنى كارامەت كولدۇرلاتتىڭىز-دە.

پىشقەدەم كارخانچى بىلەن نەسرىددىن ئەپەندى خۇشاللىقىدىن قىزغىن قۇچاقلىشىپ، بىر-بىرىنىڭ مەڭزىلىرىگە قايتا-قايتا مەڭزىلىرىنى ياقىدۇ. كاتىپ قىز كۈلۈپ قويۇپ چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ ئىككىيلەن ئۇزاق قۇچاقلىشىپ، بىر-بىرىنى كۆتۈرۈپ پىرقىرىتىپ ئاخىر يەر دەسسەپ ئاجرىغاندا، پىشقەدەم كارخانچى ساقال-بۇرۇتسىز نەسرىددىن ئەپەندىگە قاراپ چەكچەيگىنىچە قېتىپ قالىدۇ. خۇشاللىقىدىن تېخىچە كۈلۈۋاتقان نەسرىددىن ئەپەندى پىشقەدەم كارخانچىنىڭ چىرايىغا قاراپ دەرھال ئىسىنى يىغىپ ئىڭىكىنى تۇتىدۇ-دە، ساقال-بۇرۇتىنى ئىزدەپ ئالاقزادىلىك بىلەن قارايدۇ. ئۇ، ساقال-بۇرۇتىنىڭ پىشقەدەم كارخانچىنىڭ مۈرىسىدە ساڭگىلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئېلىش ئۈچۈن قولىنى سوزۇشىغا پىشقەدەم كارخانچى ئارقىسىغا يېنىپ ۋارقىرايدۇ.

پىشقەدەم كارخانچى: ساقچى... ئوغرىنى تۇت!

نەسرىددىن ئەپەندى ساقال-بۇرۇتىنى ئېلىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي

ئشككه ئۆزىنى ئاتىدۇ. يۇگۇرۇپ كىرگەن پاكار، سېمىز ساقچى بىلەن سوقۇلۇپ ئۇنىڭ ئۈستىگە يىقىلىدۇ. ساقچى ئۆزىنى ئوڭشىۋالغۇچە ئۆملەپ قوپۇپ قاچىدۇ.

## 117

نەسرىددىن ئەپەندى ياتىقىدا چېھرىئاي بىلەن تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغاندا مۇنداق خەۋەر بېرىلىدۇ:

... شەھىرىمىزدە نەسرىددىن ئەپەندى بىلەن ئالغۇ-بەرگۈ قىلىشىۋاتقان كارخانىچىلار، يالغان ساقال-بۇرۇت تاقاپ، نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالغان بىر ئالدامچىدىن ھېزى بولۇڭلار. ئۇنىڭ بوي-تۇرقى، ئاۋازى، مىڭىش-تۇرۇشلىرى بەئەينى نەسرىددىن ئەپەندىگە ئوخشايدۇ. كونا شېرىك كارخانىچىلار بىلەن كارخانىلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى خۇددى نەسرىددىن ئەپەندىدەك ئەينەن-پىششىق بىلىدۇ. ھەرگىز دامىغا چۈشۈپ پۇل-مال بەرگۈچى بولماڭلار.

نەسرىددىن ئەپەندى تېلېۋىزورنى غەزەپ بىلەن ئۆچۈرىۋېتىدۇ-دە:

”ئەستاغپۇرۇللا، ماۋۇ پالاكەتچىلىكنى“ دەپ ئاچچىقى بىلەن ساقىلىنى تۇتامىلىشىغا ساقال-بۇرۇتى قولىغا چىقىدۇ. ئۇ جان ئاچچىقى بىلەن ئالقىنىدا تۇرغان يالغان ساقال-بۇرۇتقا تۈكۈرۈپ يەرگە ئاتىدۇ. چېھرىئاي كېلىپ نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ بوينىغا ئېسىلىدۇ.

چېھرىئاي: ھەي سۆيۈملۈك قېرى، ئاچچىقىڭىزغا ھاي بېرىڭ. بىز گۇاڭجۇغا كېتەيلى. بۇ نەس باسقان يەردە بىزگە كۈن يوقكەن.

## 118

كېچە. گۇاڭجۇ ئايرودرومى.

”ساقال-بۇرۇتلۇق“، سەللە يۆگەپ، تون كيگەن نەسرىددىن ئەپەندى بىلەن مودا كيىنگەن چېھرىئاي يولۇچىلار بىلەن ئايروپىلاندىن چۈشىدۇ.

## 119

نەسرىددىن ئەپەندى بىلەن چېھرىئاي ئايرودرومدىن چىقىپ، تاكسىغا ئولتۇرىدۇ.

شوپۇر: سىز نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ سۈرىتىدە ئالدامچىلىق قىلىپ يۈرگەن ھېلىقى يالغان نەسرىددىن ئەپەندى شۇمۇ؟

نەسرىددىن ئەپەندى: ياق، ياق، نەدىكى گەپلەرنى قىلىدىغانسىز. مەن نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ ئۆزى شۇ. نەدىكى بىر ئەپقاچتى گەپلەرگە ئىشەنمەڭ.

شوپۇر: ھىم (كۈلىدۇ). بىر كاززاپنىڭ نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ نامىدا ئالدامچىلىق قىلىپ، قانچىلىغان زاۋۇت-كارخانىلارنىڭ مىليونلاپ پۇلىنى ئالداپ ئېلىپ قاچقىنىنى گېزىت، رادىئو-تېلېۋىزورلاردا تەشۋىق قىلىۋاتقىلى نەۋاق. سىز نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ نامىنى گۇۋاھچىدا ساتالماسلىقىڭىز مۇمكىن، ئەمدى ئاستا ئويۇنىڭىزنى يىغىشتۇرۇۋېلىڭ!

## 120

مېھمانخانىنىڭ ياتاقخا بېلەت سېتىش ئورنىدا، بېلەت كەسكۈچى نەسرىددىن ئەپەندىگە توڭلۇق بىلەن سۆزلىمەكتە.

بېلەت كەسكۈچى: مېھمانخانىدا بىكار ياتاق يوق!

نەسرىددىن ئەپەندى: بار ئىكەنغۇ، باشقىلارغا بەردىڭىز ئەنە.

بېلەت كەسكۈچى: مېھمانخانىمىزنىڭ ئىشكى ياخشى ئادەملەرگە ھەرقاچان ئوچۇق، ئەمما ئالدامچى، ساختىپەزلەرگە ياتاق بېرەلمەيمىز!

نەسرىددىن ئەپەندى: ئۇقۇشماسلىق بولمىسۇن، مەن سىز دېگەن ساختىپەزلەردىن ئەمەس، دۇنيادا نامىم بار سودا-سانائەتچى.

بېلەت كەسكۈچى: ھۆرمەتكە سازاۋەر نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ نامىنى بۇلغاپ تۇرۇپ، نومۇس قىلماستىن يەنە ئۆزىڭىزنى ئاقلاۋاتىسىزغۇ. ئەگەر نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ ئۆزى گۇاڭجۇغا كېلىدىغان بولسا، ئالدىغا چىقىپ ئالاھىدە ئىززەت-ئىكرام بىلەن قارشى ئالىمىز. لېكىن ئالدامچى-قىزىل كۆزلەرگە ئورۇن بېرىدىغانغا گۇاڭجۇلۇقلار ئۇنچىۋالا ئەخمەق ئەمەس. ياخشىسى، بۇ شەھەردىن كەشكىزنى توغرىلاپ ئاستا كېتىۋېلىڭ.

## 121

ياغمۇرلۇق كېچىدە نەسرىددىن ئەپەندى بىلەن چېھرىئاي شەھەر سىرتىدىكى پاخال بىلەن يېپىلغان تاشلاندۇق كەپىدە ياغمۇردىن پاناھلانماقتا.

سىرتتىن ماشىنا سىگنالى ئاڭلىنىدۇ.

چېھرىئاي: تاكسىمىكىن، قاراپ باقاي. توختىسىلا چاقىرىمەن.

چېھرىئاي قول چامادانىنى ئېلىپ ماڭىدۇ.

نەسرىددىن ئەپەندى: بۇ چامادانىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، جېنىڭىزنى قىينىغۇچە تاكسىغا چىققاندا بىراقلا ئالامسىز.

چېھرىئاي: ماڭىدىغان بولۇپ قېلىپ چاقىرسام، ھەممە يۈك-تاقنى كۆتۈرۈپ تاكسىغا ئېلىپ چىقىش تەس كېلەر سىزگە.

## 122

كەينىنىڭ نېرىسىدا بىر پىكاپ توختايدۇ. چېھرىئاي پىكاپقا قاراپ يۈگۈرەيدۇ. يۈزىگە قارا نىقاب تارتىۋالغان بىرسى چېھرىئاي بىلەن چامادان ئالماشتۇرىدۇ-دە، پىكاپنى تېز قوزغاپ كېتىپ قالىدۇ.

## 123

چېھرىئاي كىرگەن پېتى نەسرىددىن ئەپەندىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ يىغلايدۇ.

چېھرىئاي: ماشىنىغا ئېلىۋېلىشقا قەتئىي ئۇنىمىدى. نېمىدېگەن نەسچىلىك بۇ. بۇنداق شەھەرگىمۇ كېلەمدىغان، بولدى، ئەتىلا يۇرتىمىزغا كېتەيلى.

نەسرىددىن ئەپەندى: سىزنى مۇشۇنداق ئېغىر كۈنگە قويدۇم، تۇمۇچۇقۇم. مېنى ئەپۇ قىلىڭ.

## 124

روھى چۈشكەن نەسرىددىن ئەپەندى بىلەن چېھرىئاي ئايروپىلاندا سالپىيىپ ئولتۇرىدۇ. يان رەتتىكى قارا كۆزەينەكلىك، چېھرىئايغا كۆزىنى قىسىدۇ. چېھرىئاي نەسرىددىن ئەپەندىنى كۆرسىتىپ ”ئۇخلىسۇن، ئاندىن كېيىن...“ دېگەننى ئىشارەت قىلىدۇ.

## 125

تۈن كېچە.

سايىم ساختا كارىۋتىدا ئولتۇرۇپ، كىچىك تارازىدا خروئىن جىڭلاپ ئۇششاق خالتىلارغا بۆلمەكتە. يىرىم يالىڭاچ بىر پاھىشە ئايال ئۇ خالتىلارنى تۈگۈنچەك قىلماقتا.

تۇيۇقسىز ساقچىلار ئۆيگە بېسىپ كىرىپ سايىم ساختا بىلەن پاھىشە ئايالنى قولغا ئالىدۇ.

## 126

ئالا-بېشىل چىراغلار غۇۋا يېنىپ تۇرغان كىچىلىك ئىشرەتخانىدا نامەت قاشاڭ يىرىم يالىڭاچ كىيىنگەن بىر مودا قىزنى سۆيگەچ، يانچۇقىدىن خروئىن بولىقىنى ئېلىپ، قىزنىڭ بېغىردىقىغا تىقىشتا بىر قول كېلىپ ئۇنىڭ بېغىشىدىن ”كاپ“ قىلىپ تۇتۇپ كەينىگە قايرىيدۇ. نامەت قاشاڭ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ قولغا كويزا سالغىلىۋاتقان ساقچىنى كۆرىدۇ.

## 127

نەسىرىددىن ئەپەندى، چېھرىئاي ۋە قارا كۆزەينەكلىك ئايروپىلاندىن چۈشۈشكە پۇقراچە كىيىنگەن ساقچىلار كېلىپ، ئۇلارنىڭ قولىغا كويزا سالىدۇ.

نەسىرىددىن ئەپەندى: (ۋارقىرايدۇ) بۇ... بۇ، نېمە ئىش، مەن دېگەن نەسىرىددىن ئەپەندى، تونۇمىدىڭلارمۇ؟!

پۇقراچە كىيىنگەن ساقچىلار چېھرىئاينىڭ چامادانىنى ئاچىدۇ. قات-قات كىيىملەرنىڭ ئاستىدىن لىققىدە خروئىن چىقىدۇ.

## 128

چاچ-ساقاللىرى ئۆسۈپ، جۇدەپ كەتكەن نەسىرىددىن ئەپەندى

قاپقاراڭغۇ تۇرمىدە كۆزىنى يۇمغىنىچە ھەسرەتلىنىپ ناخشا ئېيتماقتا. بىر چاغدا ئىشىك جاراقلاپ ئېچىلىدۇ-دە، ئىككى ساقچى كىرىپ نەسرىددىن ئەپەندىنى ئېلىپ ماڭىدۇ.

## 129

ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىشخانىسىدا نەسرىددىن ئەپەندىگە سۆزلىمەكتە.

ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: ئىشلار ئېنىقلاندى. زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرى ئۆز گۇرۇھىنىڭ غوللۇق ئەزاسى چېھرىئاي ئارقىلىق يۇرىكىڭىزگە كىرىۋېلىپ، خروئىن سودىسى قىلغان. بۇنىڭدا سىزنىڭ بىخۇدلۇقتىن باشقا گۇناھىڭىز يوق، شۇڭا ئەيىبلەنمەيسىز. ھازىردىن باشلاپ ئەركىنلىككە چىقتىڭىز. ۋەيران بولغان ئىگىلىكىڭىزنى قايتا تىكلەپ نامىڭىزغا چۈشكەن داغنى يۇيۇڭ.

## 130

تولغانئاي، نۇرزۇكئاي ۋە شىركەتنىڭ ئابدۇرېھىم جالال قاتارلىق خادىملىرى تۇرمە دەرۋازىسى ئالدىدا تەقەززالىق بىلەن نەسرىددىن ئەپەندىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي تۇرمىنىڭ كىچىك ئىشكى ئېچىلىپ نەسرىددىن ئەپەندى چىقىدۇ. نۇرزۇكئاي "دادا" دېگىنىچە ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. نەسرىددىن ئەپەندىمۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ نۇرزۇكئاينى قۇچاقلاپ، باغرىغا باسىدۇ.

تولغانئاي نەسرىددىن ئەپەندىگە چىمەن دوپپا بىلەن بەقەسەم تون كىيدۈرىدۇ. ئىككىسى مۇھەببەتلىك كۆزلىرى بىلەن بىر-بىرىگە تىكىلىدۇ.

1995-يىل 13-يانۋار، ئۈرۈمچى.

# دولانلىقلار

## 1-قىسىم

### مۇقەددىمە

1

ئېكراندا غايەت زور قان رەڭ قۇياش بالقىپ، قۇياش ئىچىدىن ئاستا كۆرۈنۈش بىلەن بىر توپ كىيىك يۈگۈرۈپ چىقىدۇ.

كــــىيىكلەرنىڭ پۈتۈن سىماسى قىزىل شەپەق بىلەن پۈركەنگەن، ئايىغىدىن توزىغان تۇپراقلارمۇ قىزىل تۇمان پەيدا قىلىدۇ.

2

قۇياش چەكسىز قۇم دېڭىزى ئارىسىدىن ئۆز ئەكسى بىلەن كۆرۈنىدۇ. قۇملۇق دالا قىزىل شەپەققە پۈركەنگەن. قۇملۇقنىڭ ئۇ يەر، بۇ يېرىدە غوژمەك ئۆسكەن يۇلغۇن، قۇمۇچ، توغراقلارمۇ شەپەقتىن نۇرلىنىپ، قىزىل

نــۇر پۇركۇپ تۇرىدۇ. كىيىكلەر ئىگىز-پەس قۇم چوققىلىرى ئارىسىدىن بۇلۇتتەك سوزۇلۇپ ئۆتمەكتە. قۇياش ئىچىدىن شىددەت بىلەن كىيىك قوغلاپ بىر ئاتلىق كىشى چىپىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئىتىدىن تارتىپ سالۋا، ساقال، تون-سەرپايلىرىغىچە قىزىل نۇرغا پۇركۇلۇپ تۇرىدۇ.

**3**

قۇياش شەپىقى. دالا.

ئاتلىق ئەيسابەگ ئۇزۇن ئوۋ مىلتىقىدىن كىيىكلەر كەينىدىن ئوق ئۇزىدۇ. مىلتىقنىڭ ئۇچىدىن قىزىل ئوق چىچىلىپ، بىر كىيىك موللاقلاپ يىقىلىدۇ.

**4**

كۇندۇز. كۇز.

سۆگەتلەر غازاڭ تاشلاپ تۇرغان يېزا بازىرى. قايناق بازار. ھەر خىل تون-تۇماق كىيگەن ئادەملەر. كاۋاپچى، ئاشپەز، باققال سامسىپەزلەرنىڭ قالايمىقان ۋارقىراشلىرى، قىستاڭ ئىچىدىن ئات يېتىلىگەن، تۇلكە سالۋا كىيگەن، بەقەسەم تونلۇق، بومبا ساقال ئەيسابەگ تەستە ئىلگىرىلىمەكتە.

**5**

ئات ئۈستىدىن شىراقلىق ئوۋ مىلتىقى، نەيزە، ئوقبا ئارتىپ قويۇلغان، بۇرنىدىن قان تامچىپ تۇرغان كۆزى ئوچۇق كىيىك

كۆرۈندۇ. بىر كاۋاپچى كىشىلەرنى ئىتتىرىپ ئەيسابەگنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىدۇ.

كاۋاپچى: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مۇساپىر پالۋان.

ئەيسابەگ: ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

كاۋاپچى: كېيىك گۆشىدە كاۋاپ ئەتمىگىلى تۆت قاپاق پىششىقى بولدى، كېيىكلىرىنى ماڭا ساتسىلا، ئەل نەرقى ئەپ قوياي.

ئەيسابەگ: نەرقىدە كېلىشەلمەسمىزمىكى؟

كاۋاپچى: "ئاتاڭ بازار ـــ ئاناڭ بازار" دەپتىكەن، كېلىشەلمەيدىغان نېمىسى بار؟ جۇرسىلە، چاي ئىچكەچ پۇتىشەيلى، كەچكىچە سۆرەپ يۈرگەندىن بەك ئۆرە قىلىۋەتمەي ئۆز چىنىدە گەپ قىلىلا دە.

ئەيسابەگ: مەشەدىلا، قېنى قانچە پۇل بېرىلا؟

كاۋاپچى: مال سىلىنىڭ دېسىلە. ئوۋچى دېگەن مەرد كېلىدۇ. ئېشىلىپ چانقىدىن چىقىپ كەتمەيلا ها... ها... ها...

ئەيسابەگ: بەش ئالتۇن يامبۇ.

كاۋاپچى: نېمە... نېمە؟...

كاۋاپچىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالىدۇ. كېلىپ كېتىۋاتقان بازارچىلارنىڭمۇ كۆزى چوڭ ئېچىلىپ قالىدۇ.

كاۋاپچى: چۆلدە مېڭىسنى سالما يەۋالغان ساراڭغا يولۇقتۇممۇ ئاتماس تاڭدا.

ئەيسابەگنىڭ باش-ئايىغىغا قارايدۇ.

**6**

مەسچىتنىڭ ئالدى. كۈندۈز.

قىرى-ياش، ئەر-ئايال تىلەمچىلەر ئۇياق-بۇياقتا ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەردىن سەدىقە تىلەپ يۈرىشىدۇ. ئاق لىچەكلىك نەۋ جۇۋان گۈلھىپىزىخان يوغان دەستىخان كۆتۈرۈپ كىلىپ مەسچىت ئالدىدىكى مەيدانغا قويىدۇ. تىلەمچىلەر گۇرردە ئولىشىپ كىلىپ گۈلھىپىزىخاننى ئوتتۇرىغا ئىلىۋالىدۇ. گۈلھىپىزىخان دەستىخاننى ئىچىپ قۇيماقلارنى تىلەمچىلەرگە تارقىتىپ بىرىدۇ. تىلەمچىلەر ئىتتىرىشىپ يۈرىشىدۇ، گۈلھىپىزىخان دەستىخاننى قولتۇقلىۋىلىپ تارقىتىپ بىرىدۇ.

ئات يىتىلىگەن ئەيسابەگ مەسچىت ئالدىغا كىلىپ توپقا تىكىلىپ تۇرىدۇ.

توپ ئۇيان سۈرۈلۈپ، بۇيان سۈرۈلۈپ ئەيسابەگنىڭ ئالدىغا كىلىپ قالىدۇ. باش كۆتۈرمەي قۇيماق تارقىتىۋاتقان گۈلھىپىزىخان ئىككى قۇيماقنى ئەيسابەگكە تەڭلەيدۇ. ئەيسابەگ ئالمىغاندىن كىيىن بىشىنى كۆتۈرىدۇ. ياشلىق، گۈزەللىك چاچراپ تۇرغان بىر جۈپ كۆز بىلەن چۇپۇر قاش ئاستىدىكى ئۆتكۈر قارچۇغا كۆز ئۇچرىشىدۇ.

گۈلھىپىزىخان: ۋاي جىنىم... (قولىنى تارتىۋالىدۇ).

ئەيسابەگ: بەرگىڭىز كەلمەي قالدىمۇ خىنىم؟

گۈلھىپىزىخان: ئىزاغا ئۆلتەرمىسلە ئادەمنى.

گۈلھىپىزىخان چاققانلىق بىلەن قولىنى ئەپقىچىپ، بۇرۇلۇپ ئىتتىك كىتىدۇ. ئەيسابەگ كەينىدىن تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالىدۇ. مەسچىت دوقــمۇشىدىن قايرىلغاندا گۈلھىپىزىخان كەينىگە قايرىلىپ يەنە قارايدۇ. ئىككى جۈپ كۆز يەنە ئۇچرىشىدۇ.

## 7

كۇندۇز، مەسچىتنىڭ ئالدى.

ئەيسابەگ كىيىكنى ئاتنىڭ ئۇستىدىن چۈشۈرۈپ، بىر توپ تىلەمچىلەرگە بېرىدۇ.

## 8

كەچ، دەڭنىڭ ئالدى.

ئۇلاغلىق، پىيادە ئادەملەر دەڭگە كىرىپ-چىقىپ تۇرىدۇ.

ئەيسابەگ دەڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشىدۇ. ئېتىنى يېتىلەپ دەرۋازىدىن كىرىدۇ.

## 9

كەچ، دەڭ ئىچى.

تـۈۋرۈكـلـەردىكى چىراغپايلار پىلدىرلاپ كۆيۈپ تۇرىدۇ. پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىلاردا ئادەملەر توپ-توپ ئولتۇرۇپ قىمار ئـويـنىماقتا. قالايمىقان ۋارقىرىشۋاتقانلار، چاي ئىچىشىۋاتقانلار، چىلىم تارتىۋاتقانلار كۆرۈنىدۇ، نېرىسىدا ھەر خىل ھارۋا، كالا، ئېشەكلەر قالايمىقان تۇرىدۇ. ئاتخانىدا ئاتلار ئوقۇردا قاتار تۇرۇپ بوغۇز يېمەكتە.

گۇلھېپىزىخان: راخمان قېنى سەن، مېھمان كەلدى. ئالدىغا چىق.

راخمان: خوش، مانا مەن بار خېنىم.

ئاق تۇماقنى قىستۇرۇپ كىيىۋالغان، ئۇزۇن كۆك يەكتەك كىيىپ، قىزىل بەلۋېغىغا سۆگەك ساپلىق پىچاق ئاسقان ياش راخمان ئەيسابەگنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ.

راخمان: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مېھمان. قېنى ئاتلىرىنى ماڭا بەرسىلە.

ئەيسابەگ: ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. مانا ماۋۇ بىر سەر سۆيۈنچە، ئاتنى ئوبدان بېقىپ قوي.

راخمان: ھەشقاللا بېگىم، دېگەنلىرىدەك قىلىمەن.

گۈلھېپىزىخان كېلىدۇ، ئەيسابەگنى كۆرۈپ تەبەسسۇم بىلەن ئېگىلىپ سالام قىلىدۇ. ئەيسابەگ قاراپ تۇرۇپ قالىدۇ. ئىككى جۈپ كۆز بىر-بىرىگە بېقىشىپ قالىدۇ. راخمان ئاتنى يېتىلەپ كېتىدۇ.

ئەيسابەگ: خۇدا بىزنى يەنە قانداق قىسمەتتە ئۇچراشتۇرار.

گۈلھېپىزىخان: بىزگە قالغان تىرىكچىلىك مۇشۇكەن.

گۈلھېپىزىخان كەينىگە قايرىلىدۇ.

مۇساباي: خوش ئاغىچا. ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مېھمان. قېنى جۇرسىلە.

## 10

شام يورۇتۇپ تۇرغان، گېلەم سېلىنىپ، مېھرابقا تاۋار يوتقان تىزىلغان ئۆي. ئەيسابەگ جۈپلەپ قويۇلغان قۇراق تېكىرگە يانباشلاپ چىلىم تارتماقتا.

مۇساباي ئۆيگە پەتنۇستا بىر چەينەك، پىيالە، ناۋات، يېمىش ئېلىپ كىرىدۇ.

ئۆزلىرىگە غىزا لازىممىكىن؟

ئەيسابەگ: نېمە غىزايىڭلار بار؟

مۇساباي: ھەممە نېمە بار. ئۇگرە، چۆچۈرە، قىرغاۋۇل گۆشى باسقان پولو، تونۇر كاۋىپى، نېرىن چۆپ، پېتىر مانتا، سامسا، گۆش گىردە...

ئەيسابەگ: بولدى، ۋالاقلاۋەرمە. بىر ئاياق ئۇگرە بىلەن، قىرغاۋۇل گۆشى باسقان پولودىن بىر جام بەر.

مۇساباي: خوش، چايغا باققاچ تۇرسىلا.

ئۆيگە گۈلھېپىزىخان كىرىپ كېلىدۇ.

گۈلھېپىزىخان: ئەسسالام مېھمان.

ئەيسابەگ، رۇسلىنىپ، چازا قۇرۇپ ئولتۇرىدۇ.

ئەيسابەگ: كەلسىلە خېنىم.

گۈلھېپىزىخان: مۇساپىرخانىمىز دىتىلىرىغا خوپ كەلدىمىكىن؟

ئەيسابەگ: ئۆمرۈمدە مۇنداق تەنگە داۋا، مېھرى ئىسسىق سارايغا چۈشۈپ باقماپتىكەنمەن.

## 11

كەچ، دەڭ ھويلىسى.

پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپا. ئېگىز چىراغپايلاردىكى ساپال چىراغلار يورۇتۇپ تۇرغان تاۋكا. ھوشۇقلار پالاز ئۈستىگە سەكرەپ چۈشۈپ تۇرىدۇ. پۇرلاشقان قەغەز پۇللار، كۈمۈش تەڭگىلەرگە قوللار تەڭ يالمايدۇ. قىمارۋازلار ئۇيان-بۇيان ئېتىشىپ تۇرىدۇ. يەكتىكىنى ئېچىۋەتكەن، چوپۇر مەيدىسى، تۈلۈمدەك قورسىقى ئېچىلىپ قالغان گۆش كۆتۈكىدەك سېمىز، شاپ بۇرۇت رىھىمباي

هوشۇقنى قولغا ئالىدۇ. بېشىدىكى سەرپۇش تۇماقنى سىيرىپ
ئېلىپ ئالدىغا قويىدۇ. مىستەك پارقىراق بېشىدىن تەڭگە، قەغەز
پۇللار سىيرىلىپ چۈشىدۇ.
رېھىمباي: تۇماقتىكىنىڭ ھەممىسىگە دو بارمۇ؟ مانا ئاتتىم.
قىمارۋاز A: نېمانداق بىر تاقلاپ يوغىنىتىۋېتىسەن؟
رېھىمباي: قوڭ ئاچچىقى مۇشۇنداق يامان. يا تايىنلىق مېنى قۇرۇق ئۆسكەن
بادرىدەك قىلىپ ھەممىنى ئېلىپ كېتىش، يا بولمىسا ماڭا بەر.
قىمارۋاز B: ھاللىز ئاتمىساق بولامىكى رېھىمباي.
رېھىمباي: ھازىر ئاتا-ئانام بولسىمۇ ماڭا سالا قىلمىسۇن. قېنى قايسىڭ دو
چىقتىڭ؟
قىمارۋاز C: مەن چىقتىم. ھېساب، ئاتە. يا سايرامدىن، يا قايىنامدىن.
رېھىمباي: يا دەتتىكام، يا پىرىم جەمشىت.
ھەممە قىمارۋاز: چو چۈشتى.
قـول سەرپۇش تۇماقتا ئېسىلىدۇ. رېھىمباي لاسسىدە ئولتۇرۇپ
قـالىدۇ، كۆزلىرى دەھشەتلىك، غالجىر تۇس ئالىدۇ. قىمارۋازلار
ۋارقـىـراپ-جـارقىراپ قىمارغا تېگىدۇ. رېھىمباي يانغا سۈرۈلۈپ
چىقىپ، بېشى چاتىرقىغا ساڭگىلىغان ھالدا زوڭ ئولتۇرىدۇ.
رېھىمباي: چىلىم قېنى؟
چاكار: مانا، مانا.
رېھىمباي: چوگىدىن سال، مەكتىنىڭكىنى.

## 12

كەچ، ئۆي ئىچى.

ئۆيىنى شام يورۇتۇپ تۇرىدۇ. گۈلھىيىزىخان بۆشۈككە يۆلىنىپ چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرىدۇ. ئۇماق ئوغۇل ئانىسىنىڭ ئەمچىكى ئاغزىدا پىتى ئۇيقۇغا كەتكەن. ئىشىك جالاقلاپ ئېچىلىپ رىھىمباي كىرىدۇ. گۈلھىيىزىخان چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كۆكسىنى ياپىدۇ. رىھىمباي ئەلەسلىشىپ كەتكەن كۆزىنى خوتۇنىغا تىكىدۇ.

رىھىمباي: ھەي جالاپنىڭ قىزى، بۇگۈنكى دەڭجالىقنى چىقار ئاناڭنى...

گۈلھىيىزىخان جىلتكىسىنىڭ يانچۇقىدىن چەندازىنى ئېلىپ بېرىدۇ.

رىھىمباي ئېلىپ كۆرىدۇ.

رىھىمباي: ئاران مۇشۇما، قالغىنىنى ئاناڭنىڭ قونجىغا تىقتىڭمۇ؟ ھەممىنى ئاله.

گۈلھىيىزىخان: ھەممىنى ئەپبەردىم. خۇدا بۇيرىسا ھەممىنى بەردىم.

ھاپپاق ئۇنىڭ ئاغزىغا تېگىدۇ. ئۇ ۋايجانلاپ يىغلايدۇ. ئاغزى بۇرنىدىن قان كېتىدۇ. رىھىمباي ئۇنى يۇمۇلتىپ تېپىپ ئۇرىدۇ.

رىھىمباي: ھەممىسى شۇما. ھەممىسى شۇما. مانا ئەمسە ھەممىسى شۇ بولسا.

رىھىمباي ئۇرىۋېرىدۇ. گۈلھىيىزىخان چىرقىراپ يىغلايدۇ.

## 13

كەچ، ھويلا.

قىمارۋازلار ئۆي ئىچىدىن كېلىۋاتقان ۋار-ۋۇر ئاۋازنى تىڭشايدۇ.

ئىشان قىمارۋاز: رىھىمباي خوتۇنىنى ئۇرغىلى تۇردى، چىدىماي.

قىمارۋازA : خوتۇن خەقنى تاياقسىز قويسا خوتۇن بولمايدۇ.

قــــمارۋازلار: ئۇچۇغداپ تۇرۇش سۇننەت. ئۇرە رىھىمباي، ئاچچىقىڭنى
چىقىرىۋال. خوتۇننى نىمدەپ ئالدۇ.

## 14

كەچ، ئۆي ئىچى.
بـۆشـۈكـتــكـى بـوۋاق قىرقىراپ يىغلىماقتا. رىھىمباي
گۈلھىپىزىخاننىڭ چىچىدىن تۇتۇپ ئۆرە قىلىپ ئۆزىگە قارىتىدۇ.
گـۈلـھـىـپـىـزىخاننىڭ يۈز-كۆزى ئىششىغان، ئاغزى-بۇرنى قان،
كۆزلىرىدىن غەزەپ يېغىپ تۇرىدۇ.
رىھىمباي: خوتۇن كىشى ئەرنىڭ دۈشمىنى، قىرىق يىل ئۆي تۇتسا بىر تال
چېچى ئەل بولمايدۇ. بېشىمغا كۈن چۈشۈپتى، بىر تەڭگە چىقارماي
مۈشۈكتەك كۆزۈڭنى يۇمۇپ تۇرىسنا.
گۈلھىپىزىخان: ئۆي-بىساتنى، مىنى سات ئەمدى.
رىھىمباي: جاۋاب قىلامسەن، ھە مىكىجىن جاۋاب ياندۇرغىدەك بولدۇڭمۇ.
رىھىمباي گۈلھىپىزىخاننى يەنە يۇمۇلتىپ ئۇرۇپ، تېپىدۇ. بالا ۋە
گۈلھىپىزىخاننىڭ چىرقىراشلىرى ئۆينى بىر ئالدۇ.

## 15

كەچ، ھويلا.
ھەممە ئۆز ئىشى بىلەن. قىمارۋازلار قىمار ئوينىماقتا.
كەچ، ئەيسابەگنىڭ ھوجرىسى.
ئەيسا بەگ چىلىم تارتىپ ئولتۇرۇپ جىدەلگە قۇلاق سالىدۇ.
غەزەپتىن قارچۇغا كۆزلىرى يېنىپ، ساقاللىرى تىترەيدۇ.

## 16

كەچ، دەڭ هويلىسى.

قىمارۋازلار تاۋكادا قالايمىقان يېتىشىپ، خورەك تارتىشىپ، ئۇيقۇغا كېتىشكەن.

## 17

كەچ، ئۆي ئىچى.

رەھىمباي يوتقاندا ئوڭدا يېتىپ، خورۇلداپ ئۇخلىماقتا.

گۈلھېيىزىخان يوتقاندىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ، پەم بىلەن ئۆيدىن چىقىدۇ.

## 18

كەچ، ئەيسابەگنىڭ ھۇجرىسى.

شام يېنىپ تۇرىدۇ. ئەيسابەگ خىيالغا چۆككەنچە چىلىم تارتىپ ئولتۇرىدۇ. ئىشىك ئېچىلىپ گۈلھېيىزىخان كىرىپ كېلىدۇ. ئەيسابەگ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ.

## 19

كېچە، دەڭ ئالدى.

يۇلتۇزلار جىمىرلايدۇ. دەڭ دەرۋازىسى ئالدى. كوچا.

يىراقتىن خورازنىڭ چىللىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. دەرۋازا قىيا ئېچىلىپ، ئەيسابەگ ئاتنى يېتىلەپ پەم بىلەن چىقىدۇ.

## 20

كېچە، ئۆي ئىچى.

رېھىمباي خورۇلداپ ئۇخلىماقتا. گۈلھېپىزىخان كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ تۇرۇپ، بۆشۈكتە ئۇخلاۋاتقان بوۋاقنىڭ مەڭزىگە ئاغزىنى ئاپىرىدۇ.

## 21

كېچە، دەرۋازا ئالدى.

دەرۋازىدىن گۈلھېپىزىخان چىقىدۇ. ئەيسابەگ ئاتنى دىۋىتىپ كېلىپ، سوزۇلۇپ گۈلھېپىزىخاننىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ ئاتنىڭ ئالدىغا ئالىدۇ. ئات قۇيۇندەك چېپىپ كېتىدۇ.

## 22

سەھەر، قۇملۇق.

قۇملۇقتا غايەت زور قۇياش بالقىپ چىقىدۇ. ھەممە يەر قىزىل شەپەققە پۈركەنگەن. قىزىل نۇر يېغىپ تۇرغان ئەيسابەگ گۈلھېپىزىخاننى ئاتنىڭ ئالدىغا ئالغان پېتى، قۇياش ئىچىگە ئات چاپتۇرۇپ كىرىپ كېتىدۇ.

ئاتىنىڭ ئايغىدىن توزىغان چاڭ ئاپتور، رىژىسسور ۋە باشقىلارنىڭ ئىسمى بولۇپ چىقىدۇ. مۇقەددىمە ئاخىرلىشىدۇ.

## 23

كۇندۇز، بېزا بازىرى چايخانىسى.

سۇپىدا قېرى-ياش بىر توپ بولۇشۇپ، چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇشىدۇ.

ياش يىگىت A: ئەيسابەگ بىر كىچىك خوتۇن ئېلىپ كەپتىمىش. بەك چىرايلىق دەيدۇ. نەدىن ئەكەلگەندۇ؟

ياش يىگىت B: ئاڭلىسام ئاتچاپار تەۋەسىدە بۇنداق چىرايلىق قىز يوقمىش. قەشقەرگە قىمار ئوينىغىلى بېرىپ، ياتقان سارايدىن كۆزىگە ئىلىنىپ قېلىپ، ئەپقېچىپ كەپتىمىش دەيدۇ.

قېرى بوۋاي: بىز دولان خەقلىرى چىراغسىز، تاپىنى تۆشۈكلەرگە قىز بەرمەيمىز، قىز ئالمايمىز.

چايخورلار: بەرھەق گەپ.

ئوتتۇرا ياش كىشى: يۇرت ئاتىسى ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ، ياقا يۇرتتىن قىز ئالمايدۇ.

## 24

كېچە، مېھراپ ئىچى.

چىراغپايىلاردا ساپال چىراغلار پىلدىرلاپ يېنىپ تۇرىدۇ. تۆت موللام مۇكچىيىپ ئولتۇرىدۇ. ئىمام ئاچچىقلاپ سۆزلىمەكتە.

ئىمام: ھەرقانچە بەك دولانلاردىن بولمىسىمۇ، ئاتچاپار تەۋەسىدىن ئەيسابەگكە
كىچىك خوتۇنلۇققا يارىغۇدەك قىز چىقماسمىدى.
مەزىن: ئەتە-ئۆگۈن ياقا يۇرتلۇق كىچىك خوتۇندىن بولغان بالا ”مەن
ئاتچاپار ئەيسا ئاۋۇقنىڭ بەگزادىسى، ئاتچاپارنىڭ بېگى مەن“ دەپ
يۈرسە بىزنىڭ يۇرتىمىز، بالىلىرىمىز، بىز ئۇن سەككىز مىڭ ياغاچ
ئۆيلۈك دولانلار — ئاتچاپارنىڭ پۇشتلىرى، ياقا-يۇرتلۇق
خوتۇندىن بولغان ناكەسنىڭ قولىغا قالىمىزما؟

## 25

كېچە، مىراپ بەگنىڭ ھەشەمەتلىك مېھمانخانىسى.
كۆمۈش شامدانلاردا شاملار يورۇپ تۇرىدۇ. يۇرت
مۆتىۋەر-كاتتىلىرى ئالدىدىكى دەستىخاندىكى پۇتۇن پىشۇرۇلغان
قوي گۆشىدىن پىچاقلاردا كېسىپ يېمەكتە.
قازى: ئاۋۋال ئۇنى مەشرەپتە كۆرىمىز.
مىراپ: چىرىغى بار، يۇلتۇز باقالايدىغانلاردىن بولسا ئۇرۇقى بۇزۇلغىنى شۇ.
پاششاپ بەگ: ئەيسابەگنىڭ ماڭا دېيىشىچە، بۇ خوتۇننىڭ ئاتا تەكتى ئاقسۇ
ئاۋاتنىڭ قورۇچۆلدىكى يەتمىش ئىككى مىڭ ياغاچ ئۆيلۈك
دولانلاردىنكەن. قاراتال دولانلىرىدىنمىش.
لېتىپ داموللام: ئەيسابەگ كىچىك خوتۇننى يۇرتقا تونۇتۇش، كۆرستىش،
تەزىم مەرىكىسى ئۈچۈن، چارشەنبە كەچتە بېغىدا مەشرەپ چىبىي
قىلماقچى. ئۇ گالۋاڭ ئادەم ئەمەس، قالغىنىنى شۇ چاغدا
كۆرمەمدۇق.

## 26

كېچە، ئەيسابەگنىڭ قورۇسى.

كۆمۈش شامدانىدىكى شاملار يورۇتۇپ تۇرغان ئەيسابەگنىڭ ھەشەمەتلىك خاس ھۇجرىسى. ئەيسابەگ ئېيىق تېرىسى سېلىنغان ياغاق ئۇستىلىدە ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرمەكتە. خاس چاكار ئەخمەتخان كىرىپ كېلىدۇ.

ئەخمەتخان: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بېگىم.

ئەيسابەگ: كەل بالام. تىڭلاپ كەلدىڭمۇ؟ يۇرتنىڭ پەيلى قانداقراق؟

ئەخمەتخان: پەيلى بەك يامان تۇرىدۇ بېگىم. مەرىكىنى خەقنىڭ ئۆپكىسى بېسىققاندا قىلساقمۇ كېچىكمەسمىزمىكى دەپ ئويلاۋاتىمەن.

ئەيسابەگ: ھايالشساق خەقنىڭ ئىچىگە تېخىمۇ ئوت كېتىدۇ. قىلىۋېرىمىز.

ئەخمەتخان: چوڭ خېنىم غىزا يېمەي دۇم يېتىۋالغىلى ئۈچ كۈن بولدى. ھازىر ھويلىدىكى چاكارلاردىن تارتىپ ئىت-مۈشۈككىچە ئۆچ بولۇپ قالدى. ئۆزلىرىگە، كىچىك خېنىمغا بەكرەك ھېزى بولسىلا بېگىم.

ئەيسابەگ: سەنمۇ ھېزى بول. بىر كۆزدىن ئىككى كۆز ياخشى.

ئەخمەتخان: ئەلۋەتتە بېگىم.

## 27

كۈندۈز، ئەيسابەگنىڭ يازلىق ئايۋان سارىيى.

چۇماق، ئوۋ مىلتىقى، نەيزە، خەنجەر، ئوقيا، قىلىچ ئاسقان ئوتتۇز چاكار رەتلىك تىزىلىپ قېتىپ تۇرىدۇ. ئەيسابەگ قارچۇغا

كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ساقىلىنى تىترىتىپ بوش ئەمما ئاچچىق
سۆزلىمەكتە.
ئەيسابەگ: ياقا-يۇرتتىن بىر كىچىك خوتۇن ئالغۇدەك يۈزۈم يوقما؟...
چاكارلار چەكچىيىپ قاراپ تۇرىدۇ. ئەيسابەگ ھەممىسىگە
بىر-بىرلەپ قارايدۇ.
ئەيسابەگ: كۆزلىرىڭلاردىن دىلىڭلاردىكى شۇملۇقنى كۆرۈۋاتىمەن.
ياش چاكار: ئۇنداق دېمىسىلە بېگىم، بىزگە ئىشەنسىلە، سىلىگە شۇملۇق
تىلىسەك تۇزكور بولىمىز.
قېرى چاكار: بىز تەرەت ئېلىپ چىقتۇق، قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچىمىز.
چاكارلار: قەسەم قىلىپ بېرىمىز!...
ئەيسابەگ ئىشارەت قىلىدۇ. ئەخمەتخان قۇرئاننى ئەكېلىدۇ.
قېرى چاكار قۇرئاننى ئالىدۇ. پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ سۆيىدۇ.
قېرى چاكار: بىسمىللاھىرراخمانىرەھىم، ئەيسا بېگىمگە تۇزكورلۇق قىلسام
ئاستىمدىن قۇرئان، ئۈستۈمدىن خۇدا ئۇرسۇن.
ھەربىر چاكار قۇرئاننى بىرمۇ بىر ئېلىپ شۇنداق قەسەم قىلىدۇ.

## 28

خاس بالىخانا. قاراڭغۇ.
ئەيسابەگ ئىشىكنى تاقايدۇ، چۆيۈن چىراغنى قوللىرى تىترەپ
تەستە ياقىدۇ، چىشلىرى كىرىشىپ ئاچچىقىدا تىترەيدۇ. چىراغ
يورۇقىدا تەكچىدە ئېسىقلىق ھەر خىل قورال لار كۆرۈنىدۇ.
ئەيسابەگ: خەير، ئاللا مەدەت قىلغايسەن.
ئۇ تەكچىدىن قىسقا، ئاق قاشتېشى ساپلىق، ئالتە قىر مىس

تىكەن ئارىچىلاپ توقۇلغان قامچىنى سول قويىنغا سالدۇ. كۆمۈش ساپلىق قىسقا شەمشەرنى جىگەرەڭ تاۋار تونىنىڭ ئىچىگە سالدۇ.

## 29

كەچ، شاملار يورۇتۇپ تۇرغان گۈلھېپىزىخانىنىڭ ياسداق ھۇجرىسى.

تۆت دېدەك قىز تاش ئەينەككە قاراپ ئولتۇرغان گۈلھېپىزىخانىنى ياساندۇرماقتا. ئەيسابەگ كىرىپ كېلىدۇ. تۆت قىز قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ گىلەم ئۈستىدە تىزلىنىدۇ، گۈلھېپىزىخان بىلەن ئەيسابەگ بىر-بىرىنى ئەينەكتىن كۆرۈشىدۇ. گۈلھېپىزىخان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ دېدەكلەردەك قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تىزلىنىدۇ. ئەيسابەگ كېلىپ گۈلھېپىزىخانىنى يۆلەيدۇ. ئۇ گۈلھېپىزىخانىنىڭ ئالدىدەك قىزىرىپ كەتكەن يۈزىگە تۆكۈلگەن ياشنى كۆرىدۇ.

ئەيسابەگ: مەشرەپكە چىقىڭلار، بېگىم بىلەن خېنىم چىقىۋاتىدۇ دەڭلار.

دېدەكلەر: خوش بېگىم، خېنىم.

دېدەكلەر چىقىپ كېتىدۇ، بەگ گۈلھېپىزىخانىنىڭ ئېقى سەل قىزارغان، تۆكۈلۈپ تۇرغان كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى بېغىر كۆزىگە نۆۋەت بىلەن سۆيىدۇ. شاپ بۇرۇت، بومبا ساقىلى ئارىسىدا گۈلھېپىزىخانىنىڭ يۈزى كۆرۈنمەي قالىدۇ. ئۇ بېشىنى بەگنىڭ مەيدىسىگە بارغانسېرى چۆكۈرۈپ ئۆكسۈيدۇ. بېشىدىكى سۆسەر كەمچەت، گىلەم ئۈستىگە دۇملاپ چۈشىدۇ. بەگ يوغان، تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىنى ئۇنىڭ سىلىق قاتۇرۇپ تارالغان چېچىنىڭ

ئارىسىغا پاتۇرىدۇ.

ئەيسابەگ: قورقىۋاتامسىز؟

گۈلھېپىزىخان: ... ...

ئەيسابەگ: قورقماڭ، ئۇلار ھېچنېمە قىلالمايدۇ، بۇ يەر دىلىڭىزغا سىغمىدىمۇ؟

گۈلھېپىزىخان: سىز بىلەن نەدە بولسام بولىۋېرىدۇ.

ئەيسابەگ: مەن يېنىڭىزدىكى چاغدا نېمە يېسىڭىز بولىدۇ.

گۈلھېپىزىخان بەگنىڭ كۆزىگە قارايدۇ. بەگ ئۇنىڭغا سۇرلۇك تىكىلىپ تۇرىدۇ.

گۈلھېپىزىخان: قاچانغىچە بۇنداق جان قىينارمىز.

ئەيسا بەگ ساقىلىنى سىيلايدۇ.

ئەيسا بەگ: خۇدا ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرگۈچە.

## 30

كېچە، پېشايۋان ئاستى، پېشايۋان تۈۋرۈكلىرىدىكى چىراغپايلاردا ساپال چىراغلار پىلدىرلاپ يېنىپ تۇرىدۇ.

ئەيسا بەگ بىلەن گۈلھېپىزىخان پېشايۋان ئاستى بىلەن باغ تەرەپكە ماڭىدۇ.

## 31

گۈلخان يېقىلغان باغ ئىچى. گۈلخانلار باغ ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇرىدۇ. داشقازانلاردا قوينىڭ پۈتۈن ئۇچىسى قاينىماقتا.

بىرمۇنچە ئادەملەر شورپا سورۇپ، گۆش پىشۇرماقتا، ئاياللار ئاش يېيىپ ئۇگرە قىلىپ، داش قازاندىكى شورپىغا سالىدۇ.

پۈتۈن يۇرت قېرى-ياش، ئەر-ئايال مەشرەپ سورۇنى تۈزۈپ ئولتۇرۇشقان. ئەرلەر سورۇنى ئوڭ تەرەپتە راسلانغان، چاكار يىگىتلەر ئەرلەرنىڭ، دېدەكلەر ئاياللارنىڭ قولىغا سۇ بەرمەكتە.

بالىلار قېرى مېۋىلىك دەرەخلەرگە چىقىۋېلىشقان، ئاياللار سورۇنىنىڭ تۆردە كۆپتەك سېمىز بەگنىڭ چوڭ خوتۇنى ھاۋا خېنىم ئولتۇرىدۇ.

چاكار: پوش، پوش، يۇرت ئاتىسى كەلدى.

سورۇندىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭ بېسىلىدۇ.

ئەيسابەگ ئالدىدا، گۈلھېپىزىخان كەينىدە سورۇنغا كىرىپ كېلىدۇ. ئادەملەر بۇلارغا سۆرۈن، ئۆچمەنلىك بىلەن سۈرلۈك قارايدۇ. گۈلھېپىزىخان ھودۇقۇپ پىشانە، تۇمشۇقلىرىدا تەر پەيدا بولىدۇ. كۆزلىرى چوڭ ئېچىلىدۇ. تۆردە ئولتۇرغان ھاۋا خېنىم بىلەن كۆزلىرى ئۇچرىشىدۇ. ھاۋا خېنىمنىڭ قارا داغ باسقان يۈزى كۆكىرىپ، يەۋەتكۇدەك چەكچىيىدۇ.

ئەيسا بەگ: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم يۇرت، جامائەت.

بەگ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تەزىم بىلەن سالام قىلىدۇ.

گۈلھېپىزىخانمۇ تەڭ ئېگىلىدۇ.

جامائەت: ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام بېگىم... خېنىم.

ئەيسابەگ يۇرت جامائەتكە نەپرەت بىلەن قارايدۇ.

بەگنىڭ كۆزى چوڭ خوتۇنىغا قەھرى بىلەن تىكىلىدۇ. ھاۋا خېنىم بەرداشلىق بېرەلمەي يەرگە قارىۋالىدۇ.

باغ ئىچى، ئەيسابەگ يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىلەن بىرمۇبىر قول

ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ.

گۈلھېپىزىخان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۇرت كاتتىلىرىغا ئېگىلىپ سالام بېرىپ ماڭىدۇ. يۇرت كاتتىلىرى ئايالنىڭ بۇ قىلىقىنى ياقتۇرماي ئارقىسىدىن بىر-بىرىگە باش چايقىشىدۇ.

باغ ئىچى، ئاياللارنىڭ سورۇنى.

بەگ ئاياللار سورۇنىغا، چوڭ خوتۇنىنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. ھاۋا خېنىم تىترەپ تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ ئېگىلىدۇ.

ھەممە ئاياللار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئېگىلىپ ئامانلىق سورايدۇ.

بەگ پەرۋاسىز، جاۋاپسىز سۈرلۈك تىكىلىپ تۇرىدۇ. ھاۋا خېنىم بېشىنى كۆتۈرۈپ قارايدۇ. كۆزى بەگنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىششى بىلەن تەڭ بېشىنى تېخىمۇ ئېگىپ تۇرىدۇ.

ھاۋا خېنىم: بېگىم... مەندىن ناپسەنتلىك ئۆتتىمۇ؟

ھاۋا خېنىم بېشىنى كۆتۈرمەستىن تىترەك ئاۋازدا سۆزلەيدۇ.

ئۇزاق جىملىق.

ھاۋا خېنىم: گۇناھىمدىن ئۆتسىلە، ئوتتۇز يىللىق تۇزۇمنىڭ ھەق-ھۆرمىتى ئۇچۇن.

ئەيسا بەگ: خېنىم ساڭا ئامانەت.

ھاۋا خېنىم: جېنىم بىلەن.

باغ ئىچى. ئەرلەر سورۇنى. بەگ تۆردە ئولتۇرىدۇ.

تەمبەل بىر ئادەم كېلىپ بەگكە ئېگىلىدۇ.

تەمبەل ئادەم: دات بېگىم ئىجازەت بەرسىلە، مەشرەپ باشلاشتىن بۇرۇن يېڭى خېنىم بىلەن نىكاھلىرىنى...

ئەيسا بەگ تاتىرىپ، چىشلىرى كىرىشىپ كېتىدۇ.

ئەيسا بەگ: گېپىمنى ئاڭلا كالۋا، مۇشۇ گەپ ئۈچۈن بويۇڭنى سۇغا سېلىپ
ئىككى رەكەت تۆۋە نامىزى ئوقۇ، مەن پەقەت ياقا يۇرتتىن
ئۆيلەندىم.
ئەيسا بەگ ئورنىدىن تۇردۇ.
ئەيسا بەگ: ئاڭلا خالايىق، بۇرۇن بىنا قىلغان يۇرتنى باللايىئاپەتتىن
ساقلىغان يۇرت ئاتىسىنىڭ باشقا يۇرتتىن بىر خوتۇن ئېلىشىنى
ئىچىڭلارغا سىغدۇرالماي قالدىڭلار. سىلەر سۆيىنى ئىچىۋاتقان
دەريامۇ باشقا يۇرتنىڭ غەلدى-غەشلىرىنى قورسىقىغا سىغدۇرالايدۇ.
مەشرەپ باشلانسۇن.
تەمبەل ئادەم: دات بېگىم كىچىك خېنىمنىڭ مېھرى-ھەققى.
ئەيسا بەگ: ئاڭلا خالايىق، كىچىك خېنىمنىڭ مېھرى-ھەققى ئۈچۈن
خېنىيادىكى قويدىن 300، تۆگىدىن 40، تاكاستىكى يىلقامدىن 20
ئات، شاكال ئاۋاتتىكى بىنام بەردىن 100 مو يەر ئاتىدىم.
لىتىپ داموللام: ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر، قۇت ئاتقىلى نىسىپ قىلسۇن.
جامائەت تەڭ دۇئا قىلىدۇ.
ھاۋا خېنىمنىڭ چىرايى كۆكىرۇپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ
ئىنزىغا يىقىلىپ چۈشىدۇ. ئاغزىدىن، بۇرنىدىن كۆپۈك ئۆرلەپ
چىقىدۇ. ئاياللار چۇرقىرىشىپ ئۆرە-تۆپە بولۇشۇپ كېتىدۇ. بەگنىڭ
چوڭ خوتۇنىدىن بولغان مامۇتخان بىلەن سېلىم ئاتىسىغا
يەۋەتكۈدەك قاراپ قويۇپ ئاياللار توپىغا يۈگۈرۈپ بارىدۇ.
ئەرلەر سورۇنمۇ چۇۋۇلىدۇ.
ئەيسا بەگ سورۇن ئوتتۇرىسىدا بىر دەم تىڭىرقاپ تۇرۇپ
قېلىپ ئاياللار سورۇنىغا ئېتىلىپ بارىدۇ.

پاتپاراق بولۇپ كەتكەن ئاياللار سورۇنى.

سورۇن ئوتتۇرىسىدا گۈلھەپىزىخان نىمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالىدۇ. بەگ، ئاياللار توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ سوزۇلۇپ ياتقان چوڭ ئايالىغا قارايدۇ. بەگنىڭ ئون ئالتە ياشلىق ياتلىق بولغان قىزى شەرىپەخېنىم ئانىسىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ يىغلايدۇ. بەگنىڭ ئۈچ بالىسى ئاتىسىغا غەزەپ بىلەن قارايدۇ.

شەرىپە خېنىمنىڭ چۈۋۈلغان چاچلىرى ئارىسىدىكى كۆزلىرى تەلۋىلىك بىلەن ئاتىسىغا تىكىلىدۇ. شەرىپە خېنىم چاچراپ تۇرۇپ گۈلھەپىزىخاننىڭ چېچىدىن ئالىدۇ.

گۈلھەپىزىخاننىڭ سۆسەر كەمچىتى قاڭقىپ چىقىپ كېتىدۇ.

شەرىپە: ئاتامنى ئازدۇرۇپ، ئانامنىڭ بېشىغا چىققان جادۇگەر جالاپ...

گۈلھەپىزىخاننىڭ بوينى تولغىنىشىپ ۋايجانلاپ يىقىلىدۇ.

شەرىپە گۈلھەپىزىخاننىڭ ئۈستىگە يىقىلىپ پومداقلاپ ئۇرىدۇ.

بەگ قىزىغا قول سوزىدۇ.

ئەيسا بەگ: قويىۋەت ساراڭ.

بەگ ۋارقىراپ تۇرۇپ، قىزىنىڭ چاچ قامالىغان قولىنى قايرىپ بويىنىدىن تارتىدۇ.

گۈلھەپىزىخان چىرقىرىۋېتىدۇ، قولى بىلەن قۇلىقىنى چاڭگاللايدۇ، قوللىرى ئارىسىدىن قان ساقىپ چىقىدۇ.

ئەيسا بەگ قىزىنىڭ چۈۋۈلغان چېچىدىن تۇتۇپ ھاپپاق بىلەن ئۇرىدۇ.

ئەيسا بەگ: مەن سېنىڭ نېمەڭ، ساراڭ قانجىق؟

شەرىپەخاننىڭ ئاغزىدىن قان كېتىدۇ. قولىدا گۈلھەپپىزىخاننىڭ زىرىسى كۆرۈنىدۇ.

گۈلھەپپىزىخان قولىقىنى ئالقانداپ جىممىدە تۇرىدۇ، يۈزلىرى تاتىلىنىپ قىيما بولغان، كۆكەرگەن. ئاغزىدىن ئاققان قان ئېڭەكلىرىنى، قولىقىدىن ئاققان قان بويىنى، مۈرىلىرىنى بويلايدۇ.

ئەيسا بەگ قىزىغا ھەسرەت بىلەن تىكىلىدۇ.

ئەيسا بەگ: ئوبدان قىزىم، مەن سېنىڭ نېمەڭ؟

شەرىپە كۆزىدىن ئوت چاچرىتىپ قاراپ تۇرىدۇ.

ئەيسا بەگ: گەپ قىلە، مەن سېنىڭ نېمەڭ؟

شەرىپە ئاغزىغا يىغىلغان قاننى "شالاق" قىلىپ ئاتىسىنىڭ يۈزىگە تۈكۈرىۋېتىدۇ.

بەگ قىزىنىڭ بويىنىدىن تۇتۇپ چۆرىۋېتىدۇ.

شەرىپە يەرگە يۇمىلاپ كېتىدۇ.

توپ ئارىسىدىن سېلىم زەنجىرلىك چوماقنى چىقىرىپ، يۈگۈرۈپ كېلىدۇ.

سېلىم: جېنىدىن ئەزىز بالىلىرىدىن كەچتۈرگەن جادىگەرنىڭ قېنىنى ئىچىمەن.

جامائەت چۇرقىرىشىپ ئىككى تەرەپكە قاچىدۇ.

ئەيسا بەگ: ئوغلۇم سېلىم پەيلىڭدىن يان.

بەگ ئوغلىنىڭ ئالدىنى توسۇيدۇ. چوماق بەگنىڭ قولىغا تېگىدۇ. بەگ "ۋاي" دەپ بىر تولغىنىپ، ئوڭ بىلىكى بىلەن ئوغلىنىڭ بويىنىدىن يۆگەپ پۇكلەپ، ئوخرەك سۆڭىكىدىن تۇتۇپ تۇرىۋالىدۇ. سېلىم ئاغرىققا چىدىماي بىر يۇلقىنىپلا ۋايجانلاپ يەرگە

يۇمۇلايدۇ. سىلىمىنىڭ ئوخرىكى سۇنۇپ كېتىدۇ.

بەگ ئوغلىغا لىۋىنى چىشلەپ قارايدۇ.

توپ ئارىسىدىن جەرەن مۈڭگۈزى ساپلىق خەنجەر كۆتۈرگەن بىر قارا تومپاي ئادەم ئېتىلىپ چىقىدۇ.

بەگ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇيدۇ. ئۇ ئادەم بەگكە ئىككى قېتىم خەنجەر شىلتايدۇ. بەگ چاققانلىق بىلەن گۈلەيپىزىخانىغا تەگكۈزمەيدۇ.

بەگ قويىنىدىن شەمشىرىنى چىقىرىدۇ.

قارا تومپاي خەنجەرنى بەگكە نىشانلاپ ئېتىلىدۇ.

بەگ "ياپىر" دەپ توۋلاپ، شەمشەرنى قارا تومپاينىڭ بىلىكىگە ئۇرىدۇ. قارا تومپاينىڭ قولى بېغىشىدىن ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشۈپ سەكرەيدۇ. قارا تومپاي ۋايجانلاپ يەردە يۇمۇلايدۇ.

بىر توپ ئادەم كالتەك، نەيزە، چوماق، خەنجەر، ئوقيا تۇتقان ھالەتتە يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ.

قورال‌لانغان چاكارلار بەگ بىلەن گۈلەيپىزىخاننى ئوراپ جامائەتكە ۋارقىرايدۇ.

چاكارلار: توختاش... جېنىڭغا ھېزى بولۇش.

ئوسمان قازىم يىغلامسىراپ ۋارقىرايدۇ.

ئوسمان قازى: ھاي... ھاي، پەيلى شەيتاننىڭ دىيىغا ئۇسسۇل ئوينىماڭلار، يۇرتتىن ئىنساپ، دىيانەت قاچىدۇ، دىلىڭلارنى قارا بۇس ئېلىپ كەتتىمۇ؟ سىلەر تىغ كۆتۈرگەن كىم؟

لېتىپ داموللام ئايەت ئوقۇيدۇ. ھەممە جىممىدە تۇرىدۇ.

لېتىپ داموللام كۆزىدىن ياش ئاققۇزۇپ دۇئاغا قول كۆتۈرىدۇ. ھەممە قوللاردىن قورallar چۈشۈپ دۇئاغا كۆتۈرىلىدۇ.

بەگ تاتارغان هالدا دۇئاغا قولمۇ كۆتۈرمەي، توپ ئوتتۇرىسىدا قىلىچىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرىدۇ.

ھاۋا خېنىم ھوشىغا كېلىدۇ.

ھاۋا خېنىم: قان تۆكمەڭلار... ئۇنى... بېگىمنى ئۇنتۇماڭلار ئۇ مۇشۇ يۇرتنى قۇرغان. ئادەم ئاياغ باسمىغان چۆل، جاڭگالدا ياۋايى ھايۋانلار بىلەن ئېلىشىپ مۇشۇ يۇرتنى قۇرغان يۇرت ئاتىسى.

گۆش پىشۇرۇۋاتقانلار، چۆپ يېيىۋاتقانلار، يۇگۇر يېتىمچى چاكارلار ئىزىدا تۇرۇپ قېلىشىدۇ.

گۇلخان پاراسلاپ كۆيۈپ ھاياتلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

باغ ئىچى، ئادەملەر جىمجىتلىققا چۆمىدۇ.

يىراقتىن ئىت قاۋىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ.

بەگ ساراڭدەك پىرقىراپ، ۋارقىراپ خەققە توپا چاچىدۇ.

ئەيسا بەگ: يوقال... ھەممىڭ يوقۇلۇش ئىمانسىزلار... ۋاپاسىزلار... يوقال ھەرقايسىڭنى كۆرەگە كۆزۈم يوق، مەن سەنلەرنىڭ بېگىڭ ئەمەس، سەنلەرگە بەرگەن تۇزنى مۇشۇ تۇپراق يېسۇن، ئىت يېسۇن... ئۇ جۇۋۇسنى سېلىپ تاشلىۋېتىدۇ. قولىغا چىققان داپ، راۋاپ، چالما، توپا، غىجەك، قالۇن... ھەممىسنى ئادەملەر توپىغا ئاتىدۇ.

ئەيسا بەگ: يوقۇلۇش نېمىگە قاراپ تۇرىشىسەن. بۇ مېنىڭ بېغىم، مېنىڭ يېرىم، سەنلەر مېھمان ئەمەس، تۇزكور، نائىنساپ، بەدبەخلەر، خۇمسلار... يوقال بۇ مېنىڭ ئۆيۈم...

ئادەملەر ئاستا-ئاستا تارقاپ كېتىدۇ.

كېچە، باغ ئىچى، ئادەمسىز سورۇن.

گۇلخانلار كۆيمەكتە. قازانلاردا گۆش، چۆپلەر قاينىماقتا. داستىخاندىكى پۈتۈن پىشۇرۇلغان قوي گۆشى، توقاچلار،

سامسا، كاۋاپ، ھەر خىل مېۋە، قوغۇن تۇرىدۇ.
گۈلھېپىزىخان سورۇننىڭ سەل يېنىدا ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرىدۇ. بەگ سورۇن ئوتتۇرىسىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قولىغا ئىككى سىقىم توپىنى سىقىمداپ قارايدۇ. ھەممە تەرەپكە، ئاسمانغا قاراپ ۋارقىرايدۇ.
ئەيسا بەگ: يوقال!... بۇ مېنىڭ تۇپرىقىم، مېنىڭ يۇرتۇم، مېنىڭ بېغىم.
ئاۋازى ئەكس سادا بولۇپ يۇلتۇزلۇق ئاسماندا جاراڭلايدۇ.
كۈندۈز، گۈلھېپىزىخاننىڭ ھۇجرىسى.
مورىلىق ئوچاقتا ئوت كۆيمەكتە.
ئەيسا بەگ جۇۋىسىنى يېپىنىپ مورىغا يۆلىنىپ، ئېيىق تېرىسى ئۈستىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، ئوتقا قارىغىنىچە خىيالغا كەتكەن.
گۈلھېپىزىخان گىلەم ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تىكىش قىلماقتا.
ئىشىك چېكىلىدۇ.
گۈلھېپىزىخان بېرىپ ئىشىكنى ئاچىدۇ.
بىر دېدەك ئاپتۇ، چىلاپچا، خام كۆتۈرۈپ كىرىدۇ. يەنە بىر دېدەك توخۇ گۆشى بېسىلغان پولو كۆتۈرۈپ كىرىدۇ.
بەگ چەكچىيىپ قارايدۇ.
گۈلھېپىزىخان ئۇلارنى چىقىرىۋېتىپ ئىشىكنى ياپىدۇ.

## 33

كېچە، شاملار يورۇتۇپ تۇرغان ھۇجرا.
ئەيسا بەگ سۇپىدا تۆت قات تاۋار كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ

ئالدىدىكى پاكار شىرەگە ئېگىشىپ شام يورۇقىدا كىتاب ئوقۇماقتا. شىرە يېنىدا مىس لىگەندە سوۋۇپ قالغان مانتا تۇرىدۇ.

گۈلھېپىزىخان ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ كۆزىگە ياش ئالىدۇ. گەپكە تەمشىلىپ يەنە گەپ قىلمايدۇ.

## 34

كۇندۇز، ھۇجرا.

ئەيسا بەگ مورىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ خىيالچان چىلىم تارتىپ ئولتۇرىدۇ. يېنىدىكى پەتنۇستا سوۋۇپ قالغان بىر قاچا شورپا، گۆش تۇرىدۇ.

يېنىغا گۈلھېپىزىخان كېلىدۇ. بەگنىڭ مۈرىسىگە ئېگىلىپ قويۇپ كۆزىگە ياش ئالىدۇ.

گۈلھېپىزىخان: خۇدا يالغۇز خاپىلىقنىلا بەرمەپتۇ، بىزگە بەرگەن خوشلۇقنا ئاتا بىلەن ئانىمۇ كېرەك ئەمەسمۇ؟

ئەيسا بەگ يانغا بۇرۇلۇپ ئايالىغا تىكىلىدۇ.

## 35

كۇندۇز، ئەيسا بەگ قورۇسى.

بەگنىڭ بالا-چاقا، ئۇرۇق-جەمەتى بەگنىڭ ھۇجرا ئىشىكى ئالدىدا تاقاقلىق ئىشىككە تەلمۈرۈپ تىزلىنىپ ئولتۇرىدۇ.

ھاۋا خېنىم، شەرىپە خېنىم، مامۇت، سېلىملار سەپنىڭ ئالدىدا بويىنىغا قارا قىل ئارغامچا سېلىپ كۆزىدىن ياش ئېقىتىپ ئولتۇرىدۇ.

هاۋا خېنىم: خاپا بولمىسلا، بىز ناماقۇل. گۆدەك باللارنى ئەپۇ قىلسىلا.

شەرىپە: ئوبدان ئاتا... مەن ئەقىلسىز قىزىڭغا ئىچ ئاغرىتقىن، بىر قېتىملىق نادانلىقىمنى شۇنچىۋالا كۆڭلۈڭگە ئالارسەنمۇ. بىر ئاي بولدى سېنى كۆرمىدۇق. ئەتكەن تامىقىمىزنىمۇ يېمەيسەن، بىر كۈن كۆرمىسەڭ چىدىمايدىغان ئامراق قىزىڭ ئەمەسمىدىم. ئەمدى مېنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەتتىڭمۇ. مېنى قىزىم دېمىسەڭ مەن كىمنى ئاتا دەيمەن. ئاتىسى يوق يېتىم بولۇپ قالسام كىملەرنىڭ ئالدىدا خارلىنىمەن. خان ئاچام ئالدىدا مەن ناماقۇل ئاتا.

## 36

ھۇجرا ئىچى، بەگ جەينىماز ئۈستىدە كۆزىنى يۇمۇپ تەسۋى سىيرىماقتا، قىزىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

بەگنىڭ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدىن ياش سىرغىپ چىقىپ ساقاللىرى ئارىسىغا دۇمۇلايدۇ.

گۈلھېيىزىخان چىچىنىڭ ئۇچىنى چىشلەپ ئۈنسىز ئۆكسۈپ يىغلىماقتا.

## 37

كۈندۈز، ئەيسا بەگ قورۇسى ئىچى.

لەپىلدەپ قار ياغماقتا. قورۇ ئىچىگە پۈتۈن يۇرت ــــ قېرى-ياش، ئەر-ئايال، باللار توپلانغان. سەپ ئالدىدا لېتىپ داموللام سۆزلىمەكتە.

لېتىپ داموللام: يۇرتنى بۇنداق تاشلىۋەتمىسىلە، ھېچ ۋاقىتتا بولمىغان، چاشقان ئاپىتى يۇرتنىڭ ئاشلىقىنى شاكال قىلىۋەتتى، كۆيدۈرگە كېسىلى مال-ۋارانلىرىمىزنى قىرىۋاتىدۇ، ئاغرىق، ئۆلۈم-يېتىم كۆپەيدى.

## 38

ئەيسا بەگنىڭ ھۇجرىسى.

ئەيسا بەگ مورىغا يۆلىنىپ چىلىم تارتماقتا. لېتىپ داموللامنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

لېتىپ داموللام: ئوغرى-يالغان كۆپەيدى، يۇرت ئىگىسىز پادىدەك ھەر تەرەپكە قاڭقىدى. بۇ تۇپراق سىلىنىڭ مۇبارەك ئاياغلىرى تېگىشى بىلەن گۈللىگەن. ئامەت سىلىدىكەن، سىلە ئازار يېگەندىن باشلاپ يۇرتتىن ئىنساپ، دىيانەت كۆتۈرۈلدى، بەرىكەت، ئىمان كەتتى. گۇناھسىز ئۇچۇن يول ياسايلى، كۆۋرۈك سالايلى، مەسچىت-مەدرىس سالايلى، كۆل كولايلى، يەنە يەر ئاچىلى...

ئەيسا بەگ: (پىچىرلايدۇ) ھەممىسى تۈگىدى. ”سۇنغان كوزىنى تۇرغۇزغىلى بولماس، يانغان كۆڭۈلنى قايتۇرۇپ بولماس“.

## 39

كۈندۈز.

بۇككىدە چېچەكلىگەن باغدا كاككۇك سايرايدۇ.

ئەيسا بەگنىڭ ھۇجرىسى.

ئــەخــمەتخان، بەگنىڭ ئالدىدا قولنى كۆكسىگە قويۇپ تۇرىدۇ. بەگ ئۇنىڭغا قاتتىق تىكىلىدۇ.

ئەيسابەگ: تۈن تەڭ بىلەن سەپەرگە چىقىمىز. خىل ئاتتىن بەشنى تەييار قىل. تىنما، ئىنسى-جىن تۇيمىسۇن.

ئەخمەتخان قولنى كۆكسىگە قويۇپ بېشىنى ئېگىدۇ.

بــەگ ئــەخمەتخانغا ئۇزاق تىكىلىدۇ، بېشىدىن ئايىقىغىچە قارايدۇ.

ئەيسابەگ: ئۆپكەڭنى بېسۋال ئەخمەتخان. يۇختا ئادەمسەن. ئەمما سەن تاش سانىساڭ مەن قۇم سانايمەن. بىلدىڭمۇ؟

ئەخمەتخان: مەن قاچا يېمەيدىغان ئاتلىرى بېگىم.

ئەيسابەگ: ئەنسىرىمە، يەنە بىر ئات قوشۇۋال. ئەمدى پۇشايمان قىلسامۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. يەڭگەڭگىمۇ مۇڭداش لازىم. مەچىكىڭ ئاچقاش تۆگمەن بېشىدا ساقلاپ تۇرسۇن.

ئەخمەتخان: خۇدا سىلىنى يېقىن بەندەم دېگەي، بېگىم.

بەگ گۇسۇلدەپ ئەخمەتخانغا يېقىن كېلىدۇ. ئوڭ قولى بىلەن ئەخمەتخاننىڭ بەلۋېغىدىن كىندىكچىلەپ دىس كۆتۈرۈپ دەسسىتىپ قويۇپ، مۇشت بىلەن مەيدىسىگە يېنىك ئۇرىدۇ. ھەر ئىككىسى بىر-بىرىگە تەبەسسۇم قىلىشىدۇ.

ئەيسابەگ: ئوغلۇم بۇ سەپەرنىڭ نىشانى كۆڭلۈڭگە چۈشكەندۇ؟

ئەخمەتخان: شۇنداق بېگىم، كۆڭۈللىرىنى توختاتسىلا.

## 41

ھوجرا.

ئــەيسا بەگ گۈلھېپىزىخانىنىڭ يۈزىنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئالىدۇ.

بەگ: ئارمانلىرىم ھېساپسىز ئىدى. سەۋر قىلغىن. راھەت كۆرسىتەلمىدىم.

گۈلھېپىزىخان: راھەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلگىنىمگە ئۇزاق بولمىدى.

بــەگ گــۈلــھــېــپىزىخانىنىڭ چاچلىرى ئارىسىغا تۇمشۇقىنى چۆكۈرۈپ پۇرايدۇ.

## 42

قاراڭغۇ ئۆي.

ئەيسا بەگ ساپال چىراغنى ياندۇرىدۇ، ئالدىدىكى مورىنىڭ يان تېمىنى كۇچەپ تارتىدۇ. كىچىك بىر ئىشىك ئېچىلىدۇ. بەگ ئېڭىشىپ ئىشىكتىن كىرىدۇ. ئىشىكنى ياپىدۇ. شۇئان مورا ئەسلىگە كېلىدۇ.

## 43

يەر ئاستى ئۆيى.

گــىــلــەم بىلەن يېپىپ قويۇلغان دۇمبەل. بەگ گىلەمنى تارتقاندىن كېيىن ئېگىز بىر جۈپ گۈمبەز كۆرۈنىدۇ، قولىدىكى چىراغنى گۈمبەز سۇپىسىغا قويۇپ، گۈمبەزنى قۇچاقلاپ كۇچەپ

كۆتۈرىدۇ. گۈمبەز قايقىقى ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ، ئىچىدىن سىرىق ساندۇق كۆرۈنىدۇ. بەگ قولىنى سىلىپ گۈمبەزنىڭ ئاستىدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ ساندۇقنى ئاچىدۇ. قاتار تىزىلغان ئالتۇن-يامبۇلار كۆرۈنىدۇ. بەگ يامبۇلارنى قىل خۇرجۇنغا سېلىشقا باشلايدۇ.

## 44

قاراڭغۇ ھۇجرا ئىچى.

بەگ بىلەن گۈلھېپىزىخان تەييار ھالەتتە ئولتۇرىدۇ. سىرتتىن دەمدەمىنىڭ ئۈچ مەرتەم بۇقۇلدىغان ئاۋازى كېلىدۇ.

بـەگ ھـۇجـرىـنـىـڭ تـەييارلاپ قويۇلغان تۆشۈكىدىن گۈلھېپىزىخاننى يېتىلەپ چىقىپ كېتىدۇ.

## 45

قاراڭغۇ، باغ بۇلۇڭى.

ئـەخـمەتخان پايـپاقلاپ، ئاغزىغا تور سېلىنغان، يۈكلەر ئارتىلىپ توقۇلغان ئاتنى تۇتۇپ تۇرىدۇ. بەگ كېلىدۇ، ئايالنى يۆلەپ ئاتقا مىندۈرمەكچى بولىدۇ. ئايال ئۆزى ئاتقا مىنىۋالىدۇ.

گۈلھېپىزىخان: مەن دولانلىق ئايالمەن.

بەگمۇ ئاتقا مىنىدۇ. سەپەر ئايەتلىرىنى ئوقۇيدۇ. ئاتلىقلار باغدىن چىقىپ كېتىدۇ.

## 46

كېچە.

قۇمۇشلۇق، دۆڭلەر ئارىسىدىكى چىغىر يول.

ئۈچ ئات ئەگەشتۈرگەن ئۈچ ئاتلىق ماڭماقتا. ئاتلىقلار دۆڭگە يامىشىدۇ.

قۇمۇشلۇق ئارىسىدىن ئاتلىقلار ئالدىدا لېتىپ داموللام باشچىلىقىدا بىر توپ ئادەم ئورنىدىن تۇرىدۇ.

لېتىپ دامولللام: بېگىم! بىزنى تاشلىمىسىلا!

قۇمۇشلۇقنىڭ ھەممە يېرىدىن ئادەم ئۈنۈپ كېتىدۇ. ھەممىسىنىڭ قولىدا مەشئەل يورۇيدۇ.

ئوسمان قازى: بېگىم ئەل-يۇرتنى ئەپۇ قىلسىلا.

شەرىپە خېنىم: ئاتا، بىزنى تاشلىمىغىن.

ھاۋا خېنىم: بېگىم مەن ناپسەنتنى كۆمۈۋېتىپ كەتسىلە.

ماموت، سېلىم: ئاتا...

ئەيسابەگنىڭ مەشئەل يورۇتۇپ تۇرغان يۈزى كۆكىرىپ، لەۋلىرى، ساقاللىرى تىترەيدۇ. قىلىچ كۆتۈرگەن قولى ئاستا-ئاستا پەسلەيدۇ. قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، بېشىنى ئەگىپ تۇرغان ئادەملەرگە سىنچىلاپ قارايدۇ.

ئەخمەتخان ئاي شەكىللىك قىلىچىنى يالىڭاچلاپ تۇرىدۇ. بەگ ئاستا بۇرۇلۇپ ئەخمەتخانغا قارايدۇ.

ئەخمەتخان ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، بېشىنى ئېگىدۇ.

ئەخمەتخان: بېگىم دىنىمىزغا ئىشەنگەندەك ماڭا ئىشەنسىلە. تامنىڭ قۇلىقى،

دەرەخنىڭمۇ كۆزى باركەن. ئىمانىم، ۋىجدانىم گۇۋاھ، قارا سانىمىدىم.

ئەخمەتخان بېشىنى كۆتۈرۈپ بەگكە قارايدۇ.

بەگ قاتقان هالدا، ئۇنىڭغا كۆزىنى چىمىلداتماي قاراپ تۇرىۋېرىدۇ.

ئەخمەتخان: بېگىم تۈزكورلۇق قىلغان، قىلمىغىنىمنى قىيامەت كۈنى ئايرىسىلا. رازى بولسىلا.

ئەخمەتخان ئاي شەكىللىك قىلىچىنى قورسىقىغا تىقىدۇ.

ئەيسا بەگ: ئەخمەتخان!...

بەگ ئاتتىن سەكرەپ چۈشىدۇ. ئەخمەتخان بەگنىڭ قۇچىقىغا يىقىلىدۇ. بەگنىڭ قۇچىقى قانغا بويىلىدۇ.

ئەخمەتخان: بېگىم... مەن قارا يىتىمنى تۈز بېرىپ ئادەم قاتارىغا قوشتىلا ... جاۋاب قايتۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىدىم. قەسەم قىلغانىدىم، ئادا قىلالمىدىم... شۇنچىلىك ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمىدىم... بۇ سىلىگە قىيدىغىنىم ئەمەس، ساداقىتىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن...

**47**

كۈندۈز.

ئەيسابەگنىڭ قورۇسى. ئەيسابەگ ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق-جەمەتى قارىلىق باغلاپ، هازا ئاچماقتا.

**48**

كۈندۈز.

يېشىل ئېتىزدا جىنازا قويۇلۇپ مىڭلىغان ئادەملەر لىتىپ

داموللامنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ناماز چۈشۈرمەكتە.

## 49

كۈندۈز، يول.

جىنازا كۆتۈرگەن جامائەت. ئەيسابەگ جىنازا كۆتۈرۈپ ماڭماقتا.

## 50

كەچ، ھۇجرا.

ئەيسابەگ تەسۋى سىيرىپ، دۇرۇت ئوقۇپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ چىرايى غەمكىن ھەم جۇدىگەن.

ئىشىك ئېچىلىپ خىزمەتكار ئايال كىرىپ، قولنى كۆكسىگە قويۇپ، تەزىم قىلىدۇ.

خىزمەتكار ئايال: بېگىم سۆيۈنچە بەرسىلە.

ئەيسابەگ چاچراپ ئورنىدىن تۇرىدۇ.

ئەيسابەگ: قىزمۇ، ئوغۇل؟

خىزمەتكار ئايال: تولۇن ئايدەك قىز.

ئەيسابەگ قوينىدىن كۈمۈش تەڭگە ئېلىپ چاچىدۇ.

## 51

كۈندۈز، ھۇجرا.

ئەيسابەگ ئايالى گۈلهېيىزىخان بىلەن زاكىلانغان قىزى زۆھرە خېنىمنى ئەركىلىتىدۇ. بالا ۋىلىقلاپ كۈلىدۇ.

## 52

كۈندۈز.

توغراقلىق جاڭگال. ئەيسابەگ زاكىدىكى قىزنىنى بىر قولىدا تــۇتۇۋېلىپ، بىر قولىدا نەيزە تۇتۇپ ياۋا توڭگۇزلارنى ئاتلىق قــوغلايــدۇ. ئــۇنــىڭ يېنىدا گۈلهېيىزىخان ئاتلىق كېتىۋېتىپ توڭگۇزلارغا ئوقيا ئاتىدۇ. بىر توڭگۇز چىرقىراپ موللاق ئاتىدۇ.

## 53

كۈندۈز.

يــۇلغۇن باسقان قۇملۇق. يېشىغا تولغان زۆھرە خېنىمنى ئــاتــنىڭ ئالدىغا ئېلىۋالغان ئەيسابەگ قولىدىكى چوماقنى ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ، ئالدىدىكى توشقانغا ئاتىدۇ، چوماق بىلەن توشقان پۇرلۇشۇپ چۈشىدۇ. گۈلهېيىزىخان ئوقيا بىلەن قىرغاۋۇل ئاتىدۇ، زۆھرە خېنىم ۋىلىقلاپ كۈلىدۇ.

## 54

كۈندۈز، قۇملۇق.

تۆت ياشلىق زۆھرە خېنىم بىر ئاتقا يالغۇز مىنگەن. ئىككى

تــەرــپىدە ئاتىسى بىلەن ئانىسى بىردىن ئاتنى مىنىپ كىيىك قوغلايدۇ.

## 55

كەچ، باغ.

مــەشــرەپ ســورۇنى. سورۇننى گۈلخان يورۇتۇپ تۇرىدۇ. ئەيسابەگ گۈلھېپىزىخان بىلەن بېقىشىپ مەشرەپ ئوينايدۇ. ئالتە يــاشلاردىكى زۆھرە خېنىم ئۆزى بىلەن تەڭ بىر ئوغۇل بىلەن مەشرەپ ئوينايدۇ.

مول داستىخان، ئادەملەر گۈلخان يورۇقىدا خۇشال ھالدا ھەر خىل نەرسىلەرنى يېمەكتە. ئوتتۇرىدا دەررە ئويۇنى بولماقتا.

ھاۋا خېنىم ئەيسا بەگنى دەررىگە تارتىدۇ. ئەيسابەگ ھاۋا خېنىم بىلەن دەررە ئوينايدۇ.

بىردەم ئوينىغاندىن كېيىن ھاۋا خېنىم دەررىنى ئەيسابەگكە بېرىپ سورۇندىن چۈشۈپ كېتىدۇ.

ئــەيــســابــەگ گۈلــھــېــپــىزىخانغا دەررە تۇتىدۇ. ھامىلدار گۈلھېپىزىخان تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، تەزىم قىلىپ ئۆزرە قويىدۇ. بەگ يەنىلا تەكلىپ قىلىپ تۇرىۋالىدۇ. گــۈلــھــېپىزىخان قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ، تەبەسسۇم بىلەن سورۇنغا چۈشىدۇ.

ئەيسابەگ دەررىنى يېنىك ئۇرۇپ چۆرگىلەيدۇ. گۈلھېپىزىخان تەستە ئېگىلىپ چۆرگىلەيدۇ.

ئادەملەر توپىدىن كالتە ساپلىق بىر نەيزە ئۇچۇپ چىقىپ

ئەمدىلا ئۆرە بولغان گۇلھېيىرنىخاننىڭ كۆكسىگە قادىلىدۇ.
گۇلھېيىرنىخان ”ۋاي“ دەپلا يىقىلىدۇ.
پاتپاراقچىلىق بولۇپ كېتىدۇ.
بەگ گۇلھېيىرنىخاننىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئۇنىڭ قانسىز چىھرىگە ئۇنسىز تىكىلىپ ئولتۇرىدۇ. بىر توپ ئادەم ئەتراپتا تىمتاس قاراپ تۇرىدۇ.
تـۆت چـاكار قارا تومپاي مۇسا بوراننى سۆرەپ كېلىپ، بەگنىڭ ئالدىدا مەجبۇرىي تىزلاندۇرىدۇ.
ئوسمان قازى: بۇ سېلىم بەگزادىنىڭ قوشچىسى مۇسا بورانكەنغۇ؟
ئەيسابەگ: سېنى شۇ بۇيرىغانمۇ؟
مۇسا بوران: بۇنى سوراپ نېمە قىلىلا بېگىم؟
ئەيسابەگ كۆزىنى يۇمۇۋالىدۇ.
ئوسمان قازى: نائەھلىنىڭ جازاسى چالما-كېسەك.
ئەيسابەگ: قويۇۋېتىڭلار... بەدنىيەتلەرنىڭ جازالىغۇچىسى ئاللادۇر.

## 56

كۇندۇز، مازارلىق.
ئېسىل، يېڭى گۇمبەز ئالدىغا كولانغان ئۆرەككە ئادەملەر توپىسى بىلەن قومۇرۇپ كەلگەن ئۈژمە كۆچىتىنى قويىدۇ.
سەللە، تون-سەرپايلىق ئەيسابەگ يۈكىنىپ ئولتۇرۇپ ئايەت ئوقۇيدۇ.
قارلىق كىيگەن كىچىككىنە زۆھرە خېنىم كىچىك قاپاقتا سۇ كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۈژمە تۈۋىگە سۇ قۇيىدۇ.

## 57

كۈندۈز.
قويۇق توغراق، يۇلغۇن چاتقاللىقى.
ئــون تۆت ياشلىق زۆھرە خېنىم بىلەن ساقىلى ئاقارغان ئەيسابەگ بىر-بىرىگە قارىشىپ قويۇپ چاتقالغا تەڭلا ئات سالىدۇ.

# 2-قىسىم

## 58

كۈندۈز. مازارلىق. باراقسان ئۈژمە دەرىخى قەبرە گۈمبىزىگە سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. گۈمبەزگە ھەشقىپىچەك گۈللىرى يامىشىپ ئېچىلغان. گۈمبەز ئەتراپىدا ھەر خىل ياۋا گۈللەر ئېچىلىپ تۇرىدۇ.
زۆھرە خېنىم گۈللەرگە قاپاقتا سۇ ئەكېلىپ قۇيىدۇ.
ئەيسابەگ خەتمە قۇرئان قىلىدۇ.

## 59

كۈندۈز، بىپايان قۇملۇق. ئاق ئات مىنگەن زۆھرە خېنىم بىر يالغۇز كىيىكنى قوغلايدۇ، كىيىك تىك ئېگىز بىر قۇمدىن ھالقىپ كۆزدىن غايىب بولىدۇ.
زۆھرە خېنىمنىڭ ئېتى قۇمغا يامىشىدۇ.

كــۈندۈز. قۇمنىڭ ئارقىسى. چارلەغمىدە يۇلغۇن قوزۇقىغا
مىخلىنىپ قالغان كېيىكنى هامۇت شېيخ بىلەن ھەمزە تارتىپ
چىقارماقتا، يېنىدىكى ئىككى ئاتنىڭ قۇش بېشىدا كۆن پوسما
كىيدۈرۈلگەن ئىككى قۇش ئولتۇرىدۇ.

قۇم چوققىسىدا ئاتلىق زۆھرە خېنىم پەيدا بولىدۇ.

ھەمزە: قارا، قۇم چوققىسىدا بىر پەرىزات كېيىكتەك تىكىلىۋاتىدۇ.

ئۇلار قىزنىڭ ئالدىغا بارىدۇ.

مامۇت شەيخ: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم جانان قىز، ئۈچ كۈندىن بېرى ئۇۋ
قىلالماي سەرسان بولۇپ يۈرگەنىدۇق، خۇداغا ئازايىمىز يېتىپ
بۈگۈن بىر جۈپ كېيىككە يولۇقتۇق. بىراق بىرسى چارلەغمىگە
چۈشۈپ ناھايىتى ئېچىنىشلىق جان بەردى.

زۆھرە خېنىم: نامەردلىكنىڭ ئاقىۋىتى ئېچىنىشلىق بولىدۇ.

مامۇت شەيخ: سىزنىڭ ئۇنداق بولۇشىڭىزغا چىدىمايمەن.

زۆھرە خېنىم: بىر ئىتىم بار، سىزدىنمۇ بەك تىكىلىپ تۇرۇپ قاۋايدۇ.

مــامــۇت شــەيــخ: شۇنداق بولۇشقا مەن رازى، مەن باقماقچى بولغان
تۇمۇرچۇقنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنسىز.

زۆھرە خېنىم: خۇمپەر.

زۆھرە خېنىم مامۇت شەيخكە قامچا ئۇرىدۇ.

شەيخ قامچىنى تۇتۇۋالىدۇ.

ئەيسابەگ ئاتلىق يېتىپ كېلىدۇ.

مامۇت شەيخ: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئاۋاتلىقنىڭ ئاتىسى ئەيسا بېگىم.

ئەيسا بەگ: قەيەرلىك، كىمنىڭ پۇشتىسەن؟

مامۇت شەيخ: يانتاقلىق كېرىم هاجىنىڭ يالغۇز ئوغلى مامۇت شەيخ مەن.
ئەيسابەگ: يانتاقنىڭ يىگىت بېشى.
ئــەيــسابەگ ئۇنىڭ باش-ئايىغىغا قاراپ، قىزنى ئىشارەت قىلىپ قايتىدۇ.
ئەيسابەگ: هوشۇڭنى بىلىپ ياشا، ئاتاڭغا سالام دە.
ئۇلار كېتىدۇ.
مامۇت شەيخ بىلەن هەمزە قۇم چوققىسىدا قاراپ قالىدۇ.
قىزنىڭ ئەتلەس كۆڭلىكى مامۇت شەيخنىڭ كۆزىگە ئوت بولۇپ كۆرۈنىدۇ.
هەمزە: بىر پارچە ئوت كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىكەن.
مامۇت شەيخ: ئوت كەتمىدى، بۇ يەردە قالدى.

## 61

كۈندۈز، مامۇت شەيخنىڭ ئۆيى.
ئەتلەس كۆڭلەك بىلەن باش-كۆزىنى يۆگىۋالغان مامۇت شەيخ دۈم ياتىدۇ.
كۆڭلەكنى يىنىشلاپ پۇرايدۇ.
كۆزىگە زۆهرە خېنىمنىڭ سىماسى كۆرۈنىدۇ.
ئۆيگە مامۇت شەيخنىڭ ئايالى قەمبەرنىساخان كىرىپ قول باغلاپ تۇرۇپ بوش يۆتىلىدۇ.
مامۇت شەيخ: نېمە دەيسەن؟
قەمبەرنىساخان: ئاتام...
مامۇت شەيخ: راخمان دوغىغا دە، ئېتىمنى توقۇپ قوشنى تەييار قىلسۇن.

قەمبەرنساخان: ئاتام...
ماموت شەيخ: يەنە ۋالاقلساك كچىك تىلىڭنى ئۈزىۋېتمەن.
قەمبەرنساخان ئېرىنىڭ بېشىغا ئورىۋالغان كۆڭلەككە قاراپ كۆزىدىن ياش قۇيۇلغان ھالدا چىقىپ كېتىدۇ.
ئۆيگە ماموت شېيخنىڭ ئاتىسى كېرەم ھاجى كىرىپ كېلىدۇ.
كېرەم ھاجى: بالام ماموتخان نېمە كارامەت بۇ؟
ماموت شەيخ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، بېشىدىكى كۆڭلەكنى پۇرلەپ قويىنغا تىقىۋالىدۇ. بېشىدىكى دوپپىسى يۇمۇلاپ ئاتىسىنىڭ پۇتىدا توختايدۇ.
ماموت شەيخ دوپپىسىنى ئېلىشقا جۈرئەت قىلالماي قول باغلاپ بېشىنى ئېگىپ تۇرىدۇ.
كېرەم ھاجى: يۇرت ئەھلى سالام بېرىپ، ئالدىدىن توغرا ئۆتەلمەيدىغان، يانتاق مۆتىۋىرى كېرەم ھاجىنىڭ يالغۇز ئوغلى، يانتاقنىڭ يىگىت بېشى ماموت شەيخ خوتۇن كىشىنىڭ كۆڭلىكىنى بېشىغا سەللە ئوراپ، غىزا يېمەي دۇم يېتىۋاپتۇ دېگەن گەپنى...

## 62

كۇندۇز، باغ. قېرى ئۆرۈك شېخىغا تارتىلغان ئېلەڭگۈچتە زۆھرە خېنىم ئولتۇرغانىدى. ئۇ ماموت شەيخكە قامچا ئۇردى، شەيخ قامچىنىڭ ئۇچىدىن تۇتۇۋېلىپ كۈلدى.
زۆھرە خېنىم پىسسىڭگىدە كۈلىدۇ.
ياندىن ئاۋاز:
زۆھرە خېنىم: ئىنىگ ئانا، قولاق چىشلەتتى دېگەن نېمە گەپ ئۇ؟
ئىنىگ ئانا: چوڭ بولغاندا ئىسمائىل بەگ بىلەن ئىككىڭلارنىڭ توي‌يۇڭلارنى

قىلىپ قويىمىز دېگەن گەپ.
زۆھرە خېنىم قاپىقىنى تۈرۈپ دۈم يېتىۋالدۇ.

## 63

كۈندۈز، مامۇت شەيخنىڭ ئۆيى.
كېرەم ھاجى قامچا بىلەن مامۇت شەيخنىڭ باش-كۆزىگە تۆتنى ئۇرىدۇ.
مامۇت شەيخ چىشىنى چىڭ چىشلەپ، قول باغلاپ تىك تۇرىدۇ.
كېرەم ھاجى: كۈچۈڭنى، ئەقلىڭنى ئىشلەت، بولمىسا خۇدا ئۇنى ئىشلىتىدىغان بەندىسىگە ئېلىپ بېرىدۇ.
كېرەم ھاجى چىقىپ كېتىدۇ.

## 64

مامۇت شەيخنىڭ ھويلىسى.
مامۇت شەيخ قۇشنى قولىغا قوندۇرۇپ، ئېتىغا مىنىپ ھويلىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

## 65

كۈندۈز، ئۆي. كېرەم ھاجى قامچىسىنى پۇراپ چىقىپ كېتىۋاتقان ئوغلىغا دېرىزىدىن تىكىلگىنىچە قاراپ كۆزىگە ياش

ئالدۇ. قامچىسنى سۆيىدۇ.
كېرەم ھاجى: بىچارە بالام، مۇشۇنداق قىلمىسام مەندىن كېيىن قالساڭ خەقنىڭ قامچىسىدا قالىسەن.

## 66

كۇندۇز، قۇمۇش-يانتاق باسقان دۆڭ.
ھەمزە ئاتنىڭ ئۈستىدە بىر قوغۇننى چىشلەپ يەپ شاپىقىنى تۆكۈرمەكتە.
يىراقتىن مامۇت شەيخ ئات چاپتۇرۇپ كېلىدۇ.
ھەمزە: ھەقىچان جانان قىزنىڭ كۆڭلەك، تامبىلىنى ئوغرىلاپ كەل دەپ قىچقارغانسەن. جاھاندا مەندەك ئوغرىدىن يەنە بارمىدۇ؟
مامۇت شەيخ: قانچىنى ئېپكىلىسەن؟
ھـەمـزە: بىر كىيىمدىكى پۇراقنى ھەپتىدە پۇراپ بولساڭ، قىزنىڭ ئاخىر كىيىمى قالمايدىغان بولدى.
ئاتلار چاپقانچە قۇمۇشلۇق ئارىسىدا غايىب بولىدۇ.

## 67

كۇندۇز، زۆھرە خېنىمنىڭ ھۇجرىسى.
زۆھرە خېنىم ئەينەككە قاراپ ئولتۇرۇپ ئۆزىنى تۈزىمەكتە.
خىزمەتكار ئايال كىرىپ تەزىم قىلىدۇ ۋە سېلىپ تاشلانغان كىيىملەرنى ئېلىپ ماڭىدۇ.
زۆھرە خېنىم: يەنە ئوغرى ئېلىپ كەتمىس.

## 68

كـۈنـدۈز، تـوغراق، يۇلغۇنلار ئارىسىدىكى توپىلىق يول. ئـاتـلـىق، هارۋىلىق، ئېشەكلىك، قېرى-ياش، ئەر-ئايال، پىيادە ئـادەملەر توپا-چاڭ توزىتىپ ماڭماقتا. سالۋالىق، ئۇزۇن ساقال هېززى بەگ هاجى، نىياز بەگ، قاسىم بەگ هاجى، كېرەم هاجى، خاتىپ، مىراپ قاتارلىقلار سەپ ئالدىدا ئاتلىق ماڭماقتا.

هارۋىـدا ئـولتۇرغان مۇقامچىلار دولان مۇقامى ياڭرىتىپ ماڭىدۇ.

ئۇزۇن سەپ دەريا بويىغا كەلگەندە توختايدۇ.

نەغمىمۇ توختايدۇ.

بىر ئاتلىق سەپنىڭ ئالدىدىكى دۆڭگە چىقىپ سوزۇپ بۇرغا تارتىدۇ.

## 69

قارشى قىرغاق. ئەيسابەگ باشلىق ئاتلىق، پىيادە سەپ.

ئەيسابەگنىڭ سېپىدىنمۇ بىر ئاتلىق ئالدىغا چىقىپ بۇرغا تارتىدۇ.

يـانتاقلىقنىڭ سېپى، ناغرا-سۇنايچىلار چىققان هارۋا دەريا ئېچىگە كىرىپ سەپنىڭ ئالدىدا ناغرا-سۇناي چېلىپ ماڭىدۇ.

مامۇت شەيخ قامچىسىنى شىلتىيدۇ.

پۈتۈن سەپ دەريا ئېچىگە كىرىدۇ.

## 70

قورۇغان چىملىق دالا.

ئىككى يۇرت كاتتىلىرى مول نېمەتلەر تولغان داستىخاندا ئولتۇرىدۇ.

پــۇتــۇن پـــىشۇرۇلغان قوي گۆشلىرىنى پىچاقتا كېسىپ يېيىشمەكتە.

باشقا ئادەملەر ئات ئۇستىدە، هارۋىدا ئۆرە تۇرماقتا.

ئــوتــتۇرىدا ئىككى ئىت تالاشماقتا. قارا ئىت ئالا ئىتنى تالىۋېتىدۇ.

جورۇقچى: قارا ئىت تالىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن پۇتۇم بويىچە ئەيسا ئاۋنتى، هېززى بەگ هاجى باشلىق ياتاقىغا بىر هەپتىلىك قىشلىق سۇ، يۈز قوي، يۈز جىلك يۇڭ، ئۈچ يۈز دەن پاختا ئۇتتۇرۇپ قويىدى.

مامۇت شەيخ توپ ئارىسىدا زۆهرە خېنىمنى كۆرۈپ چوڭقۇر تىكىلىدۇ. زۆهرە خېنىم كۈلىدۇ. شەيخمۇ كۈلىدۇ. زۆهرە خېنىم تۇمشۇقىنى پۈرۈپ شەيخنىڭ سەت كۈلىشىنى دورايدۇ.

## 71

كۈندۈز، سورۇن.

ياتاق تەرەپتىن مامۇت شەيخ بىر ئاق قوشقارنى يېتىلەپ كىرىدۇ.

ئاۋات تەرەپتىن ئىسمائىل بەگ بىر بوز قوشقارنى يېتىلەپ كىرىدۇ.

زۆھرە خېنىم كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ ئىككى يىگىتكە ھەيران بولۇپ قارايدۇ.

زۆھــرە خېنىمنىڭ يېنىدىكى ئىنگ ئانىسى قىزغا مەنىلىك كۈلۈپ قارايدۇ.

ئىنگ ئانا: خېنىم، ئىسمائىل بەگ قارچۇغىدەك يىگىت بوپتۇ، تەلەيلىرى بار، ئۇتتۇۋالىدۇ.

زۆھرە خېنىم ئالىيىدۇ.

## 72

كېچە، مەشرەپ سورۇنى.

مامۇت شەيخ دەررىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئېگىلىپ تۇرۇپ زۆھرە خېنىمنى تەكلىپ قىلىدۇ. ئىككىسى مۇھەببەتلىك تىكىلىشىپ دەررە ئوينايدۇ.

ئولتۇرغان ئىسمائىل بەگنىڭ كۆزلىرى غەزەپتىن يانىدۇ. ئولتۇرغان ئەيسابەگمۇ ئىنگ ئانىغا غەزەپ بىلەن ھومىيىدۇ.

ئىنگ ئانا قورققىنىدىن ئۇھ تارتىپ ئاغزىنى تۇتۇپ قالىدۇ.

## 73

كېچە، دەرۋازا ئالدى.

خىزمەتكار ئايال دەرۋازىدىن چىقىدۇ. يول ياقىسىدا ئاتلىق تۇرغان مامۇت شەيخ بىلەن ھەمزە ئېتىنى دېۋىتىپ خىزمەتكار ئايالنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ.

## 74

كېچە، مەشرەپ سورۇنى

ئىسمايىل بەگ، زۆھرە خېنىم بىلەن دولان ئۇسسۇلى ئويناۋاتىدۇ.

ئىسمايىل بەگ زۆھرە خېنىمغا چوڭقۇر ئىشتىياق بىلەن باقىدۇ. زۆھرە خېنىم كۆزىنى ئەپقېچىپ ئۇسسۇل توپىدا باشقا بىر قىز بىلەن ئۇسسۇل ئويناۋاتقان مامۇت شەيخكە قارايدۇ. مامۇت شەيخمۇ دەل ئۇنىڭغا قاراۋاتقانغا توغرا كېلىدۇ.

## 75

كېچە، باغ ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز راۋاق.

زۆھرە خېنىم راۋاق تۈۋرۈكىنىڭ دالدىسىدا ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.

خىزمەتكار ئايال بىر بوغچا كىيىمنى مامۇت شەيخكە بېرىدۇ.

مامۇت شەيخ كۈمۈش تەڭگىنى خىزمەتكار ئايالنىڭ ئالقىنىغا سالىدۇ.

كېچە، راۋاق.

زۆھرە خېنىم مۇھەببەتلىك كۈلىدۇ.

## 76

كېچە، يول.

ئاتلىقلار ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېتىدۇ.

كۈندۈز، قارلىق دالا، قار لەپىلدەپ يېغىپ تۇرىدۇ.

بىر توپ ئاتلىقلار ئوغلاق تارتىشماقتا. ئېگىز دۆڭدە ئەيسابەگ، ئۇنىڭ يېنىدا زۆھرە خېنىم ۋە يۇرت كاتتىلىرى ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئوغلاق تارتىشۋاتقانلار تەرەپكە تىكىلىپ تۇرىدۇ.

## 77

كۈندۈز، يەنە بىر دۆڭ.

ھېززى بەگ ھاجى، كېرەم ھاجى، نىياز بەگلەر ئوغلاق تەرەپكە تىكىلىپ تۇرىدۇ.

ئوغلاقنى ئىسمائىل بەگ ئېلىپ قاچىدۇ. مامۇت شەيخ قوغلاپ كېتىۋېتىپ تون، كۆڭلەكلىرىنى سېلىپ تاشلاپ يېرىم يالىڭاچ بولۇپ، ئاتقا قامچا سېلىپ جان جەھلى بىلەن قوغلايدۇ. باشقا ئاتلىقلارمۇ قوغلاپ كېتىدۇ.

## 78

كۈندۈز، قارلىق دالا.

يېرىم يالىڭاچ مامۇت شەيخ ئوغلاقنى چاتراقلىغان ھالدا دۆڭدە تۇرغان ئەيسابەگلەرنىڭ ئالدىدىن قويۇندەك ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ دۈمبىسىدە قالايمىقان قامچا ئىزلىرىدىن قان ئېقىپ قالغان.

زۆھرە خېنىم لېۋىنى چىشلەيدۇ. ئىسمائىل بەگ باشلىق ئاتلىقلار كەينىدىن قوغلاپ كېتىدۇ.

ئوسمان قازى: ماموت شەيخنىڭ پەيلىدىن قارىغاندا ئوغلاقنى تۇتقۇزماي ئېلىپ قاچىدىغاندەك قىلىدۇ. ئوغلاقتا ئۇتتۇرۇپ قويساق، يۇرتنىڭ يۈزى كەتكەندىن باشقا، بىر ئايلىق قىشلىق سۇنى ئۇتتۇرىمىز. "يەرنى قىشتا سۇغار، بولمىسا بىلىڭ سۇنار" دەپتىكەن.

لېتىپ داموللام: بۇ قېتىم يۈزىمىز كەتسە، ئاچ قالغاندىنمۇ بەتتەر بولىدۇ.

ئەيسابەگ ئېتىغا قامچا ئۇرىدۇ. ھەممە ئاتلىقلار ئاتلىرىنى قامچىلاپ ئوغلاقچىلار توپىنى قوغلاپ كېتىدۇ.

79

قارلىق دالا، كۈندۈز.

ئەيسابەگ ماموت شەيخكە يېتىشۋالغىلى ئاز قالىدۇ.

ئەيسابەگنىڭ ئېتى مۈدۈرۈپ موللاق ئاتىدۇ.

زۆھرە خېنىم قوغلاپ كېتىدۇ. ماموت شەيخ بىلەن ئارىلىقى قىسقىراپ تەڭ قۇلاق بولىدۇ.

ئىككىسى بىر-بىرىگە مۇھەببەتلىك بېقىشىدۇ.

زۆھــرە خېنىم قوزا كۆرپىسى پەلىيىدىن قولىنى چىقىرىپ ماموت شەيخنىڭ قان ئۇيۇپ قالغان دۇمبىسىنى سىيلايدۇ.

ماموت شەيخ كۆزلىرىنى خۇمارلىق يۇمىدۇ. قىز ئوغلاقنى يۇلۇپ قاچىدۇ.

ماموت شەيخ ھاڭۋېقىپ قىزنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالىدۇ.

ئېتى ئاستىلاپ قالىدۇ.

قىز يىراقلاپ كېتىدۇ.

ئاتلىق، پىيادە خالايىقلار ھۇشقۇيتۇپ تۇماقلىرىنى ئاسمانغا

ئاتىدۇ.

## 80

كۈندۈز، ياسىداق ھويلا.

كېرەم ھاجى مامۇت شەيخنىڭ كىندىكىگە مۇشت بىلەن بىرنى سالىدۇ.

مامۇت شەيخ ئوڭدىسىغا يىقىلىدۇ.

كېرەم ھاجى مامۇت شەيخنى تارتىپ تۇرغۇزۇپ مۇشت بىلەن يەنە بىرنى سالىدۇ.

كېرەم ھاجى: بىر خوتۇنغا ئوغلاقنى تارتقۇزۇپ قويۇپ، يالغۇز ئۆزەڭنىڭ ئەمەس، پۈتۈن يانتاقنىڭ شەنىنى بۇلغىدىڭ. بۈگۈندىن تارتىپ يانتاقنىڭ سەندەك يىگىت بېشى يوق.

## 81

كۈندۈز، قويۇق توغراقلىق جاڭگال.

جەرەنلەر پۈتۈن كۈچى بىلەن چاتقاللار ئارىسىغا قاچماقتا.

سۈزۈك ئاسماندا بىر بۈركۈت ئەگىمەكتە.

مامۇت شەيخ بىلەن ھەمزە ئاتلىرىنى بوش قويۇپ بېرىپ، قوللىرىنى پېشانىسىگە تۇتۇپ بۈركۈتنىڭ ئەگىشىگە قاراپ ماڭماقتا. ھەمزىنىڭ قولىدا كۆزىگە كۆن پوسما كىيدۈرۈلگەن بىر بۈركۈت توختىماي چىربىلدايدۇ.

ئـاسـمـانـدىـكـى بۈركۈت يەرگە قاراپ شىددەت بىلەن

شۇڭغۇيدۇ.

مامۇت شەيخ، ھەمزە ئاتقا قامچا سالىدۇ.

## 82

كۈندۈز، قويۇق يۇلغۇن چاتقاللىقى.

ئــاتــلــىــقلارنىڭ ئالدىدىن بۇركۈت چىرقىرىغانچە ئاسمانغا شىددەت بىلەن كۆتۈرۈلىدۇ. ئاتلىقلار تېزگىننى قاتتىق تارتىدۇ. ئاتلار ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قاتتىق كىشنەپ توختايدۇ.

ھەمزە: ئاپلا، جەرەن چاتقالغا مۆكۈۋاپتۇ.

ئۇلار ئاسمانغا قارايدۇ. بۇركۈت ناھايىتى شىددەت بىلەن چــىــرقــىــراپ ئــاسمان قەھرىگە چىقىپ كېتىدۇ، كۆزگە ئاران ئىلىنغۇدەك قالغاندا ئاتلىقلار ئۈستىدە چىرقىراپ ئەگىيدۇ.

ھەمزە: چاتاق بولدى، ساراڭلىقى تۇتتى، قاچ!

ھەمزە ئېتىنى قامچىلاپ توغراق ئورمانلىقىغا قېچىپ كىرىپ كېتىدۇ.

مامۇت شەيخ يۇلغۇن شېخىغا توشقاننىڭ گۆشىنى سانجىپ ئېگىز كۆتۈرىدۇ.

مامۇت شەيخ: گاھ... گاھ... گاھ...

توغراقلىق ئىچىدىن ھەمزە غەزەپ بىلەن توۋلايدۇ.

ھەمزە: ساراڭ شەيخ، ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ، ئۆزۈڭنى دالدىغا ئال.

بۇركۈت چىرقىرىغانچە چاقماق تېزلىكىدە شەيخكە ئېتىلىپ چۈشىدۇ.

مامۇت شەيخ ئاتنىڭ ئاستىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ.

بۇركۇت ئاتنىڭ بېقىنىغا غەزەپ بىلەن ئۆزىنى ئۇرىدۇ.
ئات قاتتىق كىشنەپ، چىچاڭلاپ ئالدىغا چوخچۇپ چاپىدۇ.
ئاتنىڭ ئارقا پۇتى مامۇت شەيخنىڭ مۇرىسىگە تېگىدۇ.
مامۇت شەيخ ۋايجانلاپ چاتقال ئارىسىغا يۇملاپ كېتىدۇ.

## 83

كۇندۇز، چاتقاللىق چىغىر يول.
يولدا قان تامچىلىغان ئىز.
ھەمزە شەيخنى يۆلىگەن ھالدا قان ئىزىغا قاراپ ماڭىدۇ.
مامۇت شەيخ لېۋىنى چىشلەيدۇ.
ھەمزە: ئۆزۈڭدىن كەتتى.
مامۇت شەيخ: تولا ۋالاقلىما خۇمپەر، ئۇخرىكىم سۇنۇپ كەتتى.

## 84

كۇندۇز، چىملىق دالا.
ئات پۇتلىرىنى سوزغان ھالدا قان ئىچىدە ياتىدۇ. ئاتنىڭ
ئۇچەيلىرى سوزۇلۇپ يەردە سۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.
بۇركۇت ئۇنىڭ ئىچلىپ كەتكەن سۆڭگۈچىدە خاتىرجەم
مۇگدەپ ئولتۇرىدۇ.
مامۇت شەيخ بىلەن ھەمزە قاراپ تۇرۇپ قېلىشىدۇ.
مامۇت شەيخ: ئىسست، ئىسىل ئات ئىدىڭ.

## 85

كۇندۇز، تېۋىپنىڭ ئۆيى.

قېرى تېۋىپ مامۇت شەيخنىڭ مۇرىسىدىن تاڭىدۇ.

تېۋىپ: قىرىق كۈن پىيازلىق قورۇلغان تاماق يېمەيسىز، ئىككى يىل ئوغلاق ئوينىمايسىز. ئوۋ قىلمايسىز.

## 86

كۈندۈز، چىمەنلىك ياۋا گۈللۈك ئارىسىدىكى بۇلاق.

ســۈزۈك بۇلاق سۈيىدە زۆھرە خېنىمنىڭ چاچ تاراۋاتقان سىيماسى كۆرۈنىدۇ.

بۇلاقتا مامۇت شەيخنىڭ سىيماسى پەيدا بولىدۇ.

زۆھرە خېنىم ئورنىدىن چاچراپ تۇرىدۇ.

زۆھرە خېنىم: يەنە كېيىملىرىمنى ئوغرىلىغىلى كەلدىڭىزما؟

مامۇت شەيخ: بۇ قېتىم سىزنى.

زۆھرە خېنىم: شېرىن چۈشنى كۆرۈۋېرەمەڭ.

مامۇت شەيخ: تەڭ كۆرەيلى دەپ كەلدىم.

مامۇت شەيخ قىزنى قۇچاقلىۋالىدۇ. قىز تىپچەكلەپ يۇلقۇنۇپ چىقىۋېلىپ قاچىدۇ.

قىز بىر سۆگەتنىڭ تۈۋىگە بېرىپ توختاپ قارايدۇ.

مامۇت شەيخ يۈگۈرەيدۇ.

زۆھرە خېنىم: يەر قۇچاقلىغۇڭىز كەلسە كېلىۋېرىڭ.

قىز ئوقيانى تەڭلەيدۇ.

مامۇت شەيخ ئىزىدا تۇرۇپ قالىدۇ.

مامۇت شەيخ: بىز ئازراق مۇڭدىشىۋالساق.

زۆھرە خېنىم: مۇڭداشقۇدەك ھېچ گەپ يوق، قىمىر قىلسىڭىز ئۆلىسىز.

مامۇت شەيخ: ھۇ، پەرى سۈرەتلىك ئالۋاستى. ھېلىمۇ جېنىمنى ئېلىپ دوزاختا قويدۇڭ.

قىزنىڭ قولىدىن ئوقيا چۈشۈپ كېتىدۇ. يۈزىنى تۇتۇپ يىغلىغىنىچە قېچىپ كېتىدۇ.

مامۇت شەيخ: خېنىم خاپا بولماڭ، چاقچاق قىلىپ قويدۇم...

قىز چىمەنلەر ئارىسىدا غايىب بولىدۇ.

مامۇت شەيخ: مەن سىزگە ئەلچى ئەۋەتىمەن!

مامۇت شەيخ قىزنىڭ ئارقىسىدىن توۋلايدۇ.

مامۇت شەيخ يەردىن ئوقيانى ئالىدۇ، پۇرايدۇ.

كۆزى سۆگەتنىڭ تۈۋىدىكى بىر بوغچا كىيىمگە چۈشىدۇ.

كىيىمنى قۇچاقلاپ پۇراپ، چىمەنلىكتە دۇملايدۇ.

سۆگەت شېخىدا بىر جۈپ تومۇچۇق سۆيۈشىدۇ.

## 87

ياز، كۈندۈز. ئەيسابەگنىڭ ئايۋان سارىيى. ساراي تۆرىسىدە ھېزىزى بەگ ھاجى، نىياز بەگ، قاسىم بەگ ھاجى خاتىپ، مىراپ كېرەم ھاجى قاتارلىق يۇرت كاتتىلىرى باشلىق ياناتاقلىق مېھمانلار ئولتۇرىشىدۇ.

دەستىخاندا ھەر خىل مېۋىلەر، پۈتۈن پۇشۇرۇلغان قوي گۆشى توقاچلار تىزىلغان.

ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئالاھىدە دەستىخاندا بەش دانە ئالتۇن يامبۇ، بۇغا مۈڭگۈزى، يولۋاس تېرىسى، بىر توپ يىپەك تاۋار قويۇلغان.

ئەيسابەگ: ئەلمىساقتىن تارتىپ دولان يۇرتلىرىنىڭ قائىدىسى بويىچە باشقا يۇرتقا قىز بەرمەيمىز. قىز ئالمايمىز. ھەر ئىشنىڭ ئۆز يولى بويىچە بولغىنى ئوبدان.

نىياز بەگ: بىلىشىمچە بۇ قائىدىنى ئاللىبۇرۇن ئۆزلىرى تەرك ئەتكەن.

ئەيسابەگ تاتىرىپ كېتىدۇ. گۈلھېيرىخانىنى ئاتىنىڭ ئالدىغا ئالغان سىيما چاقماق تېزلىكىدە كۆرۈنۈپ يوقىلىدۇ.

لېتىپ داموللام: ئۇنىڭسىزمۇ خان قىزىمىزنى ئوسمان قازىنىڭ ئىسمائىل بەگزادىسىگە قولاق چىشلىتىپ قويغان.

## 88

كۈندۈز، باغ. زۆھرە خېنىم قاتارلىق قىزلار چۇقۇرىشىپ چىم-چاقچاق ئوينىماقتا.

قىزA: قاراڭلار ئىسمائىل بەگزادە كېلىۋاتىدۇ.

قىزB: تايىرنىڭ زۆھرەسىنى كۆرگىسى كەلگەندۇ.

قىزلار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ قېچىپ كېتىشىدۇ. زۆھرە خېنىم ئىلەڭگۈچتىن يەرگە چۈشۈپ بولغۇچە، ئىسمائىل بەگزادە ئالدىغا كېلىدۇ.

زۆھرە خېنىم جىممىدە يەرگە قارايدۇ. ئىسمائىل بەگزادە قوينىدىن بىر جۈپ ئالتۇن بىلەيزۈكنى چىقىرىدۇ.

بەگزادە بېشىنى كۆتۈرىدۇ.

قىز ئاللىقاچان يىراقتا كېتىپ قالىدۇ.

ئىسمائىل بەگزادە: خېنىم بۇنى سىزگە...

زۆھرە خېنىم قايرىلىپ كۈلىدۇ.

زۆھرە خېنىم: ھازىر نامەھرەم بولىدۇ.

ئىسمائىل بەگزادە خىجىل بولۇپ كۈلىدۇ.

**89**

كۈندۈز. ئەيسابەگنىڭ ئايۋانساراي ھويلىسى.

ھېزرى بەگ ھاجى: يۇرت ئوتتۇرىسىدا ئوغلاق سالايلى. ئاللا، خانقىزىمىزنىڭ رىسقىنى كىم بىلەن ئاچقان بولسا بۇ تەڭلىكتىن شۇنداق قۇتۇلايلى.

كېرەم ھاجى ئەندىشە بىلەن ئاغزىنى ئۆمەللەپ قالىدۇ.

ئەيسا بەگنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كېتىدۇ.

ئەيسابەگ: خۇدا خالىسا، بۇ لەۋزىلىرى كۆڭلۈمگە خوپ كەلدى.

ھەممە خۇشال ماقۇللىشىدۇ.

نىياز بەگ: مۆھلەتنى قاچانغا پۈتىشىمىز؟

ئەيسابەگ: ئالدىمىزدا كۈز كېلىۋاتىدۇ. كۈزدە ئات تاللاپ قىشتا باقساق، ئامەت قايسى يۇرتتا بولسا خانقىز شۇنىڭ بولىدۇ. نورۇز ئېيىدا بولسۇن.

**90**

كەچ، شام يورۇپ تۇرغان كېرەم ھاجىنىڭ مېھمانخانىسى.

كېرەم هاجى هېززى بەگ هاجى بىلەن سۆھبەت قىلماقتا.

كېرەم هاجى: مۇشۇ ئىشتا زېيىنىمىزغا دەسسىدۇقمۇ نېمە؟ ”مۇشۇكنىڭ پۇلى يوق، بەزگە ئامراق“ دەپ، ئوغلۇمنىڭ ئوخرىكى سۇنۇپ كەتتى ئوغلاقتا بارالمايدۇ، قىزغا تېخى چىدىمايدۇ.

هېززى بەگ هاجى ساقلىنى سىقىمداپ خىيال سۈرىدۇ.

## 91

قىش، تۇمانلىق سەھەر. كېرەم هاجىنىڭ دەرۋازىسى ئالدى.

دەرەخ نوتىلىرى ئاق قىروۇنى كۆتۈرەلمەي ئېگىلىپ تۇرىدۇ.

ھەمزە ئات چاپتۇرۇپ دەرۋازا ئالدىغا كېلىدۇ. ئاتنى ئۈژمىگە باغلاپ قولىنى هوردايدۇ. دەرۋازىنى ئۇرىدۇ. ئىت قاۋايدۇ. دەرۋازىنى قېرى تۆرەك توكۇر ئاچىدۇ.

ھەمزە دەرۋازىدىن كىرىپ كېتىدۇ.

## 92

كۈندۈز، هويلا.

ھەمزە: نەس قېرى، شەيخ كۆرۈنمەيدىغۇ؟

تۆرەك توكۇر: هۇ ئالا كۇسۇك. يالغۇز شەيخ ئەمەس توققۇز ئادەم يۇرت-يۇرتقا ئات ئالغىلى كەتتى. شەيخ كەينىمدىن خېنياغا بارسۇن دەپ كەتكىلى ئۈچ كۈن بولدى.

ھەمزە: نېمىشقا؟

تۆرەك توكۇر: مەن قېرىنى ئۇنتۇپ قالدىڭ، ئىتنىڭ بالىسى.

ھەمزە: ئاله.

تەڭگە بېرىدۇ.

ھەمزە: قېرى توپاق گەپ قىل، شەيخ نېمشقا خېنياغا كەتتى.

تۆرەك توكۇر: ئاناڭدىن سورا خۇمپەر.

دېدەك قىز ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىدۇ.

دېدەك قىز: خېنىم يېنىمغا كىرسۇن دەيدۇ.

ھەمزە: نېمشقا!

دېدەك: نېمشقىلىقىنى ئۆزىدىن سوراڭ.

تۆرەك توكۇر: كىرە، بۇ قىسى بايتالنىڭ دەردى جىق.

## 93

ھۇجرا. مامۇت شەيخنىڭ خوتۇنى قەمبەرنساخان چاچلىرى چۇۋۇلغان ھالدا يوتقاندا ياتىدۇ.

ئۆيگە ھەمزە كىرىدۇ.

قــەمــبەرنساخان تەكيىدىن بېشنى كۆتۈرۈپ، مەسخىرە بىلەن ھەمزىنىڭ باش-ئايىقىغا قارايدۇ.

ھەمزە: بۇنداق قاراشلىرىغا ئاشىق ئەمەسمەن خېنىم.

قەمبەرنساخان: ئاجايىپ چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەن.

ھەمزە: ئۆزۈمگە تۇشلۇق ئادەممەن.

قەمبەرنساخان: سېنى ئادىمي ئەر بولۇشتىن يىراق دەپ قالدىم.

ھەمزە غەزەپتىن تىترەپ كېتىدۇ.

ھەمزە: يەنە زەردەمنى قايىنتىدىغان بولساڭ...

قەمبەرنساخان: سەن بىر ئىت، دەللاللىقنى ئايالار قىلىدىغان، ئېرىمنى بىر

جالاپ بىلەن تېپىشتۇرۇپ باي بولدۇڭ.

ھەمزە: سېسىق جالاپ، ئۇتتۇرۇپ قويۇپ مەندىن كۆرەمسەن. بىلىپ قوي

مەن ھەمزە، ئاققاش ئەۋلىيا بولساڭمۇ خۇدادىن باشقىغا قەرزدار

ئەمەسمەن. مەن پەقەت ئېرىڭنىڭ جان دوستى، ئادەم، ئەرمەن.

قەمبەرنىساخان: يالغان، ئۇ ساڭا دوست ئەمەس، سېنى دوست تۇتمايدۇ،

ئىت-ئېشەكتىن پايدىلانغاندەك سەندىن پايدىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ

سېنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدۇ. سەن ئادەمنىڭ ئىت-ئېشەك بىلەن

دوست بولغىنىنى كۆرگەنمۇ؟

ھەمزە: كۈندەشلىكتىن ئەقلىڭدىن ئېزىپسەن. ئەمدى ئەلھەكمۇللا دېمەكتىن

باشقا ئامال يوق، ئۇ ھەرگىز سەن دېگەندەك ئەمەس.

## 94

كېچە، توغراقلىق. گۈلخان يورۇپ تۇرىدۇ. مامۇت شەيخ گۈلخاندا كاۋاپ پىشۇرۇپ يېمەكتە. ئاتقا ئېسىلغان قاپاقنى ئېلىپ سۇ ئىچمەك بولىدۇ. ئاغزىغا سۇ چۈشمەيدۇ. قاپاقنىڭ تېگىگە قاراپ تۆشۈكنى كۆرىدۇ.

## 95

قەمبەرنىساخاننىڭ ھۇجرىسى.

قەمبەرنىساخان: سەن پەقەت ئۇنىڭ غالچىسى، دەللالى، ئىتى، ئېشىكى.

ھەمزە ئېتىلىپ بارىدۇ. قەمبەرنىساخان ئورنىدىن چاچراپ تۇرىدۇ. يېرىم يالىڭاچ كۆكسى كۆرۈنۈپ قالىدۇ.

ھەمزە قولنى كۆتۈرۈپ بولغۇچە قەمبەرنىساخان ئۇنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ ھۆكرەپ يىغلاپ كېتىدۇ.

ھەمزە: مەن ئادەم، مەن ئادەم، سەن نېمىدەپ جۆيلىۋاتىسەن، مەن ئادەم.

## 96

كۇندۇز، گىياھسىز قۇملۇق چۆل. قۇملۇقتا قۇيۇن كۆتۈرۈلمەكتە. ماموت شەيخنىڭ كالپۇكلىرى يېرىلىپ قاغجىرىغان ھالدا ئات ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ. ئات سالپايغان، قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ ئاران ئىلگىرىلىمەكتە.

## 97

قەمبەرنىساخاننىڭ ھۇجرىسى.

ھەمزە كۆزىنى يۇمغان ھالەتتە يوتقاندا ياتىدۇ. قەمبەرنىساخان ئىچ كۆڭلەك بىلەن ئۇنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ باش كۆزىنى سىيلايدۇ. مەڭزىنى ھەمزىنىڭ پېشانىسىگە قويىدۇ.

قەمبەرنىساخان: راست سەنمۇ ئادەم، مەنمۇ ئادەم، سەن بىلەن مەن ئۇنىڭغا ئوخشاش ئادەم. بۇ دۇنياغا پەقەت خورلانغىلى تۆرەلمىگەنمىز، كۇندەشلىكنىڭ دەردىنى تارتقۇچە ئۆلمەن. ئەمما مېنىڭ بىئەجەل ئۆلگۈم يوق. مەن بىلەن سەن ئۇنىڭ قول-دېدىكى ئەمەسمىز. ئۇ نېمىنى ئويلىسا شۇنى قىلىدۇ. سەن بىلەن مەنچۇ؟ بىزمۇ ئۇ قىلغاننى قىلىپ ئادەم قاتارىدا ئۆتەيلى... ھەمزە، سەن ئەقىللىق ئادەمسەن، گەپ قىل، مەن ئايال كىشى، ئاجىزمەن. ئەمما سەن

ئەر، مەن كۈتتۈم، يىغلىدىم. سەۋر قىلدىم، تۇر دېسە تۇردۇم، ماڭ دېسە ماڭدىم، ئۇنىڭ قورچىقى بولدۇم، ئىش قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشتىم. ئاخىر نېمىگە ئېرىشتىم؟ ئىت مۈشۈكنىڭ ئورنىدا ئۇنىڭدىن ئىززەت، ھۆرمەت كۈتكەنىدىم، شۇنچە ئەقىدەم كۈتكىنىمنىڭ تەتۈرىسىنى بەردى. سەن مەندەك ئاجىزلىق قىلما.

ھەمزە كۆزىنى چوڭ ئېچىپ قەمبەرنىساغا تىكىلىدۇ.

## 98

كۈندۈز، ئېگىز قۇم باغرى.

ھالىدىن كەتكەن مامۇت شەيخ سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ئات ئۇنىڭ يېنىدا سالپىيىپ تۇرىدۇ. ئەتراپتا قۇرۇق ئىسكىلىتقا ئوخشاش قەدىمىي توغراقنىڭ قاخشاللىرى قورقۇنچلۇق سوزۇلۇپ ياتىدۇ. خورازنىڭ سوزۇپ چىللىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. مامۇت شەيخ كۆزىنى ئېچىپ دىققەتتە بولىدۇ. يېرىلغان كالپۇكىنى يالايدۇ. مامۇت شەيخ پۈتۈن كۈچى بىلەن قۇم چوققىسىغا يامىشىدۇ. چوققىغا ئاز قالغاندا پەسكە سىيرىلىپ كېتىدۇ. بىردەم دۈم يېتىپ يەنە يامىشىدۇ. قۇم چوققىسىغا چىقىپ كۆزىنى يۇمۇپ يېتىپ قالىدۇ. كۆزىنى ئاچقاندا كۆز ئالدىدا كىچىك بىر دەريا بويىدىكى چەكسىز كەتكەن ياۋا كەندىرزارلىق، جىگدە، جىغان، ئارچىلار كۆرۈنىدۇ. ئارچىلار ئارىسىدا بۇغىلار ياپىلاپ يۈرىدۇ، كەپتەر، قىرغاۋۇل، تۇخلار بىخارامان دانلاپ يۈرىدۇ.

مامۇت شەيخ: خۇداغا شۈكرى.

## 99

كۆندۈز. مۇز قاتقان دەريا بويى. كۆلخاندا قىرغاۋۇل گۆشى كاۋاپ بولماقتا. مامۇت شەيخ ئورنىدىن تۇرۇپ يىراقلارغا قارايدۇ. يــىــراق تــوغــراقزارلىق ئارىسىدىن سوزۇلۇپ چىقىۋاتقان تۈتۈن كۆرۈنىدۇ.

## 100

قويۇق توغراق چاتقاللىقى. مامۇت شەيخ چاتقاللىق ئارىسىدا تەستە ئىلگىرىلىمەكتە. يوغان ئالتە ئىت پەيدا بولۇپ، جىممىدە تۇرۇپ مامۇت شەيخنى قورشىۋالىدۇ.

شەيخ ئالغا ئىلگىرىلەي دېسىلا توسۇپ خىرىس قىلىدۇ.

شەيخ چوماقنى قولىغا ئېلىشىغا چوپپۇرلۇق قارا ئىت مامۇت شەيخكە ئېتىلىدۇ.

خېنيا سايىت: هاي... هاي.

ئىت ئىزىدا توختايدۇ.

توغراق ئارىسىدىن يايداق قوك ئات مىنگەن، قورقۇنچلۇق، يــوغان خېنيا سايىت نەيزە تۇتقان هالدا پەيدا بولىدۇ. خېنيا سايىتنىڭ مۇرىسىگە چۈشكەن قارا پاخماق چېچى، ئۇزۇن قارا ساقىلى ۋە شەشلىك يىغىپ تۇرغان كۆزىنى كۆرۈپ، مامۇت شەيخ شــۈركــىنىپ كېتىدۇ. خېنيا سايىت مامۇت شەيخكە ئۇزۇنغىچە تىكىلىپ تۇرىدۇ.

خېنيا سايىت: چۈشە ئاتتىن.

شەيخ ئاتتىن سەكرەپ چۈشىدۇ.

## 101

كۈندۈز خېنيا سايىتنىڭ گەمىسى ئالدى. قوتانلاردا قوي، ئۆچكە، كالا، ئات، تۆگىلەر توپ-توپ تۇرىشىدۇ. توغراقلىقتىن خېنيا سايىت ئاتلىق، مامۇت شەيخ ئېگەر خۇرجۇننى ئۆشنىسىگە ئارتىپ، يايداق ئېتىنى يېتىلەپ ئەگىشىپ كېلىدۇ. ئىتلار ئۇنىڭ يېنىدا ساقچىدەك يالاپ كېلىدۇ.

## 102

كېچە، گۈلخان ئالدى.

مامۇت شەيخ بىر كوزا قېتىقنى كۆتۈرۈپ ئىچىپ راھەتلىنىدۇ.

گـۈلـخـاندا پىشۋاتقان ئوغلاق كاۋىپىدىن خېنيا سايىت كېسىپ يەپ ئۇنىڭغا قارايدۇ.

مامۇت شەيخ نېمە قىلىشنى بىلمەي قارايدۇ. خېنيا سايىت كېسىپ بېيىشكە ئىشارەت قىلىدۇ.

خـېنيا سايىت: چوكان مىجەز ئادەمنى كۆرسەمزە... ھېززى بەگ ھاجى نېمىدەپ سەندەك ئادەمنى ماڭا ئەۋەتىدۇ.

مامۇت شەيخ: خۇدا يولىدا مېنىڭ بېشىمنى سىيلىسىلا.

خـېـينا سايىت: جاھان نامەردلىشىپ كەتتى. دۇنيانى نامەردلەر قولىغا ئېلىۋالدى. مېنىڭ ئادەملەرنى كۆرەر كۆزۈم يوق.

مامۇت شەيخ: ھېززى بەگ ھاجىم ئۆزلىرىنى ئاشقىلىق يۈزىسىدىن يۇرتىنى

تاشلاپ تەكلىماكانغا كىرىپ كەتكەن ئاشىق، ئاشىقنىڭ دەردىگە يېتىدۇ دېگەن.

مامۇت شەيخ قوينىدىن بەش دانە ئالتۇن يامبۇنى ئېلىپ خېنىيا سايىتنىڭ ئالدىغا قويىدۇ.

خېنىيا سايىت: ھەممىسى شۇمۇ؟

مامۇت شەيخ: لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ.

خېنىيا سايىت: ساقالدىكى ئاشقا قورساق تويمايدۇ. چىش كاۋىكى بىرنېمەڭگە

خېنىيا سايىتنى خېنىيادىن سۈرەپ چىقىپ، پاسىق يۇرتۇڭغا ئېلىپ بارىمەن دەپ خىيال قىلما.

مامۇت شەيخ: قانچىلىك بولسا بولار؟

خېنىيا سايىت: مەن بولدى دېگۈچە.

ئارىنى جىمجىتلىق باسىدۇ.

خېنىيا سايىت قاقلاقلىق كاۋاپتىن كېسىپ يەيدۇ.

خېنىيا سايىت: ماڭا قارا چوكان مىجەز شەيخ، مەن ئادەملەردىن ئىتنى ياخشى كـــۆرىمەن، شۇڭا ئىت بىلەن ياشاۋاتىمەن. ئۇ نامەرد، ۋاپاسىز ئەمەس.

ئۇ يامبۇلارنى چالا غاجىلانغان ئۇستىخان بىلەن قوشۇپ چۆرۈيدۇ. ئېگىز توغراقلارنىڭ كاۋىكىدىن بىرمۇنچە ئىتلار سەكرەپ چۈشۈپ ئۇستىخاننى چىشلەيدۇ، يامبۇلارنى پۇراپ بېقىپ كېتىدۇ.

خېنىيا سايىت: ئىتلىرىم ئالمىغاننى مەن ئالمايمەن. ئۇ ساڭا لازىم، ئال، سەن تېرىنۋال.

مامۇت شەيخ كالپۇكىنى قاتتىق چىشلەيدۇ. كالپۇكىدىن قان چىقىدۇ.

خېنىيا سايىت: ئوغلاقنى قاچان تارتىسەن؟!

مامۇت شەيخ: نورۇزدا.
خېنيا سايىت: ئاڭلا شەيخ چوكان، ۋىكچىنى بىلەمسەن؟!
مامۇت شەيخ: بىلىمەن.
خېنيا سايىت: مەندە تۇزغا چىلىغىلى ئۈچ يىل بولغان يۇلغۇن ۋىكچىسى بار، خومرا بىلەن ئېلىپ كېتىسەن. ئۇنى نېمىگە ئىشلىتىدۇ؟
مامۇت شەيخ: ئاتىنىڭ دولىسىدىكى تاغاق سۆڭىكىگە ئۇيىغان يىغىرىغا.
خېنيا سايىت: چوكان مىجەز بولغاچقا نامەرد ئوغلاقچىلىقتىن خەۋىرىڭ باركەن، مېنى نېمىشقا چىللايسەن؟
مامۇت شەيخ: ھېززى بەگ ھاجىم سىلىنى بولمىسا بولمايدۇ، دەيدۇ.
خېنيا سايىت: ئات چاپارلىقنى پەقەت شۇ ئادەملا بىلىدۇ.
مامۇت شەيخ: يەنە نېمە ئىشلارنى قىلىمەن؟
خېنيا سايىت مامۇت شەيخنىڭ كۆزىگە قاتتىق تىكىلىدۇ.
خېنيا سايىت: مۇرادىڭغا يەت.

## 103

كۇندۇز. خېنيا سايىتنىڭ گەمىسىنىڭ ئالدى. مامۇت شەيخ كۆن كىيىمنى كىيىدۇ. كۆن ئىشتان تىزنىغىچە كېلىدۇ. خېنيا سايىت گەمىدىن بىر جۇپ ئۆتۈك ئېلىپ چىقىپ شەيخنىڭ ئالدىغا تاشلايدۇ. ئۆتۈكنىڭ پاشنا ھەم ئۇچىدىكى نالىدىن بىگىزدەك مىخلار چىقىپ تۇرىدۇ.

## 104

كۇندۇز، دەريا بويى.
خېنيا سايىت بىلەن مامۇت شەيخ ئاتلىق دەريا بويىغا

كىلىدۇ.

خېنىيا سايىت: ئوغلاقنى قولداشقاندا پەملەپ قورساق، بېقىن، يوتىسىغا تاپاندا.

مامۇت شەيخ: ئۇلارمۇ بۇ ھۈنەرنى ئىشلىتىپ قالارمۇ؟

خېنىيا سايىت: ئۇلار ئىشلەتمەيدۇ. ئەيسا بەگ مەرد ئادەم، بۇ نامەردلىك بىزدىن ئادەملەرگە تارقالمىسۇن دەپ قەسەم قىلغان. ئۇ مېنى كۆرمىسە بۇ ئىشنى قىلمايدۇ. ئالدىنقى يىلى كۆلبەمنى زىيارەت قىلىپ كەتكەن. شۇ ۋاقىتتا ئىككى كۈن قالغاندا مەن بارىمەن.

مامۇت شەيخ: رەھمەت خېنىيا سايىتكا، خۇدا ئۆمرىڭىزنى ئۇزۇن قىلسۇن.

خېنىيا سايىت: ئاغزىڭغا پوق، شۇم ئېغىز مەخلۇق.

## 105

كۈندۈز، چوكانتال بولغان سۆگەت تۈۋىدىكى ئەنجان تامدا پاختەك بۇقۇلدايدۇ.

## 106

كۈندۈز، چاڭ توزان قاپلىغان توپىلىق يول.

قەدىمىي ياغاچ ھارۋىلار، ئېشەككە مىنگەنلەر، ئاتلىقلار ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا سوزۇلغان سەپ بولۇپ، ناغرا-سۇناي چېلىشىپ ماڭماقتا. ئات مىنگەن نەۋ جۇۋانلار بىلەن يىگىتلەر گەپ ئېتىپ قوشاق توقۇشۇپ كۈلكە چاقچاق قىلىشىدۇ.

## 107

كــۈندۈز، دەريا بويى. دەريا قۇرۇپ ئازغىنە سۇ تاراملارغا بۆلۈنۈپ ئاقماقتا. مامۇت شەيخ بىلەن ھەمزە ئاتلىق دەريا بويىغا كېلىدۇ.

مامۇت شەيخ: يۇرىكىم سىلىپ كېتىۋاتىدۇ.

ھەمزە: مەن ئۇتتۇرۇپ قويىمسام بولاتتى.

ھەمزە خىيالچان يىراقتا تىكىلىدۇ.

ھەمزە: ئۇتتۇرۇپلا قويسام تۈگىشىپ كېتىمەن.

مامۇت شەيخ: نېمىشقا؟

ھەمزە: تارتقان ئازابىم ئازمۇ؟

مامۇت شەيخ: يېقىندىن بېرى باشقىچە ئادەم بولۇپ قالدىڭ.

ھەمزە: بۇرۇن ئادەم ئەمەسمىدىم؟!

مامۇت شەيخ: ئوخشاش بەندىمىز. شۈكلەپ كەتتىڭ، بىر نەرسىنى مەندىن يوشۇرغاندەك قىلىسەن، دېمىسەڭ مەيلى، ھامان بىر كۈنى بىلىپ قالىمەن.

## 108

كــېچــە، ئــاسماندا ساناقسىز يۇلتۇزلار جىمىرلايدۇ. دەريا ئىچىدىمۇ يۇلتۇزلارنىڭ ئەكسى كۆرۈنىدۇ.

ئەيسا بەگ ئاق ئاتقا مىنگەن ھالدا دەرياغا قاراپ تۇرىدۇ.

ئــەتــراپىدا ساناقسىز گۈلخانلار يېنىپ تۇرىدۇ. ئادەملەر گۈلخان ئــەتراپىدا تاماق يېيىشمەكتە. نەغمە قىلماقتا. قارشى قىرغاقتىمۇ

ساناقسز گۇلخانىلار يېقىلغان يانتاقلىقلارنىڭ مەشرەپ نەغمىسى.
ئادەملەرنىڭ غوغالىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. گەمە، شاختا قىلىنغان
چېدىرلار كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

## 109

كېچە، چىراغ يورۇتۇلغان زۆھرە خېنىمنىڭ ھۇجرىسى.
زۆھرە خېنىم جايناماز دا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ دۇئا قىلماقتا.
زۆھرە: خېنىم خۇدا شەيخكە نۇسرەت ئاتا قىلغايسەن.

## 110

كەچ، دەريا بويى.
قامچا شەيخنىڭ قولىغا تېگىشى بىلەن چۆچۈپ ئورنىدىن
تۇرىدۇ. ئاق ئاتلىق، سېرىق سەللە، بەقسەم تونلۇق ئاق ساقال
ئادەم كۆرۈنىدۇ.
مامۇت شەيخ: ۋوي خېنيا سايىتكا.

## 111

ساپال چىراغ يورۇپ تۇرغان گەمە. خېنيا سايىت ھېززى بەگ
ھاجى، كېرەم ھاجى، قاسىم بەگ ھاجى، خاتىپ، مىراپلار بىلەن
قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدۇ.
ئاتلار باغلانغان چوڭ گەمە. چىراغچى چىراغنى كۆتۈرۈپ

ئالدىغا ماڭىدۇ. ئالدىدا خېنيا سايىت، كەينىدە ھېززى بەگ ھاجى، كېرەم ھاجى، قاسىم ھاجى، خاتىپ، مىراپلار ماڭىدۇ.

ھەممەيلەن بىر ئات يېنىدا بىردەم تۇرىدۇ.

ھېززى بەگ ھاجى: جاھاننى قېزىپ، مۇشۇ ئون ئاتنى تاللىدۇق.

ھەممە ئاتنىڭ دولىسىدىن زەرداپ ئېقىپ تۇرغان يارا كۆرۈنىدۇ.

خېنيا سايىت بىر تۆلەڭ ئاتنى كۆرسىتىدۇ.

خېنيا سايىت: مۇشۇ يامان ئەمەستەك.

ھېززى بەگ ھاجى: بەك تەلۋىكەن.

خېنيا سايىت: مەنمۇ شۇنداق كۆردۈم.

نىيازبەگ: توپقا قېتىلماي ئىشنى بۇزماس؟

خېنيا سايىت: شۇنداق بولسىلا ئىش ئوڭ بولىدۇ، بۇنىڭ دورىسى بۇرنىغا نېشە پۈركۈش.

## 112

كۈندۈز، دەريا بويى.

دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا ئىككى يۈرتنىكىلەر ئوغلاقچىلىك سېپى تۈزۈپ بىر-بىرىگە قارىمۇ قارشى تۇرۇشىدۇ.

يانتاق تەرەپتىن راخمان دورغا دەريا ئىچىگە ئات سېلىپ، ئون قەدەمدە توختاپ، ئۈچ قېتىم بۇرغا تارتىدۇ.

يانتاقتىن مامۇت شەيخ قاتارلىق قارا تۇماق، قارا تونلۇق، كۆك ئات مىنگەن ئون ئاتلىق يىگىت ئاتلىرىنى تەڭ قولاق يورغىلىتىپ دەريا ئىچىگە ماڭىدۇ.

ئاۋات تەرەپتىن ئىسمائىل بەگ باشچىلىقىدا ئوخشاش ئاق ئات مىنگەن، تۆلكە تۇماق، ئاق تونلۇق، قىزىل ئۆتۈك كىيگەن ئون نەپەر يىگىتمۇ تەڭلا دەرياغا ئات سالىدۇ.

ئىــكــكــى قىرغاقتىكىلەر چۇقان سېلىشىدۇ. ناغرا-سۇناي ياڭرايدۇ، مومايلار لىچىكىنىڭ بۇرجىكىنى چىشلىۋېلىپ ھوقۇيتىدۇ، بوۋايلار قولىقىنى ئېتىۋېلىپ ئاللا سالىدۇ.

ئىككى تەرەپنىڭ ئاتلىقلىرى بىر تاراملغا ئون گەز ئارىلىق قالغاندا تەڭلا توختايدۇ.

يانتاقنىڭ يىگىت بېشى مامۇت شەيخ سېرىق پەرۋازلىق، قىزىل يىگىت بېشلىق ئەلمىنى مۇرىسىگە ئاسقان.

ئاۋات تەرەپتىن ئىسمائىل بەگ يېشىل پەرۋازلىق كۆك ئەلەمنى مۇرىسىگە ئاسقان.

ئىسمائىل بەگنىڭ يېنىدا تۇرغان سېرىق ساقال، كۆك كۆز، ئۇستىخانلىق ئادەم، مامۇت شەيخكە سىنچىلاپ قارايدۇ.

مامۇت شەيخنىڭ يېنىدىكى خېنىيا سايىتمۇ ئىسمائىل بەگكە تىكىلىدۇ.

مامۇت شەيخ: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.
ئىسمائىل بەگ: ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

ئىككىسى ئات ئۈستىدە ئېگىلىپ سالام بېرىشىدۇ.

مامۇت شەيخ ئېتىغا قامچا سالىدۇ. ئىسمائىل بەگمۇ ئېتىغا قامچا سالىدۇ. ئىككى ئات تارامنىڭ ئىچىدە سۇ چاچرىتىپ دەريانىڭ يــۇقىرىسىغا قاراپ چاپىدۇ. قالغانلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن قاراپ تــۇرۇشــىدۇ. قارا لايغا مىلەنگەن ئاتلىقلار قايتىپ كېلىدۇ. بۇز يىگىتلەر ئۆز تەرەپلىرىگە قايتىپ كېتىشىدۇ.

## 113

كۆندۈز، ھېزرى بەگ ھاجىنىڭ گەمىسى. ھەممىسى شۈك ئولتۇرىشىدۇ.

خېنىيا سايىت: ئات تالليياليماپسىلەر. ئەيسابەگ بوش ئادەم ئەمەس. بۇ يۇرتلۇقنى بىكار ئاتچاپارلىق دېمەيدۇ. ئەشۇ ئاتلا بولىدىكەن ئىش چاتاق.

خېنىيا سايىت ئالدىدا تۇرغان بىر كوزا قېتىقنى كۆتۈرۈپلا ئىچىۋېتىدۇ.

نىيازبەگ: ئىشىمىز چاتاق بولسا، ئۆزلىرىنى تاغدەك يۆلەنچىكىمىز دەپ بىلىمىز.

خېنىيا سايىت بېشىدىكى تۇماقنى ئېلىپ چۆرىۋېتىدۇ.

خېنىيا سايىت: نامەرد جاھاندا ياشىسا، نامەردلىك بەنت-بېغىشىغا ئورناپ كېتىدۇ. ھېلىقى ھەمزە ئاققاش ئوغرى كارغا كېلەمدۇ؟

ھېزرى بەگ ھاجى: ئىشەنسىلە بولىدۇ.

ھەمزە كىرىپ خېنىيا سايىتنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ.

خېنىيا سايىت: نامەردلەر دۇنياسىدا ئوغرىلىق ساڭا قاپتۇ. تۈن تەڭگىچە ھېلىقى ئاتنىڭ قۇيرۇق قۇلاق، يايلىنى كېسىپ كەل، ئۇنداق ئات مەيدانغا چۇشۇرۇلمەيدۇ. تۇتۇلۇپ قالساڭ، سېنىڭ قولۇڭ، قۇلىقىڭ، بۇرنۇڭنى كېسىۋېتىدۇ. بۇ كونا قائىدە. نەس باسسا ئۆزۈڭگە ھېساب. مامۇت شەيخ ھېلىقى بەش يامبۇنى ئۇنىڭغا بەر.

## 114

كېچە، گەمە ئالدى. ھەممىسى گەمە ئالدىغا چىقىدۇ.

ھېزرى بەگ ھاجى: ئارىمىزغا نىنزا چۈشمەس-ھە؟!

خېنىيا سايىت: بۇ قەدىمدىن قالغان كونا نامەردلىك، بۇ ئىش قىلىنىدىغان،

تــــلغا ئبلنمايدىغان ئش. هېلقى ئاتنى قاتتىق يوشۇرۇڭلار. ئــادەملــەر ئــات ئــەتراپىدا ئۇخلىماي باقسۇن. يەنە پايلاقچى تەڭچىلەرنى ئەتراپقا، ئات بار گەمگە قويۇڭلار، ئەيسا بەگ ئەقللىق ئادەم.

## 115

قاراڭغۇ گەمە ئىچى. گەمدە قاتارى باغلاقلىق ئاق ئاتلار تۇرىدۇ.

## 116

كېچە، گەمە سىرتى. گەمە ئالدىدا ئىككى ئادەم گۈلخان يېقىپ مۈگدەپ ئولتۇرىدۇ.

هەمزە يەر بېغىرلاپ كېلىپ، گەمنى كۆزىتىدۇ.

## 117

كېچە، گەمە ئىچى.
هەمزە تورۇستىن تۆشۈك ئېچىپ، گەمە ئىچىگە چۈشىدۇ.
ئاتلارغا تەكرار-تەكرار قاراپ پەرق ئېتەلمەي تىكىرقايدۇ.

## 118

كېچە، گەمە سىرتى.
ئاتلارنىڭ قاتتىق كىشنىگەن ئاۋازى چىقىدۇ.
هەمزە گەمنىڭ تۆشۈكىدىن چىقىپ، چاتقال ئارىسىغا كىرىپ

غايىب بولىدۇ.

مۇگدەۋاتقانلار ئويغىنىدۇ. چاتقال ئارىسىدىن ئەيسابەگ باشلىق بىرمۇنچە ئادەم پەيدا بولۇپ، ھەمزە كەتكەن تەرەپكە قارايدۇ.

**119**

كېچە، گەمە ئىچى. ئەيسابەگلەر چىراغ يورۇتۇپ ئاتلارغا قارايدۇ.

ئاتلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قۇيرۇق، يايلى، قۇلىقى كېسىۋېتىلگەن، ئاتلارنىڭ قۇلىقىدىن قان ئېقىپ تۇرىدۇ.

ئوسمان قازى: ئۇ نامەردنىڭ قۇلاق، بۇرنىنى كېسىپ تاشلايدىغان گەپتى.

ئەيسابەگ: ئۇلار كۆڭلىنى خوش ئېتىپ تۇرسۇن.

**120**

كېچە، چاتقال ئارىسى. گۇلخان.

خېنيا سايىت گۇلخان يېنىدا يانپاشلاپ ياتىدۇ.

مامۇت شەيخ بىلەن ھەمزە ھاسىراپ كېلىدۇ.

خېنيا سايىت ئورنىدا ئولتۇرىدۇ.

ھەمزە: چاتاق بولدى.

خېنيا سايىت: نەق گەپنى دە، ھېچقىسى يوق.

مامۇت شەيخ: قىلتاقتا چۈشۈپتۇق. ھەمزە، سولتەك قىلىۋەتكەن ئاتلار باشقىكەن. بىر مەرەز، ئون ئالتە يامبۇ بەرسەڭلا ئات بار يەرنى

كۆرستىپ بېرىمەن، دەيدۇ.

ھەمزە: ئاتنىڭ پېيىنى كېسىۋېتىپ كېلەمدىم يا؟

خېنيا سايىت: ئىپلاس مەخلۇق! چۈچۈتۈلگەن كەندىر يىپقا شۇر توپا ئېلىشتۇر.

## 121

كېچە، سۆگەتلىك مەھەللە.

سۆگەت تۈۋىدە بىر ئېرىق سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ.

7-8 ئادەم مەھەللىنى كۆزىتىپ پايلاپ يۈرىدۇ.

يانپېشىغا ماي قاپىقى ئاسقان ھەمزە چاتقال ئارىسىدىن مەھەللىنى كۆزىتىدۇ، توختاۋسىز ئايلىنىپ ھوشيار يۈرگەن ئادەملەرگە بىردەم قاراپ ئارقىسىغا يانىدۇ.

## 122

كېچە، يالغۇز مەھەللە.

ھەمزە ھويلا تېمىغا يامىشىپ چىقىدۇ.

## 123

كېچە، ھويلا.

ھەمزە تامدىن ھويلىغا سېيرىلىپ چۈشۈپ، سۇپىدا تۇرغان ئەسكى كىگىزنى كۆرىدۇ. ئەتراپقا قاراپ، تامدىكى قوزۇققا ئېسىلغان

ماي قاپقىنى ئېلىپ، قاپاقتىكى ماينى كىگىزگە تۆكىدۇ.

## 124

كېچە، سۆگەتلىك مەھەللە.

ئادەملەر مەھەللىنى ئايلىنىپ يۈرىدۇ. ھەمزە چاتقال ئارىسىدا پەيدا بولۇپ ئەتراپقا قارايدۇ.

## 125

كېچە، ئۆي ئىچى.

ئوقۇرغا باغلانغان سۈتتەك ئاق ئات بوغۇز يېمەكتە.

ئەيسابەگ، ئوسمان قازى، لېتىپ داموللام ئاتخانىغا كىرىدۇ. سىرتتىن غەۋغا ئاڭلىنىدۇ.

ئۇلار جىددىيلىشىپ تالاغا چىقىپ كېتىدۇ.

## 126

كېچە، مەھەللە سىرتى.

چاتقال ئارىسىدىن بىر ئوت شارچىسى مەھەللە تەرەپكە يۇگۇرۇپ كېلىدۇ.

ئادەملەر "جىن كەلدى" دەپ ھەر تەرەپكە قاچىدۇ.

ئوسمان قازى، لېتىپ داموللام كۆزىنى يۇمۇپ ئايەت ئوقۇيدۇ.

ئەيسابەگ قىلىچىنى چىقىرىپ كەينىگە يانىدۇ.

## 127

كېچە، ئاتخانا.

ئەيسابەگ ئاتخانىغا كىرىپ، ھەممە يەرنى كۆزىتىدۇ.

## 128

كېچە، سۆگەتلىك ئېرىق بويى.

ھەمزە دۈمبىسىدىكى كۆيۈۋاتقان كىگىزنى ئېرىققا تاشلايدۇ. ئوت ئېرىقتا ئاقىدۇ.

ھەمزە چاقچاقلا سۆگەتكە يامىشىپ چىقىپ، سۆگەت بادىرىسىنى ئېگىپ ئۆگزىگە چۈشۈۋالىدۇ.

## 129

كېچە، ئاتخانا.

ئەيسابەگ ئاتخانىنى ئاختۇرماقتا. سىرتتىن ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ.

"جىن ئېرىقتا ئېقىپ كەتتى. جىن ئېرىقتا ئېقىپ كەتتى".

ئۆگزە غىرىسلايدۇ.

ئەيسابەگ تورۇسقا قارايدۇ.

## 130

كېچە، ئۆگزە.

ئەيسابەگ باشچىلىقىدا نەيزە-قىلىچ تۇتقان 5 — 6 ئادەم ئۆگزىنگە چىقىپ شاخ-شۇمبا ئارىسىغا نەيزە-قىلىچ تىقىپ يانىدۇ.
ئەيسابەگ: پەسكە چۈشۈپ ئوبدان ھېزى بولۇڭلار.
ھەممىسى چۈشۈپ كېتىدۇ.
بىر يوغان ئەسكى سۆۋەتنىڭ ئۈستىدىكى كونا جۇۋا كۆتۈرۈلۈپ، ھەمزە ئۇنىڭ ئىچىدىن چىقىپ، ياندىكى تۇرخۇننىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

## 131

ئادەمسىز قاراڭغۇ ئۆي ئىچى، كونا مورا.
قاپقارا، قورقۇنچلۇق بولۇپ كەتكەن ھەمزە مورىدىن چىقىدۇ.

## 132

كېچە، ئادەمسىز ئاتخانا، ئات ئوقۇردا.
ھەمزە پەم بىلەن ئاتنىڭ يېنىغا كېلىپ ساغرىسىنى سىيلاپ بېرىدۇ.
ئاتقا خۇش يېقىپ قۇيرۇقىنى كۆتۈرىدۇ.
ھەمزە قوينىدىن پىلتىكىچ چىقىرىپ قاپاقتىكى ماي بىلەن ئاتنىڭ كۆتىنى مايلايدۇ.
قاپاقنى چېقىپ، دوغلايدىن بىر كاللەك ئېلىپ، خۇش يېقىپ تۇرغان ئاتنىڭ كۆتىدىن بارمىقى بىلەن كىرگۈزىۋېتىدۇ.
ئاياغ تىۋشى كېلىدۇ.

ھەمزە ئىشىكنىڭ كەينىدە تامغا چاپلىشىپ تۇرىۋالدى.
ئىشىك ئېچىلىپ قىلىچ تۇتقان بىر ياش بالا ئالدىغا ئىككى قەدەم مېڭىپ ئۆيگە شۇنداقلا بىر قاراپ قويۇپ چىقىپ كېتىدۇ.
ھەمزە ئوقۇرغا دەسسەپ تۆگىلۈككە يامىشىپ چىقىپ كېتىدۇ.

## 133

سىرت، كېچە. ھەمزە ئۆگزە تېمىدىن پەم بىلەن سىيرىلىپ ئېرىققا چۈشۈپ، سۇغا چۆكۈۋالدۇ.

## 134

كۈندۈز، دەريا.
ئىككى تەرەپتىن نەغمە-سۇناي ساداسى ئىچىدە ئىككىدىن ئاتلىق چىقىپ، دەريا ئىچىدە بىر-بىرىگە قاراپ ئات سېلىپ كېلىپ، يېقىن كەلگەندە توختاپ سالام قىلىشىدۇ. ئاۋاتتىن كۆك ئەلەم ئاسقان ئىسمائىل بەگ بىلەن سېرىق ساقال كۆك كۆز ھاپىز چەكەدى، يانتاقتىن خېنىيا سايىت بىلەن قىزىل ئەلەم ئاسقان مامۇت شەيخ بىر-بىرىگە ئۈنسىز تىكىلىشىدۇ.
ھەممىسى تەڭلا ئاتتىن چۈشىدۇ.
ئىسمائىل بەگ ۋە ئۇنىڭ ئېتىنى خېنىيا سايىت ئاختۇرۇپ تەكشۈرىدۇ.
مامۇت شەيخ ۋە ئۇنىڭ ئېتىنى ھاپىز چەكەدى ئاختۇرۇپ تەكشۈرىدۇ، خېنىيا سايىت ئىسمائىل بەگنىڭ چوماق، قىلىچ،

پىچىقنى ئېلىۋالىدۇ. ھاپىز چەكەدى مامۇت شەيخنىڭ قىلىچ، پىچاق، چومىقىنى ئېلىۋالىدۇ.

خېنىيا سايىت ئىسمائىل بەگنىڭ ئېتىغا چوڭقۇر ئېگىلىدۇ. ئات تۇمشۇقىنى كېرىپ چوڭ-چوڭ تىنىدۇ.

## 135

كۈندۈز، دەريا بويى.

ئىككى يۇرت يورغۇچىلىرى نۆۋەت بىلەن ئون مەرتەم يورغا تارتىدۇ.

ئىسمائىل بەگ باشچىلىقىدىكى ئۈچ يۈز ئاتلىق ئاۋات ئوغلاقچىلىرى بىلەن، مامۇت شەيخ باشچىلىقىدىكى ئۈچ يۈز ئاتلىق يانتاق ئوغلاقچىلىرى تېيىز، سۈزۈك تارامنىڭ ئىككى قىرغىقىدا بىر-بىرىگە قارشى سەپراس بولۇپ جەم تۇرىدۇ.

خېنىيا سايىت بىلەن ھاپىز چەكەدى ئوغلاقنىڭ ئىككى تەرىپىدىن تۇتۇپ، تارام سۈيىدە تەڭ قەدەملەر بىلەن مېڭىپ، دەل ئوتتۇرىدا ئىسمائىل بەگ بىلەن مامۇت شەيخنىڭ ئالدىدا توختايدۇ.

خېنىيا سايىت بىلەن ھاپىز چەكەدى بىر-بىرى بىلەن باش لىڭشىتىدۇ.

خېنىيا سايىت، ھاپىز چەكەدى: ئاللاھۇئەكبەر.

ئوغلاقنى تاشلايدۇ.

ئوغلاق سۈزۈك تارام سۈيىگە چۈشىدۇ.

ئىككى تەرەپ ئاللا تۇۋلاپ ئوغلاققا تاشلىنىدۇ. قالايمىقان ئۇرۇش-تىللاش، ئىرماش-چىرماش بولۇپ كېتىدۇ. ئىككى قىرغاقتا

ناغرا-سۇناي چېلىنىدۇ.

ئىككى يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئات ئۈستىدە قارىشىپ تۇرىشىدۇ.

ئوغلاق سېپىي بىردە بىر تەرەپكە، بىردە يەنە بىر تەرەپكە سۇرۇلۇپ ئات چېپىشىدۇ. بىردەم سۇ ئىچىدە بىردەم قۇرۇق توپىلىق تۇمان ئىچىدە كۆرۈنمەي قالىدۇ.

ئوغلاقچىلارنىڭ باش-كۆزىدىكى قامچا ئىزىدىن قانلار ئاقىدۇ.

سۇزۇك سۇلار لېيىيدۇ، ئاتلار قارا لايغا مىلىنىدۇ.

ئادەملەرنىڭ كىيىملىرى يىرتىلىپ، نەچچىسى تېز كېتىۋېتىپ موللاق ئاتىدۇ.

ئوغلاق يانتاقلىقنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ، قارا ئادەم ئوغلاقنى مامۇت شەيخكە بېرىدۇ.

مامۇت شەيخ ئېلىپ بولغىچە يەنە بىر ئادەم تارتىپ ئېلىپ، ئىسمائىل بەگكە بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن يەنە بىرسى تارتىۋالىدۇ.

## 136

كۇندۇز، زۆھرە خېنىمنىڭ ھۇجرىسى.

باخشى خوتۇن بوغۇلۇپ ئوڭدا يېتىپ سۆزلىمەكتە.

زۆھرە خېنىم بىرمۇنچە قىزلار بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرىدۇ.

باخشى خوتۇن: زۆھرە خېنىمغا دەريانىڭ ئۇ قېتىدىن خوتۇنى بار بىر ئادەم كۆيۈپ قاپتۇ. ھازىر تالاش ئۇستىدىكەن... ھە... ھە گەپ قىلە ... زۆھرە خېنىمنىڭ شۇ كىشىگە مەيلى باركەن، ھە... نىكاھ چۈشمەيدۇ، ئوچۇق ئەمەس، خېنىمنىڭ نىكاھى بەنت

قىلىنىۋېتىپتۇ. بىر پاقىغا ئوقۇپ كۆمۈۋېتىپتۇ.

زۆھـرە خـېنىم ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، يۈزىنى تۇتۇپ يىغلاپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ.

## 137

كۈندۈز، سۇسىز دەريا، ئوغلاقچىلار توپى.

قارا لايغا مىلەنگەن ئاتلار چاپماقتا، باش-كۆزى قانغا بويالغان ئادەملەر ۋارقىرىشىپ ئاتلارنى قامچىلىماقتا.

ئىسمائىل بەگ ئوغلاقنى ئېلىپ قاچماقتا.

ئاۋاتلىقلار ئۇنى قوغداپ، ئەتراپىدىكى يانتاقلىقنى قامچىلاپ، يېقىن يولاتماي ماڭماقتا.

مامۇت شەيخ ئاغزىغا زىقچا چىشلىگەن. غالجىرلىق بىلەن قـوغـلـىـمـاقـتـا. ئـۆزىنىڭ ئېتىنىمۇ، ھەمراھلىرىنىڭ ئېتىنىمۇ قـامچىلىماقتا، يانتاقلىقلاردىن، ئاۋاتلىقلار چەمبەر ئىچىگە ئېلىپ قېچىۋاتقان ئىسمائىل بەگكە يېقىنلاشقىنى ئاۋات توپىغا بۆسۈپ كىرگىلى ئۇرۇنماقتا.

يانتاقلىقلار، ئىسمائىل بەگنى سىپىلدەك ئوراپ قېچىۋاتقان ئاۋات توپىغا ھەر تەرەپتىن بۆسۈپ كىرىشكە ئۇرىنىدۇ، كىرەلمەيدۇ.

مامۇت شەيخ ئاغزىدىكى زىقچىنى ئاتنىڭ دولىسىدىكى يېغىرغا سانچىيدۇ، ئات قاتتىق كىشنەپ توپقا ئۆزىنى ئۇرىدۇ. بىرقانچە ئاتلىق، ئات بىلەن يۇرلىشىپ چۈشىدۇ.

يىقىلغان ئادەملەر توپا-چاڭ ئات ئايىقىدا نالە-پەرياد چېكىدۇ.

ســانــاقسىز قامچا مامۇت شەيخنىڭ باش-كۆزىگە تېگىدۇ.

كىيىملىرىنى تىتىۋېتىدۇ، ئاتلار سۇغا كىرىپ قالىدۇ، مامۇت شەيخ تەستە ئىسمائىل بەگكە يېقىنلىشىۋالىدۇ.

ئىسمائىل بەگنىڭ كۆزلىرى غەزەپتىن پورۇلداپ كېتىدۇ. ئۇنىڭمۇ ئاغزىدا زىققە چىشلەكلىك.

مامۇت شەيخ ساناقسىز قامچا ئارىسىدا قىزىل قانغا بويالغان قولى بىلەن ئوغلاقنى ئېگىشىپ بىر پۇتىدىن تۇتىۋالىدۇ.

ئىسمائىل بەگ ئۆتكۈر مىقلىق ئۆتىكى بىلەن مامۇت شەيخنىڭ بېقىن يوتىسىغا تاپاندايدۇ. تاپىنى تېيىلىپ كېتىدۇ.

مامۇت شەيخ ئوغلاقنى كۈچەپ تارتىدۇ كۈچى يەتمەيدۇ. ئۇستىلەپ تېگىشىۋاتقان قامچىدىن قوللىرى تىتىلىپ تىترەپ، ئاجىزلاپ، ئاجراپ كېتەي دەپ قالىدۇ.

قانلىق يەنە بىر قول شەيخكە بولۇشۇپ تارتىدۇ.

شەيخ قانغا بويالغان ھەمزىنىڭ چىرايىنى كۆرىدۇ.

ئىككىسى تارتىپمۇ ئىسمائىل بەگكە كۈچى يەتمەيدۇ.

ھەمزە ئاتتىن سەكرەپ چىقىپ ئىسمائىل بەگكە كاللا قويۇپ، ئۆزى ئات ئايغىغا يىقىلىپ غايىب بولىدۇ.

ئىسمائىل بەگنىڭ بۇرنى مىجىلىپ ئوقتەك قان كېتىدۇ.

ئىسمائىل بەگ بىر قولىدا بۇرنىنى تۇتىدۇ.

مامۇت شەيخ ئىسمائىل بەگنىڭ قولىغا تاپان باسىدۇ. ئۆتكۈر مىقلار ئىسمائىل بەگنىڭ قولىنىڭ دۈمبىسىگە قادىلىدۇ.

ئىسمائىل بەگنىڭ بارماقلىرى قان ئىچىدە بوشايدۇ.

مامۇت شەيخ ئوغلاقنى تارتىپ ئېلىپ، چاتراقلاپ دۈم يېتىۋالىدۇ.

ساناقسىز پەشۋا قامچا ئۇنىڭ ھەر تەرىپىگە تېگىدۇ.

بىر قانچە ئادەم ئۇنىڭغا كاللا قويۇش ئۇچۇن ئۇچۇپ سەكرەپ ئات ئايىغىغا چۇشۇپ كېتىدۇ.

بىرقانچە قانلىق قوللار شەيخكە ئىلىنىدۇ.

ئىسمائىل بەگنىڭ قانلىق قولى ئوغلاقنى تۇتىدۇ، چىڭ تۇتالماي ئاجراپ كېتىدۇ، مامۇت شەيخ دۇم يېتىقلىق هالدا ئاغزىدىكى زىقچىنى تەستە قولىغا ئېلىپ، ئاتنىڭ دولىسىدىكى يېغىرغا پۇتۇن كۇچى بىلەن پاتۇرىدۇ.

زىقچە بارغانچە چوڭقۇر پاتىدۇ، ئات قاتتىق كىشنەپ، سوزۇلۇپ، هەممىنى بۆسۇپ، ئادەملەرنىڭ باش ئۇستىدىن ئۇچۇپ ئۆتىدۇ. ئادەملەر هەر تەرەپكە قاچىدۇ، يىقىلىدۇ.

مامۇت شەيخ ئادەملەرنىڭ قاماللىغان قولىدىن ئاجرايدۇ. يىقىلغىنى يانتۇ بولۇپ يەنە تۇزلىنىۋالىدۇ.

قامچا پەشۋالار ئازلاپ يوقىلىدۇ.

## 138

كۇندۇز، چىملىق دالا.

مامۇت شەيخ قاچماقتا.

ئىسمائىل بەگ شىددەت بىلەن قوغلاپ كەلمەكتە. كەينىدىن بىرقانچە ئاتلىقلار قوغلايدۇ.

## 139

كۇندۇز، قۇمۇش يانتاق باسقان دۆڭلۇك. مامۇت شەيخ

قاچماقتا.

ئىسمائىل بەگ يالغۇز قوغلىماقتا.

### 140

كۇندۇز، قۇملۇق.

مامۇت شەيخنىڭ ئېتى ئېگىز قۇمغا پاتىدۇ.

### 141

كۇندۇز، قۇملۇق.

بىر قارا ئاتلىق قۇمغا يامىشىدۇ.

قۇمغا كۆمۈلۈپ ياتقان ئىسمائىل بەگ بىر سەكرەپ، ئاتلىققا يامىشىپ كاللا قويۇپ يىقىتىۋېتىپ، ئۆزى ئاتقا مىنىپ چېپىپ كېتىدۇ.

### 142

كۇندۇز، توغراقلىق.

مامۇت شەيخ قېچىپ كېتىدۇ.

ئىسمائىل بەگ جان-جەھلى بىلەن ئاتقا قامچا سېلىپ قوغلايدۇ.

### 143

كۇندۇز، مامۇت شەيخنىڭ مەھەللىسى.

قانغا بويۇلۇپ، ھالىدىن كەتكەن مامۇت شەيخ ئاتلىق كېلىپ

ئوغلاقنى ئۆگزىگە ئاتىدۇ.
ئوغلاق ئۆگزىگە يەتمەي تام تۈۋىگە چۈشۈپ كېتىدۇ.
مامۇت شەيخ ھالسىزلىنىپ يەرگە يىقىلىدۇ.

## 144

كۇندۇز، زۆھرە خېنىمنىڭ ھۇجرىسى.
زۆھرە خېنىم دۈم يېتىپ يىغلىماقتا.
دېدەك قىز يۈگۈرۈپ كىرىدۇ.
دېدەك قىز: خېنىم، خېنىم مۇرادىڭىز ھاسىل بولدى، ئوغلاقنى ياناتالماي مامۇت شەيخ ئەپ قېچىپتۇ.
زۆھرە خېنىم دېدەك قىزنىڭ بېشىغا كۈمۈش تەڭگە چاچىدۇ.

## 145

كۇندۇز، مامۇت شەيخنىڭ ھويلىسى.
ھالسىزلانغان مامۇت شەيخ ئوغلاقنى قولتۇقلاپ شوتا بىلەن ئۆگزىگە يامىشىدۇ. شوتىنىڭ ئاخىرقى بالدىقىدىن پۇتىنى ئۆگزىگە ئالالماي ئۆگزە لېۋىگە دۈم يىقىلىدۇ.
ئىسمائىل بەگ ئات بىلەن ھويلىغا كىرىپ، ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۆگزىگە قاراپ قالىدۇ.
ئىسمائىل بەگ: سەن... سەن ئۇتتۇڭ، مامۇت شەيخ بەختلىك ياشا.
ئىــسمائىل بەگ ئۆتۈكىنىڭ قونچىسىدىن بىر خەنجەرنى چىقىرىپ ئۆز قورسىقىغا تىقىدۇ.

يىقىلىدۇ.

ئۇنىڭ كۆزى ئوچۇق قالىدۇ.

ئـۆگزىدە مامۇت شەيخ كۆزلىرى يۇمۇلغان ھالدا ئوغلاق يېنىدا ياتىدۇ.

## 146

كۈندۈز مامۇت شەيخنىڭ ھۇجرىسى.

مامۇت شەيخ يېڭى تونى ئۈستىدىن يېشىل بەلۋاغ باغلىماقتا.

ئۆيگە قولى بوينىغا ئېسىلغان ھەمزە كىرىدۇ.

ھەمزە: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

مامۇت شەيخ: ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

ئىككىسى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدۇ.

ھــەمــزە: تويـنى ئەتە قىلامدۇق، بىر قوللۇق بولغىنىم بىلەن مەشرەپتە ئاۋاتلىقنى يېڭىمەن.

مامۇت شەيخ: ئەھۋالىڭ ئوبدانمۇ؟

ھەمزە: ئىچىمدە ئازراق سانجىق بار، ئەمما تويۇڭنى قىزىتالايمەن.

مامۇت شەيخ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارايدۇ.

مامۇت شەيخ: ياق ھەمزە، سەن تويۇمدا بولالمايسەن. سىلەر كېتىڭلار.

ھەمزە تاتىرىپ كېتىدۇ.

ئىككىسى بىر-بىرىگە ئۇزاق تىكىلىدۇ.

مامۇت شەيخ: مەن سەندىن رازى ھەمزە. سەن يوشۇردۇڭ، مەن ھەممىنى بىلدىم. مېنىڭ جان جېگەر دوستۇمسەن، مەن ئۇچۇن جېنىڭنى ئايىمىدىڭ، ئەمما بىز بۇنىڭدىن كېيىن بىر يەردە ياشىيالمايمىز.

مامۇت شەيخ ھەمزىگە كەينىنى قىلىۋالىدۇ.
مامۇت شەيخ: بۇنىڭغا ھەر ئىككىمىز چىدايمىز. مەن ئۇنى تالاق قىلىۋەتتىم.
ھەمزە: مەن... ...
مامۇت شەيخ: سەن گەپ قىلما، سەن گېپىمنى ئاڭلا، ھەمزە، سېنى تۈزكور دېمەيمەن، قىيامەتلىك رازىمەن، سىلەر مەن بىلمەيدىغان، ئاڭلىمىغان يىراق يەرلەرگە كېتىڭلار. چۈنكى سېنىڭ مەندىن بۆلەك يېقىن ئادىمىڭ يوق. ئەمما بىز بىر يەردە ياشىيالمايمىز. بىزنى خەقلەر بىر يەردە دوست قىلىپ ياشاتمايدۇ، بىر-بىرىمىزنى ئۆلتۈرگۈزىدۇ. ئۇنىڭغا ئۆمۈر بويى يەتكۈدەك بەردىم.
مامۇت شەيخ بىر قىل خۇرجۇننى ھەمزىنىڭ مۈرىسىگە سېلىپ قويىدۇ.
مامۇت شەيخ: بۇ نەرسىلەر ئۆمرۈڭلەرگە يېتىپ ئاشىدۇ.
ھەمزە: ياق... ياق...
مامۇت شەيخ: ياق دېمە ھەمزە، كۆڭۈلنى باغلاپ ياكى قەپەزگە سولاپ قويغىلى بولمايدۇ. مېنىمۇ، ئۆزۈڭنىمۇ، ئۇنىمۇ قىينىما. بۇ تۆت كۆڭۈلۈك ئالەمدە بىز دوستلار بىر-بىرىمىزنىڭ جېنىغا پاتاڭ سالماي ياشايلى. سىلەر ھازىر كېتىڭلار. ئۇ سېنى ساقلاپ تۇرىۋاتىدۇ. ساڭا ئاتىمۇ تۇقۇپ تەييارلاپ قويدۇم. كەل بىز قۇچاقلىشىپ خوشلىشايلى، تاكى قىيامەتكىچە مامۇت شەيخ بىلەن ھەمزە قۇچاقلىشىدۇ. مەن سېنى دەرۋازىغا ئۇزىتىپ چىقالمايمەن، مەندىن خاپا بولما، ئۇنى تاشلىما، ئۇ ياخشى ئەرگە خوتۇن بولۇشقا يارايدىغان ئاق كۆڭۈل ئايال.

**147**

كۈندۈز، مامۇت شەيخنىڭ ھويلىسى.

ھەمزە قارا ئاتقا مىندۈ ۋە شەيخ بىلەن يەنە بىر قارىشىپ دەرۋازىدىن چىقىدۇ.

## 148

كۈندۈز، دەرۋازا ئالدىدىكى يول دوقمۇشى.
ئاق ئاتقا مىنگەن قەمبەرنىساخان چېھرىدىن نۇر ياغقان ھالدا قاراپ تۇرىدۇ.
ھەمزە ئارقىسىغا، دەرۋازىغا قاراپ ئېتىغا قامچا سالىدۇ.
بىر جۈپ ئاتلىق چېپىپ كېتىدۇ.

## 149

كۈندۈز، ئۆگزە.
مامۇت شەيخ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالىدۇ.
كۆزىدە ياش پەيدا بولىدۇ.

## 150

قىزىل قۇياش بالقىغان قۇملۇق. ھەمزە بىلەن قەمبەرنىساخان قۇملۇقتا قۇياشقا قاراپ ئات چاپتۇرۇپ كېتىدۇ.
بىر جۈپ ئاتلىق كىچىكلەپ ”تۈگىدى“ دېگەن خەتكە ئايلىنىدۇ.

1990-يىلى 13-ئۆكتەبىر، مەكىت.

# يۇرتىغا قايتقان ستودېنت

## 1

كەچ، ھەر خىل زىننەت چىراغلىرى يېنىپ تۇرماقتا.

دەرۋازا بېشىدىكى ”يېڭى خىزمەت ئورنۇڭلارغا بېرىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز!“ دېگەن چوڭ خەتلىك لوزۇنكا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.

دەرۋازىدىن مەخەت (26 ياش) بىلەن 22—23 ياشلار چامىسىدىكى گۈزەل ھۆسۈنلۈك مەرھابا بىر-بىرىگە يېقىن ياندىشىپ، ئۈن-تىنسىز مېڭىپ چىقىدۇ.

دەرۋازىنىڭ يان تەرىپىدە ”شىنجاڭ مىدىتسىنا ئىنستىتۇتى“ دېگەن ۋىۋىسكا كۆرۈنىدۇ.

مەخەت ئىزىدا توختاپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ دەرۋازا بېشىدىكى لوزۇنكىغا چوڭقۇر ھاياجان ئىلكىدە تىكىلىدۇ. مەرھابا توختىماستىن كېتىۋېرىدۇ.

## 2

كەچ، قاپاق چىراغ ئەتراپىنى ئاپئاق يورۇتۇپ تۇرىدۇ.

چەمبەر شەكىللىك گۈلزارلىق ئىچىدە بىر جۈپ تۆگقۇش ھەيكىلىنىڭ

ئاغزىدىن توختاۋسىز ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۈزۈك سۇ پورەكلەپ ئېچىلغان ھەر خىل گۈللەر ئۈستىگە مەرۋايىتتەك چېچىلماقتا.

مەخەت بىلەن مەرھابا فونتانغا ئۈن-تىنسىز قارىشىپ تۇرۇشتى. ئېكراندا بىر تال ھەشقىپىچەك بەرگىسى چىمەنلىك ئۈستىگە لەپىلدەپ چۈشتى، مارجاندەك لىغىرلاپ تۇرغان بىر تامچە سۇ گۈل بەرگىسى ئۈستىدە ئېنىق ئەكس ئېتتى. كېيىن كۆرۈنۈش ئاستا-ئاستا غۇۋالىشىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مەرھابانىڭ گۈل بەرگىسىدەك قىزىل مەڭزىدە لىغىرلاپ تۇرغان تامچە ياش كۆرۈندى.

مەخەت مەرھابانىڭ مەڭزىدىكى ياشنى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئاستا سۈرتتى. مەرھابا نازۇك قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ قوللىرى ئۈستىدىن تۇتۇپ مەڭزىگە باستى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ياش قۇيۇلدى. مەخەت ھەسرەت بىلەن ئۇھ تارتىپ سۆزلەيدۇ:

— قەدىرلىكىم، بارغاندىن كېيىن خەت يېزىڭ، بىر-بىرىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرلىشىپ تۇرايلى.

— نېمىدەپ يازىمەن، ئەمدى يازغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ يازغۇدەك گەپمۇ تاپالماسلىقىم مۇمكىن، — دەيدۇ مەرھابا.

— ھېچ بولمىغاندا ئالتە يىللىق ساۋاقداشلىق يۈزىسىدىن بولسىمۇ خەت يېزىشارمىز. ئەگەر مېنىڭ يۇرتۇمغا سىزنىڭ بېرىشىڭىزغا ۋە ياكى سىزنىڭ يۇرتىڭىزغا مېنىڭ بېرىشىمغا مۇمكىن بولغان بولسا، مۇھەببىتىمىز مۇنداق خۇلاسىلانمىغان بولاتتى. مەن بىرلا ئوغۇل، سىزمۇ بىرلا قىز بولۇپ قاپسىز. شۇڭا ھەر ئىككىمىز ئاتا-ئانىمىزدىن ئايرىلالمايدىكەنمىز.

— بولدى سۆزلىمەڭ! — دەيدۇ مەرھابا ۋە ئۆزىنى مەخەتنىڭ قۇچىقىغا تاشلاپ يىغلاپ كېتىدۇ.

## 3

ئەتىگەن.

ئاپتوبۇس بېكىتى. يولۇچىلار ئالدىراش ئاپتوبۇسقا چىقىشماقتا.

ئــوقــۇش پــۈتــتۈرگەن بىر توپ قىز-ئوغۇل ئوقۇغۇچى 47—48 ياشلاردىكى بىر كىشى بىلەن ئېھتىرام ئىچىدە قول ئېلىشىدۇ، ھەممىسىنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىدۇ. مەخەت ھېلىقى پېشقەدەم كىشىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ:

— خوش، مۇئەللىم. ئالدىلىرىدىن توغرا ئۆتۈپ، كۆڭۈللىرىنى كۆپ رەنــجــىتكەن بولسامۇ رازى بولسىلا ... — ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار ئىختىيارسىز يامغۇردەك تۆكۈلىدۇ، ھەم گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالىدۇ.

مۇئەللىمنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ ياش ئەگىدۇ، ئۇ زورىغا كۈلۈمسىرەپ، مەخەتنىڭ ئېتلمەي قالغان چاپىنىنىڭ بىر تال تۈگمىسىنى ئېتىپ قويىدۇ.

— ياخشى يىگىت، ئانا مەكتىپىڭدە قېلىپ، ئۇستازلىرىڭنىڭ ئىزىنى باسقىن دېسە يۇرتۇڭغا چىدىماي قالدىڭ. بوپتۇ، بارغىن. ئۆگەنگەنلىرىڭنى ئەمەلىيەت جەريانىدا ئوبدان ئىشلەت! بىر مۇنازىرىچىمدىن ئايرىلىدىغان بــولــدۇم. شــۇنــداقــتــىــمۇ قانداق مەسىلىگە يولۇقساڭ خەت ئارقىلىق مۇنازىرىلىشىمىز... ، — دەيدۇ مۇئەللىم.

مەخەت مۇئەللىم بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلىشىپ، ئاپتوبۇسقا چىقىشقا ماڭىدۇ. كۆزى ئاپتوبۇس يېنىدا ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان مەرھاباغا چۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئىتتىك بارىدۇ.

— ۋوي، سىز نېمىشقا ماڭمىدىڭىز، سىلەرنىڭ ئاپتوبۇس ئاللىقاچان مېڭىپ بولدىغۇ؟ — دەيدۇ مەخەت.

— سىزنى يولغا سېلىۋېتىپ ئاندىن ماڭىمەن!...

مەرھابانىڭ قىزىرىپ ئىششىغان كۆزلىرىدىن يەنە ياش ئەگىيدۇ.

— رەھمەت سىزگە! سالامەتلىكىڭىزنى ئوبدان ئاسراڭ، ئائىلىڭىزدىكىلەرگە مەندىن سالام دەڭ!

— خەير-خوش، سالامەت بولۇڭ، ئاق يوللۇق بولۇڭ!

مەخەت ئاپتوبۇسقا چىقىپ، 24 ياشلىق قىز ساۋاقدىشى نۇربىيەنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدۇ. نۇربىيە ھەسەت قىلغاندەك تاتىرىپ، ئۆن-تىنىسىز ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە تۈۋىنى مەخەتكە بېرىدۇ. مەخەت دېرىزىدىن قولىنى پۇلاڭلىتىدۇ. ئاپتوبۇس قوزغىلىدۇ. سۈس تۇمان كۆتۈرۈلىدۇ.

مۇئەللىم، مەرھابا ۋە باشقا قىز-ئوغۇل ساۋاقداشلار قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ قالىدۇ.

## 4

كۈندۈز، ئاپتوبۇس ماڭماقتا.

ئاپتوبۇس ھەيۋەتلىك ئارغى بۇلاق تاغلىرىنىڭ خەتەرلىك ئايلانمىلىرىدىن ئەگىپ ئۆتمەكتە. ئاپتوبۇس ئىچىدە مەخەت چوڭقۇر خيالغا غەرق بولۇپ ئولتۇرىدۇ. نۇربىيە ئۇنىڭ خىيالچان كۆزلىرىگە قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ:

— ھىم، ئەجەبمۇ ئويلاپ كەتتىڭىز!! بولدى قىلىڭ، كاللىڭىز ئېلىشىپ كەتكەندۇ!؟ — دەيدۇ.

مەخەت ئاستا بۇرۇلۇپ نۇربىيەگە قارايدۇ.

— نۇربىيە، سىزمۇ ئابلىمىتتىن ئايرىلغان بولسىڭىز مەندىنمۇ بەتتەررەك خيالغا چۆكۈپ قالغان بولاتتىڭىز؟! — دەيدۇ.

— ۋايبەي، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسام خيالىمغىمۇ كېلىپ قويمايدۇ.

ھەممە ئادەم سىز ئەمەس. ئېيتىڭا، ھازىر كاللىڭىز ئىلىشىپ، نەگە كېتىپ بارغىنىڭىزنىمۇ بىلمەيسىز، نەگە كېتىپ بارىمىز؟ — دەپ سورايدۇ نۇربىيە.

مەخەت نۇربىيەنىڭ شوخلۇق چىقىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ، غەمكىن كۈلۈپ:

— يۇرتىمىزغا، ئاتا-ئانىمىز يېنىغا،— دەيدۇ.

شۇئان كۆرۈنۈش توختاپ «يۇرتىغا قايتقان ستۇدېنت» دېگەن كىنو ئىسمى چىقىدۇ. ئاپتوبۇس كەڭرى سايلىقنىڭ ئاسفالت يولىدا ئۇچقاندەك ماڭىدۇ. بۇ كۆرۈنۈش ئۈستىگە كىنو ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئىسمىلىكى چىقىدۇ.

## 5

كۈندۈز، چۈشتىن كېيىن.

ئاپتوبۇس ساي يولىدا ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە. مەخەت چوڭقۇر خىيال ئىچىدە ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدىكى سۆز: ”ھەي ھايات، ھايات سەن كارامەت نەرسىكەنسەن، بىچارە مەرھابا... مەن ئۇنىڭ بىلەن نېمىشقىمۇ مۇھەببەتلىشىپ قالغاندىمەن؟!“

## 6

ئەسلىمە.

كېچە، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسىنىڭ كارىدورى. قولتۇقلىرىغا كىتاب-ماتېرىياللىرىنى قىستۇرۇۋېلىشقان قىز-ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىدىغان پەلەمپەيدىن چىقىپ-چۈشۈپ تۇرىدۇ. مەرھابا كىتاب قولتۇقلىغان ھالدا پەلەمپەيدىن چۈشمەكتە. تۇيۇقسىز چىراغ نۇرى چۈشمەي

قالغان بۇلۇڭدىن بىر ئوغرى مۈشۈك ”شارت“ قىلىپ ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. قاتتىق قورقۇپ كەتكەن مەرھابا ”ۋاي!“ دەپلا ھودۇقۇپ يىقىلىپ، پەلەمپەيدىن پەسكە دومىلاپ كېتىدۇ. شۇ چاغدا پۈتۈن زېھنى بىلەن كىتاب ئوقۇپ كېلىۋاتقان مەخەت پەيدا بولىدۇ. ئۇ، ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، پەلەمپەيگە يۈگۈرۈپ كېلىپ، پەلەمپەينىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا تۈگۈلۈپ دۈم ياتقان مەرھابانى كۆرۈپ، دەرھال يېنىغا بېرىپ ئۇنى يۆلەيدۇ. قىزنىڭ پېشانىسىدىن قان ئاقىدۇ. مەخەت چۆچۈپ كېتىدۇ.

— مەرھابا!... مەرھابا!... نېمە بولدىڭىز؟ — دەيدۇ.

مەخەت قول ياغلىقىنى چىقىرىپ قىزنىڭ پېشانىسىنى چىڭ تېڭىپ قويىدۇ. قىز بىردىن كۆزىنى ئېچىپ ”ۋايجان“ دەپلا مەخەتكە چىڭ يېپىشىۋالىدۇ.

— نېمە، نېمە ئىش بولدى؟ — مەخەت ئەندىكىپ سورايدۇ.

— ئىشە... مىشەدە بىر نەرسە قورقىتىۋەتتى. ۋايىيەي، يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى، — دەيدۇ مەرھابا ھاسىراپ.

مەخەت كۈلۈپ سالىدۇ.

— ئوغرى مۈشۈك قورقۇتىۋېتىپتۇ. يىقىندىن بېرى بىر ئوغرى مۈشۈك پەيدا بولۇپ قالدى. راستىنلا قورقۇپ كېتىپسىز. يۈرىكىڭىز مەيدەمگە بولقىدەك تېگىۋاتىدۇ، — دەيدۇ مەخەت كۈلكە ئارىلاش.

— ۋوي! — مەرھابا ئىزا تارتىپ، مەخەتنى دەرھال قويۇۋېتىپ ئۆزىنى تۈزىۋالىدۇ. مەخەت قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ. مەرھابا دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، دومسىيىپ پەلەمپەيدىن ئۈستۈنگە چىقىپ كېتىدۇ.

— ۋوي، خاپا بولماڭ مەرھابا! توختاڭ! راست، كۆكسىڭىزگە سۇ پۈركىۋالسىڭىز يۈرىكىڭىز توختايدۇ، — دەيدۇ مەخەت قىزنىڭ ئارقىسىدىن.

قىزدىن جاۋاب چىقمايدۇ، مەخەت يەنە كۈلۈپ كېتىدۇ.

— نازۇك قىزدە، — دەپ قويىدۇ، ئۆز-ئۆزىگە. ئەسلىمە تولەيدۇ.

## 7

ئاپتوبۇستا كۆلۈپ ئولتۇرغان مەخەت. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان نۇرىيە مەخەتنىڭ خىيالچان كۆلكىسىگە قاراپ، تۇمشۇقىنى ئۇشلايدۇ.

— ھــىم، شېرىن چاغلىرىڭلار ئېسىڭىزگە چۈشۈپ قالدى-دە، — دەيدۇ.

مــەخــەت خــىجــىللىق ئارىلاش كۆلۈپ قويىدۇ. ئۇمۇ نۇرىيەنى سوقۇۋېلىش نىيىتىدە:

— نېمە ھەسەت قىلىسىز، سىزمۇ ئابلىمىت بىلەن بولغان شېرىن كۈنلىرىڭىزنى ئەسلىمەمسىز؟ ئاشۇنداق شېرىن خىيال سۇرمىسە، بۇ يوللارنى قانداق تولەتكىلى بولىدۇ؟ — دەيدۇ.

نۇرىيە ھەسرەت چەككەن ھالدا:

— ھىم، ئابلىمىت، ئابلىمىت دەۋېرىسىز، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان كۈنۈمنىڭ ئەسلىگۈچىلىكى يوق. ئۇ سىزدەك ئاق كۆڭۈل يىگىتلەردىن ئەمەس. مەن ئۇنى كېيىن چۈشەندىم. بىر يۇرتلۇق بولغىنىمىز يۈزىسىدىن باردى-كەلدى جەريانىدا باغلىنىپ قاپتىكەنمىز. ئېسىت، ئۇ يەنە بىر يىل ئــوقۇيدۇ تېخى. بىر يىلــغىچە ئۇ قانــچىلىك ئۆزگــىرىدۇ، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، — دەيدۇ.

## 8

مەلۇم تانسخانا. لەرزان ۋالىس مۇزىكىسى ياڭرىماقتا. رەڭگارەڭ زىننەت

چىراغلىرى ۋاللىداپ كۆزنى قاماشتۇرىدۇ. ھەر خىل كىيىنگەن جۈپ-جۈپ قىز يىگىتلەر ۋالىس ئوينىماقتا.

چـاچـلــىرىـنى پارقىرىتىپ مايلاپ، پوكۇس چىقىرىپ تارىۋالغان، كــاستۇم-بۇرۇلكا كىيگەن، كىچىك قىرقىما بۇرۇت قويىۋالغان 24—25 ياشلاردىكى ئابلىمىت زىلۋا بوي 21—22 ياشلاردىكى پەرىيە بىلەن ۋالىس ئوينىماقتا. قىز نازلىنىپ:

— شـۇنـداق قـىلـىــپ ھېلىقى بىر يۇرتلۇق، ئۆچكە تۇمشۇق سۆيگىنىڭىزنى يولغا سېلىپ قويدۇم، دەڭ، — دەيدۇ.

ئابلىمىت، قىزنىڭ خۇمالىق كۆزىگە تىكىلىپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

— سۆيۈملۈكۈم، ئەمدى بەھۇزۇر ئوينايدىغان چاغلىرىمىز كەلدى. ئەمدى بىزگە كۆز سالىدىغان چېكەتكىدىن قۇتۇلدۇق، — دەيدۇ.

ھەر ئىككىسى خىرىلدىشىپ كۈلۈشۈپ كېتىدۇ. ئابلىمىت قىزغا ئاغزىنى يېقىن ئەكىلىدۇ. قىز بېشىنى نازلىق بىلەن ئەپقاچىدۇ.

— ھە دېسىلا مۇشۇنداق قىلىشقا ئامراقكەنسىز. ئوقۇش پۈتتۈرگەندە ئــۈرۈمــچــىــدە قېلىشقا ھۆججەت بەرمەيدىكەنسىز بۇندىن كېيىن پەقەت كۆنمەيمەن، — دەيدۇ قىز.

ئابلىمىت كۈلۈپ، قىزنى ئۆزىگە تارتىپ:

— قەدىرلىكىم، قانچە قېتىم ۋەدە بەرگەنلىكىمنى ساناپ بولالامسىز؟ قــالــمــەن دېگەندىكىن قالىمەن. فاكۇلتېت مۇدىرى بىلەن ئاللىقاچان پۈتۈشۈپ قويدۇم. ئۇ ئەپقېلىشقا ۋەدە بەردى، — دەيدۇ.

— ھە، راستما؟ — پەرىيەنىڭ كۆزلىرى ئويناپ كېتىدۇ. ئابلىمىت بــاش لىڭشىتقان ھالدا يەنە ئاغزىنى يېقىن ئەكېلىدۇ. قىز يەنە ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.

— بىراق ئۇ سىزنى كۈتۈپ تۇرسا، — دەيدۇ پەرىيە.

— ھىم، خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇ ئاللىقاچان مەندىن ئۈمىدسىزلەنگەن. چۈنكى ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى بىلىپ قاپتۇ. ”خوش“ دەپ قوياي دەپ ياتىقىغا كىرسەم: ”ئۆز يولۇڭغا مېڭىۋەرگىن، ماڭا خوش دەپ قويۇشۇڭنىڭ ھاجىتى قالمىدى“ دېۋىدى، بېشىم ئاسمانغا تاقاشقۇدەك بولۇپ قايتىپ چىقتۇالدىم. ھى، ھى، ھى... ، — دەپ سەت كۈلدۇ ئابلىمىت.

پەرىيەمۇ ئابلىمىت بىلەن تەڭ بەخت تۇيغۇسى ئىچىدە كۈلدۇ. ئىككى ئېغىز بىر-بىرىگە يېقىنلىشىدۇ.

## 9

كۈندۈز، ئاپتوبۇس ئىچى. نۇرىيەنىڭ كۆزىدىن ياش ئەگىيدۇ. مەخەت نۇرىيەگە ئېچىنغان ھالدا:

— شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭدىن ئۈمىدىمنى ئۈزدۈم دەڭ، — دەيدۇ.

نۇرىيە ھەسرەتلىك باش لىڭشىتىدۇ. مەخەت چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدۇ.

— مۇھەببەت دېگەن زادى ياخشى نەرسە ئەمەسكەن. بىكاردىن بىكار بىرمۇنچە ئوتنى يۈرىكىڭگە يېقىۋېلىپ، ساق يۈرەكنى پۇچىلىغاننىڭ پايدىسى يوق ئىكەن، — دەيدۇ مەخەت خۇرسىنىپ.

ھەر ئىككىسى جىمىپ قالىدۇ، مەخەت يەنە خىيال دەرياسىغا شۇڭغۇيدۇ.

ئەسلىمە.

## 10

كۈندۈز. چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى. سىنىپ ئىچىدە مەخەت يالغۇز

ئولتۇرۇپ پۈتۈن زېھنى بىلەن چوڭ مۇقاۋىلىق كىتابتىن بىر نەرسىلەرنى خاتىرىسىگە كۆچۈرمەكتە. ئۇنىڭ پارتىسىنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئاللىقاچان سوۋۇپ قالغان بىر قاچا لەگمەن تۇرىدۇ.

ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ، سىنىپقا مەرھابا كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ مەخەتنىڭ ماتېرىيال ئىچىگە چۆكۈپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، قاتتىق تەسىرلىنىپ ئىزىدا تۇرۇپ قالىدۇ. بىر مىنۇت قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، مەخەتنىڭ پارتىسىنىڭ يېنىغا ئاستا كېلىپ پاكىز يۇيۇپ قاتلانغان قول ياغلىقنى ئۇنىڭ پارتىسىغا قويۇپ ئارقىسىغا يانىدۇ. مەخەت ئۇنى تۇيمايدۇ. مەرھابا پەم بىلەن دەسسەپ ئارقىسىغا بۇرۇلىشىغا پۇتى باشقا بىر پارتىغا پۇتلىشىپ تاراقلاپ كېتىدۇ. مەخەت شۇئان بېشىنى كۆتۈرىدۇ.

— ۋوي، — دەيدۇ جىددىي قىياپەتتە.

مەرھابا ئوڭايسىزلىنىپ، خىجىل بولۇپ تۇرۇپ قالىدۇ.

— كەچۈرۈڭ مەخەت، جىمجىتلىقىڭىزنى بۇزۇپ قويدۇم. ھېلىقى ياغلىقىڭىزنى ئەكىرگەنىدىم، — دەيدۇ.

— قايسى ياغلىقنى؟ — ئەجەبلىنىپ سورايدۇ مەخەت. قىز ئىزا تارتىپ ھودۇقۇپ تۇرۇپ:

— ئۇنتۇپ قالدىڭىزما، ھېلىقى پېشانەمنى تېڭىپ قويغان ياغلىقىڭىزنىچۇ...، — دەيدۇ.

— ھە، ھا... ھا... ھا... ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. مەن تېخى...

— چۈشلۈك تاماقىڭىزنى يېمەپسىز-دە؟ — دەپ سورايدۇ مەرھابا.

— قانداق، يېمىگەندەك تۇرىمەنمۇ؟

— ئەنە تۇرمامدۇ؟

مەخەت قاچىدىكى سوۋۇپ قالغان ئاشنى كۆرۈپ بېشىنى تاتىلايدۇ.

— ماۋۇ دۆتلىكىمنى قارىمامسىز، تاماقنىمۇ يەپ بولغان ئېسىمدە بار،

مانا ھازىرلا قورسىقىمنىڭ بەك ئېچىپ كەتكەنلىكىنى سېزىۋاتىمەن.

— ئۇنچىلا ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويماڭ، ياخشى ئوزۇقلىنىش، ياخشى دەم ئېلىش بولمىسا، قانداق ياخشى ئۆگەنگىلى بولىدۇ؟

— توغرا، مەن ھازىرلا يەۋېتەي.

مەخەت سوۋۇپ قالغان لەگمەنگە چوكىنى سېلىپ كۆتۈرىدۇ. قېتىپ قالغان ئاش قاچىدىن بىراقلا كۆتۈرۈلىدۇ. مەرھابا قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىدۇ. مەخەتمۇ سەل خىجىللىق ئارىلاش كۈلىدۇ. مەرھابا:

— بولدى، بۇ ئاشنى يېمەيلا قويۇڭ، مەن سىزگە باشقا تاماق ئەكىرىپ بېرەي، — دەيدۇ ۋە مەخەتنىڭ قولىدىن قاچىنى ئالىدۇ.

مەخەت مەرھابانىڭ قاچىنى ئېلىشقا سۇنغان قولىنى تۇتۇۋالىدۇ.

— بولدى، ئاۋارە بولماڭ، يەۋېرەي، — دەيدۇ مەخەت.

— ياق، يېمەيسىز، ئەكېلىڭ قاچىنى، — دەيدۇ مەرھابا.

مەخەت چوڭقۇر ھۆرمەت نەزەرى بىلەن مەرھاباغا تىكىلىدۇ. مەرھابا لېۋىنى چىشلەپ يەرگە قارايدۇ.

— بوپتۇ، سىزنىڭ دېگىنىڭىزچە بولسۇن. تاماق ئەكىرمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، ئاشخانىغا چىقىپ يەي، ئىككىمىز بىرگە يەيلى، بولامدۇ؟ — دەپ سورايدۇ مەخەت.

— مەن تاماق يەپ بولغان، — دەيدۇ قىز خىجىل بولۇپ.

— يەپ بولغان بولسىڭىزمۇ، يەنە مەن بىلەن بىرگە ئازراق يېمەمسىز، ھېچبولمىسا ئامراق تامىقىڭىز — بېلىق شورپىسىدىن ئىچمەمسىز؟

— مېنىڭ بېلىق شورپىسىغا ئامراقلىقىمنى قانداق بىلىسىز؟ — دەپ سورايدۇ مەرھابا ئەجەبلىنىپ.

— مەن ئۇزۇندىن بېرى سىزنىڭ نېمىگە ئامراقلىقىڭىزنى بىلىشكە بەك تىرىشتىم. يۈرۈڭ!

هەر ئىككىسى كۈلۈشۈپ ئورنىدىن تۇردۇ.

## 11

كۈندۈز. مەخەت بىلەن مەرھابا مەكتەپ ئىشخانىسىغا بارىدىغان، پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەر بىلەن قاپلانغان يولدا ئاشخانىغا قاراپ ماڭىدۇ.

بۇرۇلۇشتىن يەنى مەكتەپ باغچىسى تەرەپتىن ئابلىمىت بىلەن نۇرىيە يېتىلىشىپ چىقىپ كېلىدۇ. ئۇلار مەخەت بىلەن مەرھابانى كۆرۈپ بىر-بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ، مىيىقىدا كۈلۈشىدۇ.

— ھە مەخەت، ئىشلار جايىدىغۇ، بىرسى بىلەن مۇھەببەت باغلا دېسە، پۇشۇلداپ يۈرەتتىڭ. مانا ئەمدى تازا تېپىشىپ قاپسىلەر، بىر-بىرىڭلارغا تازا بايتە، ھا... ھا، ھا ... — دەپ، قاقاقلاپ كۈلىدۇ ئابلىمىت.

مەخەت بىلەن مەرھابا ئوڭايسىزلىنىپ بىر-بىرىگە قىيا باقىدۇ.

— ئابلىمىت، تىلىڭنى چايناپ ساڭ قانداق؟ — مەخەت قىزىرىپ تۇرۇپ، كۈلگىنىچە ئابلىمىتتىن ئىلتىماس قىلىدۇ. ئابلىمىت تېخىمۇ كۈلۈپ كېتىدۇ. نۇرىيە يۈگۈرۈپ بېرىپ مەرھابانى قۇچاقلىۋالىدۇ ۋە:

— قارا سېنى، مەندىن يوشۇرۇپ، ئىزا تارتىپ، قىزارغىنىڭ نېمىسى؟ سىر ساقلاشقا يامانكەنسەن جۇمۇ! — دەيدۇ.

— نېمىنى سەندىن يوشۇرۇپتىمەن؟ — دەيدۇ مەرھابا ئوڭايسىزلىنىپ.

— مۇھەببىتىڭنىچۇ، كۆزۈڭ تازا ئۆتكۈركەن، بۇ قۇرغۇيىنى لاچىندەك سوقۇۋاپسەن. راست، مەن مەخەت بىلەن بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان، بىراق، ئۇ مېنى ياراتمايدۇ. بولمىسا... دەپ توختاپ قالىدۇ نۇرىيە.

بــۇ چاغدا مەخەت ئاللىقاچان ئۇلاردىن يىراقلاپ كېتىدۇ. مەرھابا خىجىل بولغىنىدىن نېمە قىلارىنى، نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالىدۇ.

ئــابلىمىت بىلەن نۇرىيە قاقاقلاپ كۈلۈشكىنىچە كېتىپ قېلىشىدۇ. مەرھابا يا ئارقىسىغا يانالماي، يا مەخەتنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشقا پېتىنالماي قىيىن ئەھۋالدا قالىدۇ. شۇ چاغدا مەخەت ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ:

— بۇ ئاغزى پەلەچلەرنىڭ تىلىدىن جاھاندىكى ھەممە سۆز چىقىدۇ، شۇنىڭغىمۇ رەنجىپ تۇرامسىز؟ يۈرۈڭ! — دەيدۇ.

مەخەت مەرھاباغا چوڭقۇر مېھرى بىلەن قارايدۇ. مەرھابا ئىزا تارتقان ھالدا مەخەتكە قاراپ كېلىدۇ. ئەسلىمە تۈگەيدۇ.

## 12

كــۈنــدۈز. ئــاپــتــوبــۇس ئىچى. مەخەت بىلەن نۇرىيە چايقىلىپ ئولتۇرىشىدۇ.

— مەخەت، سىز مېنى تولۇق چۈشىنىسىز، شۇنداقمۇ؟ — دەيدۇ نۇرىيە كۆزىدىكى يېشىنى ياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ.

— قەدىر ئەھۋال، — دەيدۇ مەخەت.

— بولدى، ئېيتماي قوياي، بىر ئىشنى سىزگە دېمەكچىدىم، كېيىن پەيتى بولۇپ قالار. ھازىر كۆڭلىڭىز تازا جايىدا ئەمەس ئوخشايدۇ.

نۇرىيە گېپىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، غەمكىن ئولتۇرغان مەخەتكە قارايدۇ. مەخەت ئۈنچىقمايدۇ.

## 13

چۈشتىن كېيىن. ئاپتوبۇس قاتار ئۆسكەن سۆۋادان تېرەكلەر سايا تاشلاپ تۇرغان يول بىلەن بېكەتكە كىرىپ، سۆگەتلەر سايە تاشلاپ تۇرغان

سۈپىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ توختايدۇ. تۇغقانلىرىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن چىققان بىرمۇنچە ياشانغان كىشىلەر، باللار، قىز-يىگىتلەر ئاپتوبۇسقا قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىشىدۇ.

— ئاتا، ئانا! — ئاپتوبۇستىن تۇنجى بولۇپ چۈشكەن مەخەت 65 ياشلاردىكى ئاتىسى ئاۋۇتاخۇن بىلەن 50 ياشلاردىكى ئانىسى پەزىلەتخاننىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بارىدۇ. دۇنيالىقتا بىرلا بالىسىنىڭ پىراقىدا كۆزلىرى تۆت بولغان ئاتا بىلەن ئانا ئوغلىنى تەڭلا قۇچاقلايدۇ. ئۈچ گەۋدە بىرلىشىپ كېتىدۇ. ھەممىسىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىيدۇ. پەزىلەتخان ئاچا نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن بالىسىنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە قارايدۇ. يۈزلىرىنى سىيلايدۇ.

— ئوغلۇم، سېنى سېغىنىپ يولۇڭغا يۇمۇلاپ بولسىمۇ بارغۇدەك بولدۇم، شۇڭا ئوبدانىراق قارىۋالاي، — دەيدۇ پەزىلەتخان ئاچا.

— ئاخىر كەلدىڭ بالام، ئاناڭ بىلەن ئىككىمىز سەن ئوقۇشۇڭنى تۈگەتكۈچە بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ قالىدىغان ئوخشايمىز، دەپ ھەسرەت چەككەنىدۇق. خۇدايىم مۇشۇ چاغقىچە سالامەت قىلدى. مىڭ قەترە شۈكۈر، — ئاۋۇت ئاكا چار ساقىلىنى تىترىتىپ، كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇزغان ھالدا خۇشال سۆزلەيدۇ.

— ئاتا، ئانا، سىلەر ناھايىتى ئوبدان تۇرۇپسىلەر، خۇدا ئۆمرۈڭلارنى ئۇزۇن قىلسۇن، — دەيدۇ مەخەت سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مانا ئەمدى ئوغلۇڭلار يېنىڭلاردىن ئايرىلمايدۇ، — مەخەت ئۇلارنىڭ يېشىنى سۈرتىدۇ.

— ئەسسالام، ئاۋۇت ئاتا، پەزىلەتخان ئانا، — نۇرىيە ئۇلارغا ئېگىلىپ سالام قىلىدۇ.

— ھوي، نۇرىيەغۇ بۇ، سالامەت كەلدىڭىزمۇ قىزىم؟ — ئاۋۇتاخۇن بىلەن پەزىلەتخان نۇرىيەنى كۆرۈپ خۇشال بولۇشىدۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مەخەتجان، سالامەت كەلدىڭىزمۇ؟

نۇربيەنىڭ 26ــــ27 ياشلاردىكى دېھقان ئاكىسى نۇراخۇن مەخەتكە سالام بېرىدۇ.

ــــ ۋەئــەلــەيــكــۇم ئەسسالام، نۇراخۇن ئاكا، سالامەت تۇرامسىز؟ ئائىلىدىكى قېرىنداشلارچۇ؟

ــــ خۇداغا شۈكۈر ئۇكام، ھەممىمىز سالامەت تۇردۇق! ئاۋۇتاخۇنكاملار سىزنىڭ دەردىڭىزدە تۈگىشىپ كەتكەنتى. سىزنى كۆرۈپ بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ياشىرىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدۇ.

پەزىلەتخان ئانا بىلەن نۇربىيە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدۇ.

ئۇلار سومكا، چامادانلارنى ئات ھارۋىسىغا بېسىپ، ئۆزلىرىمۇ چىقىشىپ بېكەتتىن يولغا بۇرۇلىدۇ.

يــولــۇچــىــلار ئالدىغا چىققان ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن توپ-توپ بولۇشۇپ، بەزىسى ھارۋا بىلەن بەزىسى پىيادە يولغا چىقىدۇ.

## 14

كۇندۇز. مەلۇم ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ باشلىق ئىشخانىسى. يېشى 48 ياشلاردىكى چېچىنىڭ تەك يېرىمى دېگۈدەك ئاقارغان دوختۇرخانا باشلىقى جالال چوڭ تامغىلىق ئالاقىنى كۆرمەكتە.

قــارشــى تــەرەپــتــىــكى كرېسلودا مەخەت بىلەن نۇربىيە قورۇنۇپ ئولتۇرىشىدۇ. جالال ئالاقىنى تارتمىسىغا سېلىپ قويۇپ:

ــــ ھە، ئىككىڭلار بىر سىنىپتا، بىر كەسىپتە ئوقۇغان ساۋاقداشمۇ؟

ــــ دەپ سورايدۇ.

ــــ ھەئە، ــــ دەپ، نۇربىيە مەخەتتىن بۇرۇن جاۋاب بېرىدۇ.

ــــ ناھايىتى ياخشى، تاشقى كېسەللەر بۆلۈمىمىزگە ئىككى يېڭى كۈچ

قوشۇلدى، دېگەن سۆز. ھازىر زامان سىلەردەك ياشلار— ئىختىساس ئىگىلىرىگە موھتاج. قورقماي جۈرئەتلىك ئىشلەڭلار. نەزەرىيىۋى بىلىم ھۆجەيرەڭلەرگىچە سىڭىپ، ئېشىپ-تېشىپ تۇرۇپتۇ. بىراق ئەمەلىي تەجرىبە جەھەتتە پېشقەدەملەر سىلەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئۇلار سىناقتىن ئۆتكەن، تەجرىبىلىرى مول. شۇڭا ئۇلارنىڭ بىلىمىنى كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىۋېلىشقا تىرىشىڭلار.

جالال سۆزلەۋېتىپ سائەتكە قاراپ قويۇپ:

— شۇنداق بولسۇن، بۈگۈن جۈمە. سىلەر ئۆتەيدىغان بارلىق رەسمىيەتلەرنى شەنبە، يەكشەنبە ئۆتتۈۋېلىپ، دۈشەنبە ئىشقا چۈشۈڭلار. شۇ چاغدا سىلەرنى مەن خىزمەتداشلىرىڭلارغا تونۇشتۇرۇپ قويىمەن. ماقۇل، شۇنداق بولسۇن! — دەيدۇ.

مەخەت بىلەن نۇربىيە ئورنىدىن تۇرۇپ جالال بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كېتىدۇ.

— سىز توختاپ تۇرۇڭ!— جالال بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك تۇۋلايدۇ. مەخەت بىلەن نۇربىيە ئىشخانىغا كىرىدۇ.

— قىزىم، سىز قايتىسىڭىز بولىدۇ. ماۋۇ يىگىتكە ئىككى ئېغىز گېپىم بار، — دەيدۇ جالال.

نۇربىيە چىقىپ كېتىدۇ. مەخەت ئىشخانا ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرىدۇ.

— ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭ، ھە ئىسمىڭىزنى نېمە دېدۇق؟ — باشلىق كىچىك كۆك تاشلىق خاتىرىسىگە بىر نەرسىلەرنى يازىدۇ.

— مەخەت ئاۋۇت.

جالال بېشىنى كۆتۈرۈپ مەخەتكە قايتا سىنچىلاپ قارايدۇ.

— ئۆيىڭىز ناھىيە بازىرى ئىچىدىمۇ؟

— ھەئە.

— قايسى ئاۋۇتكامنىڭ ئوغلىسىز؟
— ئاۋۇت قاسساپنىڭ.
— ھە؟ كاساڭ ئۇچا[1] پىشۇرۇپ ساتىدىغان ئاۋۇتكامنىڭ دەڭ.
— شۇنداق!

جالالنىڭ سالاپەتلىك چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرىدۇ.

— ۋاھ، ئاتىڭىز گۆشنى كارامەت مىزىلىك، يېپىشلىك پىشۇرىدىغان ئادەم جۇمۇ. بۇ ناھايىتى ئوبدان بولدى! ئەمدى چىقىپ كەتسىڭىز بولىدۇ.

مەخەت چىقىپ كېتىدۇ. جالال مەخەتنىڭ كېلىشكەن سۇمباتىغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىدۇ.

## 15

كەچ. چىراغلار يورۇپ تۇرىدۇ، ئازادە ھەشەمەتلىك بېزەلگەن ئۆي. ئۆيگە ھەر خىل ئىشكاپ، چوڭ-كىچىك لۆم-لۆم سافالار قويۇلغان. تۆت تامغا ئېسىلغان ۋە يەرگە سېلىنغان ئېسىل گىلەملەر كۆزنى چاقنىتىدۇ. 20 سۇڭلۇق رەڭلىك تېلېۋىزور، قوش كانايلىق ئۈن ئالغۇلار ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. جالال بىلەن ئۇنىڭ باداڭ قورساق، سېمىز، 55 ياشلاردىكى ئاچىسى شەمسىخان تاق كىشىلىك سافادا ئولتۇرىدۇ، جالال شەمسىخاننىڭ قان بېسىمىنى ئۆلچەيدۇ.

— قان بېسىمىڭ يەنە بىرئاز ئۆرلەپ قاپتۇ، دورىلارنى يېمىدىڭمۇ ياكى ياخشى ئارام ئالمىدىڭمۇ؟ — نارازى قىياپەتتە سورايدۇ جالال.

— ۋاي-ۋۇي ئـۇكـام، ئەشۇ خۇدايىم بەرگەن تەۋەرۈك قىزىمنىڭ

---

[1] كاساڭ ئۇچا — دولانلىقلار قوينى پۈتۈن پىشۇرۇپ يەيدۇ. قوينىڭ پۈتۈن ئۇچىنى شۇنداق ئاتايدۇ.

خاپىلىقنى دىمەمسەن؟ ئىتنىڭ كۈندە تۆرىلىپ قاپتىمىدىكى ئۇ گۈينىڭ قىزى، مەكتەپتە ئوبدان ئوقۇماي نەمۇ نە يۈرۈپ تانسا بىلەن ئۇسسۇل ئۆگەندى. ئەمدى، يۈرەك كىسىلىم بار دەپ، تەستە پېنسىيىگە چىقىپ، مالىيە ئىدارىسىگە ئورنۇمغا ئورۇنلاشتۇرسام، ئاددىي ئىشلارنىڭمۇ ھۆددىسىدىن چىقالماي مىشىلداپ كىلىدۇ. ئۆگەن دىسە كاللامغا چۈشمىدى دەپ، يەنە نەدە تانسا بولسا شۇ يەردىن كەلمەيدۇ. قەشقەردە ئۈچ ئايلىق بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپىدا ئوقۇپ كىلىشكە ئۇنى بەلگىلەپتىكەن، ئەتىگەن يولغا سالدىم. ئەشەدىمۇ تۈزۈك ئۆگەنمەي ئالاقاناتلار بىلەن تانسخانىغا قاترارمۇ، دەپ ئەنسىرەپ ئولتۇرىمەن.

جالال يانچۇقىدىن تاماكا چىقىرىپ تۇتاشتۇرىدۇ.

— ئەركە ئۆگىنىپ قالىدۇ، تەربىيىنى لايىقىدا قىلالىلى دىسەم، بىر قىز دەپ كۆزىگە قارىدىڭلار. مانا ئەمدى...، — جالالنىڭ گىپى ئاخىرلاشماي شەمسىخان سۆزلەپ كىتىدۇ:

— ۋاي توۋەم، بەك توۋەم. قىز بالا دىگەن مۇشۇ قەمسىگۈلدەك بولىدىغان بولسا بۆشۈكىدە بوغۇپ ئۆلتۈرىدىغان نىمىكەن!

جالال ئاچچىقلىنىدۇ:

— ئاچا، گۇناھ بالىدا ئەمەس! سەن تەربىيىلىگۈچىدە. بىر مەدەنىيەتلىك دۆلەت خادىمى تۇرۇپ، بۇ گەپنى قىلساڭ قانداق بولىدۇ؟

شەمسىخان چوڭقۇر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ:

— ئۇكام، سەن ئۇقمايسەن، بۇ مەرەزنىڭ ئىشىنى تىخى! ۋاقتىدا بىشىنى باش، پاقالچىكىنى تاش دەپ لايىق چىقسا بىرىۋەتمىسەم، خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا بولىدىغان ئوخشايمەن. ھىلىمۇ تاس قالدىم، — دەيدۇ.

جالال چۆچۈپ كىتىدۇ.

— نىمە، قەمسىگۈلدىن بىرەر چاتاق چىقتىما؟

شەمسخان ھەسرەت بىلەن سۆزلەيدۇ.
ئەسلىمە.

## 16

كېچە، شەمسخان ئەندىشە ئىچىدە ياتىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا يولدىشى غــوپــۇر خورەك تارتىپ ئۇخلىماقتا. سىرتقى ئۆينىڭ ئىشىكى تاراقلايدۇ. شەمسخان ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچىدۇ. 20 ياشلىق قىزى قەمسگۈل مىشىلداپ يىغلىغان ھالدا ياندىكى ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىدۇ. شەمسخان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كىرىدۇ. قەمسگۈل كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆكسۈپ يىغلايدۇ. شەمسخان ھودۇقۇپ:

— نېمە بولدۇڭ بالام؟ مۇشۇ كېچىگىچە نەگە بېرىپ، نەدە يۈردۇڭ؟ بىرسى بىلەن بىر نەرسە دېيىشىپ قالدىڭمۇ-يە؟ گەپ قىلمامسەن؟! — دەپ سورايدۇ.

شــەمــسخان قىزىنى يۆلەيدۇ. قەمسگۈلنىڭ كۆز ياشلىرى يۈزىنى يۇيىدۇ. ئانا قىزىنىڭ ياشلىرىنى سۈرتىدۇ ۋە بىر نەرسىنى سەزگەندەك:

— ھە، ھاراق پۇرايسەنغۇ قىزىم؟ — دەيدۇ ھەيران بولۇپ.

شەمسخان سەسكىنىپ ئارقىسىغا داجىيدۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قىزىغا نــەپــرەتلەنگەنلىكى بىلىنىدۇ. قىز بېشىنى تۆۋەن سالىدۇ. ئانا ئاچچىقىغا چىدىماي قەمسگۈلنى بىر شاپىلاق سالىدۇ. قەمسگۈل ئۆكسۈپ يىغلاپ كــارىۋىتىدا يەنە دۈم يېتىۋالىدۇ. شەمسخان غەزەپتىن لاغىلداپ تىترەپ كېتىدۇ.

— ھۇ شەرمى-ھايانى بىلمەيدىغان نومۇسسىز! نېمىشقا ئىچتىڭ؟ قىز زاتــى سەندەك بەڭباش بولامدۇ؟ ئېيتە، يەنە مىشىلداپ يېتىۋېرىدىغان

بولساڭ بۇ قىلىقىڭنى ئاتاڭغا ئېيتىپ، تېرەڭنى تەتۈر سويغۇزىمەن!

قەمسكۆل شۇئان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئانىسىنى قۇچاقلايدۇ:

— ئوبدان ئانا، جېنىم ئانا! دەردىمنى سىزگە ئېيتاي. سىزدىن باشقا كىمگە ئېيتىمەن؟! مەن سىزگە ھەممىنى ئېيتىپ بېرەي، ئاتامغا ئېيتماڭ! ھېچكىمگە تىنماڭ. ئەگەر سىزدىن باشقىلار بىلىپ قالسا مەن ئۆلگىشىمەن ... مەن... مەن سودىگەر قەيسەر بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈرگىلى ئىككى يىل بولدى. بۈگۈن ئۇنى قولغا ئېلىپ كېتىپتۇ، — دەيدۇ.

شەمسىخان ئەندىكىپ كېتىدۇ:

— سودىگەر قەيسەر، — ئىختىيارسىز تەكرارلايدۇ، قايسىبىر قەيسەر ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالالمايدۇ. شەمسىخاننىڭ كۆز ئالدىغا شۇئان مۇنداق بىر سۈرەت كېلىدۇ.

## 17

ئەسلىمە (قوشۇمچە).

كۈندۈز. بازاردا كىشىلەر قىستىلىشىپ ئۆتۈشمەكتە. تاناپلارغا ئېسىلغان ھەر خىل ئېسىل، قىممەت باھالىق ماللار قويۇق پەردە ھاسىل قىلغان. شەمسىخان گەزلىمە ماللارنى ئارىلاپ كۆرۈپ كەلمەكتە. ئېگىزلىكى 2—3 مېتىر كەلگۈدەك پەسكە ساڭگىلىتىپ قاتارى ئارتىلغان قوش قەۋەت دۇخاۋا ئىچىدىن چىققان مۇنداق سۆز شەمسىخاننىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. (ئېكران سىرتىدىن بېرىلگەن ئاۋاز) ”قەيسەر بۇ يەردە ئۇنداق قىلماڭ، بۇ بازار. ئۇنىڭ ئۈستىگە“... ”بولدى، گەپ قىلما، بۇ يەردە ھېچكىم كۆرمەيدۇ...“

شەمسىخان دۇخاۋىنىڭ بىر بۇرجىكىنى ئاستا قايرىپ قارايدۇ. 16—17 ياشلاردىكى بىر ئاق پوسمىلاق قىزغا بىر يىگىت چىڭ يېپىشۋالغان.

دۇخـاۋا قـايـرىـلىشى بىلەن قىزنىڭ كۆزى شەمسىخاننىڭ كۆزى بىلەن ئـۇچـرىـشـىـپ قالدۇ. قىز قاتتىق سىلكىشلەپ يىگىتتىن ئاجرايدۇ-دە، دۇخاۋىنىڭ يەنە بىر بۇرجىكىنى قايرىپ تېزلا چىقىپ كېتىدۇ. ھودۇقۇپ قالغان قەيسەر بۇرۇلۇشىغا شەمسىخاننىڭ كۆزىگە كۆزى ئۇچرىشىپ قالدۇ. ئۇ گەدىنىنى قاشلاپ ھىجىيىدۇ. شەمسىخان غەزەپ بىلەن "ھايۋان" دەپ غۇدۇراپ دۇخاۋىنى قويۇۋېتىدۇ. قوشۇمچە كۆرۈنۈش تۈگەيدۇ.

## 18

كېچە، قەمسىگۈلنىڭ ھۇجرىسى. شەمسىخان غەزەپلىنىدۇ:

— سەن ئەشۇ ھايۋان بىلەن مۇھەببەتلەشكەنمۇ ئەقىلسىز؟

قىز ئۆكسۈپ يىغلاپ بېشىنى لىڭشىتىدۇ.

شەمسىخان ئەلەم بىلەن قىزىدىن سورايدۇ:

— خوپ بوپتۇ قولغا ئېلىنىپتىكەن، شۇڭا يىغلاپسەندە؟

— ياق ئانا، ئالدانغىنىمغا يىغلايمەن. ئۇ ۋىجدانسىز مېنى ئالداپتۇ!

— سېنى ئالدىغىنى ئۇچۇن قولغا ئېلىنىپتىما؟

— بىر ئوقۇغۇچى قىزغا... چېقىلىپتىكەن...

قەمسىگۈل تېخىمۇ ئېسەدەپ يىغلىۋېتىدۇ.

— ھۇ ئەقىلسىز دۆت! ئىككى يىلدىن بېرى سەن...

— جېـنـىـم ئانا، ئەمدى مېنى قانچە تىللىسىڭىزمۇ، ئۇرسىڭىزمۇ كېچىكتىڭىز. مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ، بولمىسا مەن، سىزنىڭ بەختسىز قىزىڭىز تۈگىشىدۇ. مېنىڭ...

— نېمە؟ بويۇڭدا بارمۇ تېخى؟...

قىز ئۆزىنى تۇتالماي بۇقۇلداپ يىغلايدۇ. ئانا چېكىسىنى تۇتقىنىچە

يقىلىدۇ. قەمسكۆل ھودۇققان ۋە قورققان ھالدا ئانىسىنى يۆلەيدۇ:

— ئانا... ئانا...

ئەسلىمە تۈگەيدۇ.

## 19

كەچ، شەمسىخاننىڭ ئۆيى. جالال غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇ ياقتىن بۇ ياققا مېڭىپ تاماكىسىنى قاتتىق شورايدۇ:

— قىز بالىنى مۇشۇنچىلىمۇ مەيلىگە قويۇۋەتكەن بارمۇ؟ — ئۇنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلايدۇ.

— بۇ ئىشنى ھېلىغىچە سەندىن يوشۇرۇپ كەلگەنىدىم. ئاتىسىمۇ بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز. ئەگەر ئاتىسى بىلىپ قالىدىغان بولسا ھەر ئىككىمىزنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىدۇ. ياخشى، ئايالىڭ خۇماخان دوختۇر بولۇپقاپتىكەن، بۇ ئەسكى چېلەكنى بۇسىنى چىقارماي يىغىشتۇرۇۋالدۇق. ئاتىسى ئەمەلدار بولغاندىكىن خىزمەت بىلەن ئالدىراش، ئۇنىڭ ئۇستىگە بالىلارنىڭ كىچىكى دەپ... ئۆز مەيلىگە...

— بولدى، تولا ھەسرەت چەكمىگىن. بۇ قىزىڭنىڭ ئىشىنى ماڭا قويۇۋەتكىن! ئۇنىڭ ئىشىنى ئۆزۈم ھەل قىلاي. ئاۋۋال ئۇچ ئاي ئوقۇپ كەلسۇن!

شەمسىخان خۇشال بولۇپ:

— مەنمۇ شۇنى دەيمىكىن دەپ تۇرغان، قول ئاستىڭدا ياخشى بالىلار كۆپقۇ؟ — دەيدۇ.

# 20

كەچ، مەخەتنىڭ ئۆيى. پەزىلەتخان ئانا يۇمشاق كرىسلودا ئولتۇرۇپ مەخەتنىڭ كىر يۇيۇشىغا زوقلىنىدۇ:

— قــولۇڭنىڭ كۈچى بولغاچقا كىرنى ئوبدان چىقىرىدىكەنسەن. مەكتەپ ساڭا ھەممىنى، كىر يۇيۇشنىمۇ ئۆگىتىپتۇ. شۇنداقمۇ بالام؟!

مەخەت ئانىسىغا كۈلۈمسىرەپ قارايدۇ:

— ھەئە، ھەممىنى ئۆگىتىدۇ، — دەيدۇ مەخەت يېقىملىق كۈلۈپ.

— بالام، بۇ يىللەتىن بىردەم يول يۈرسەم پۇت-قولۇمنىڭ جېنى قالمايدۇ. كىر يۇيۇش، تاماق ئېتىشكىمۇ ماغدۇرۇم قالمىدى. شۇڭا ۋاقتىدا ئۆيلەنسەڭ، ئۇيان-بۇيان ئىشنى كېلىنىم قىلسا، مەنمۇ كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا نەۋرە كۆرسەم.

پەزىلەتخان كۆزىگە ياش ئالىدۇ.

— ئانا، مۇشۇنداق ئوبدان تۇرۇۋاتسىڭىز، نېمىلەرنى دەپ يۈرسىز؟ كىر-قات يۇيۇشقا كىرئالغۇدىن بىرنى ئالايلى. تاماقنى مەن ئەتسەم بولىدۇ ئەمەسمۇ!

ئانا ھەيران بولىدۇ:

— كىرنى نېمىدە يۇيىمىز دېدىڭ بالام؟

مەخەت چېكىسىدىكى تەرنى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ:

— ئىــچىگە سۇ لىقلاپ، سوپۇن سېلىپ، يۇيىدىغان نەرسىلەرنى ئىچىگە سالسا، كىرنى پاكىز يۇيىدىغان بىر خىل ماشىنا بار. شۇنى ئالايلى، — دەيدۇ.

— بــۇرۇنــراق دېــسەڭچۇ بالام. بەلەن نەرسە ئوخشايدۇ، شۇنى سېتىۋالايلى، ئاتاڭنىڭ كىيىمنى يۇماق شۇنچە تەس، نېرىگە قارىسا قان،

ماي...، — دەيدۇ ئانا.
ئۆيگە بېشىغا سەللە ئورىغان ئاۋۇتاخۇن كىرىپ كېلىدۇ.
— مەسچىتتىن ياندىڭىزمۇ ئاتا، — مەخەت دادىسىنىڭ پەرەنجىسىنى ئالماق بولۇپ، يۈيۈۋاتقان كىرنى قويۇپ ئالدىغا بارىدۇ. ئاۋۇتاخۇن غەزەپ بىلەن چەكچىيىدۇ. مەخەت ئىزىدا تۇرۇپ قالىدۇ.
— سېنىڭ بالنى سالمىغان مۇشۇ ئىشىڭ قالدىمۇ ئەمدى؟ نەدە ئوغۇل بالا كىر يۇيىدىغان ئىش بار؟ — دەيدۇ ئاۋۇتاخۇن.
پەزىلەتخان قورقۇمسىراپ تۇرۇپ:
— ئەسلى مەن يۇيىۋاتقانتىم، ئۇنىمسام ئۇنىماي مەن يۇياي دەپ تۇرۇۋالدى، — دەيدۇ پەزىلەتخان.
— شۇنداق ئاتا، مەن يۇسام نېمە بوپتۇ؟ — دەپ سۆز قىستۇرىدۇ مەخەت.
ئاۋۇتاخۇن ئوغلىغا زەردە قىلىدۇ:
— كىر-قات يۇيۇش، تاماق ئېتىش، ئۆي سۈپۈرۈش مەزلۇملارنىڭ ئىشى. ھېچيەردە ئەر خەق كىر يۇيمايدۇ. مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي ئوغلۇم، سەن چوڭ شەھەردە ئالتە يىل تۇرۇپ، ساڭا چوڭ شەھەرلىكلەرنىڭ مىجەزى سىڭىپ قاپتۇ. يالاڭباش يۈرۈش، ئاياللارنىڭ ئىشىنى قىلىشنى خۇدايىم ئەشۇ تايپىلارغا ئاتا قىلغان. سەن دولان ۋادىسىدا ئۆسكەن. شۇڭا دولانلىقتەك بولۇشۇڭ خوپ.
— ماقۇل ئاتا، — مەخەت شۇنداق دەپ بېرىپ بېشىغا دوپپىسىنى كىيىۋالدۇ. ئاندىن ئانىسى چايقاۋاتقان كىرنى سىقماق بولۇپ كېلىدۇ.
— مەن ھازىر ساڭا دەۋاتقان گەپ باشقا گەپ ئەمەس، ئىش تاپالمىغان بولساڭ ماڭا قوي سويۇشۇپ بەر، — دەيدۇ ئاۋۇتاخۇن يەنە.
ئاۋۇتاخۇن شۇنداق دەپ قوزۇقتا ئېسلغان قاساپلىق پىچقىنى ئېلىپ

ماڭدۇ.
مەخەت نائىلاج ئانىسىغا قاراپ قويۇپ، ئاتىسىنىڭ كەينىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

## 21

كەچ، نۇربىيەنىڭ ئۆيى. نۇربىيە سافادا ئولتۇرۇپ كۆز يېشى قىلماقتا. 48 ياشلاردىكى ئانىسى ھەنىپە خانىم، نۇربىيەنىڭ سىڭلىسى 15 ياشلىق نۇرخۇمار ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقان ھالدا قارىشىدۇ.
ھەنىپە خانىم نۇربىيەگە تەسەللى بېرىدۇ:
— بولدى، يىغلاۋەرمىگىن قىزىم. قانداقلا بولمىسۇن ئوقۇشۇڭ تاماملىنىپ خىزمەت ئورنۇڭ مۇقىملاشتى. خۇدايىم بەختىڭنى بېرەر. ئابلىمىتىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئوبدان ئادەم، ياخشى ئادەملەرنىڭ بالىسى ئەشۇنداق ئالا كۆڭۈل چىقىپ قالىدىكەن. ئاڭلىسام ھازىر ھە دېسە، پۇل تۇگىدى، مانچە يۈز كوي ئەۋەتىڭلار، دەپ تېلېگراما سېلىپ، ئۇلارنى جېنىدىن جاق تويغۇزۇۋېتىدەك.

## 22

كۈندۈز. دوختۇرخانا ئىچى. كارىدور. ئىشىك بېشىغا: ”تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى باش دوختۇر ئىشخانىسى“ دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغان. ۋىۋىسكىدىكى خەتلەر كۆزگە روشەن كۆرۈنىدۇ.
ئىشخانا ئىچى. 45 ياشلاردىكى باش دوختۇر ئابلەھەت قارشىسىدا ئولتۇرغان مەخەتكە سۆزلىمەكتە:

— كەلگىنىڭىزگە ئىككى ئايدىن ئاشتى. بىرقانچە قېتىملىق دىئاگنوز قويۇشتىن ئىلمىي بىلىمىڭىزنىڭ موللىقى ئىسپاتلاندى. شۇڭا رەھبەرلىك سىزگە مۇستەقىل خىزمەت قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە دوختۇر قاتارىدا مۇئامىلە قىلىپ 5-، 7-، 9-كېسەللەر ياتىقىدىكى 13 كارىۋات كېسەلگە مەسئۇل دوختۇر قىلىپ بېكىتىشنى قارار قىلدى. نۇربىيە بىلەن ئارىلىقىڭىزلاردا ناھايىتى چوڭ پەرقلەر بار ئىكەن.

## 23

كۈندۈز. كېسەللەر ياتىقى. مەخەت بىر قېرى بوۋاينىڭ كېسىلىنى كۆرمەكتە. ئۇنىڭ سەممىي ئىللىق مۇئامىلىسى قېرى بوۋاينى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. بوۋاي ئورۇق قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ مەخەتكە دۇئا قىلدى.

## 24

كېچە، ئوپېراتسىيە ئۆيى. ئوپېراتسىيە كىيىمى كىيگەن بىرقانچە دوختۇر، سېستىرالارنىڭ ياردىمى بىلەن مەخەت ئوپېراتسىيە ئىشلىمەكتە. ئۇنىڭ چېكىسىدە مۇنچاقتەك تەر تەپچىرەيدۇ.

## 25

كېچە، چىراغ يورۇقى. مەخەت بىر دۆۋە كىتابلارنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن كىتاب كۆرمەكتە. خاتىرە يازماقتا.

## 26

كۇندۇز. ئىشخانا ئىچى. بىرقانچە دوختۇر بىر مۇھىم كېسەل ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارماقتا. مەخەت قارا تاختايغا مەلۇم سىزىقلارنى سىزىپ كۆرسەتمەكتە. دوختۇرلار باش لىڭشىتىدۇ.

## 27

كۇندۇز. دوختۇرخانا دەرۋازىسى ئالدى. ھېلىقى دۇئا قىلغان بوۋاي مەخەت بىلەن قول سىقىشىپ خوشلىشىدۇ. خۇشاللىق ياشلىرى مەڭزىنى يۇيىدۇ.

## 28

كېچە، مەخەت ئۇخلىماقتا. بىر سىستېرا بېرىپ ئۇنى ئويغىتىدۇ. ئۇ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كېتىدۇ.

## 29

كۇندۇز، دوختۇرخانا ئالدىدىكى شەرەپ تاختىسىدا مەخەتنىڭ رەسمى چاپلانغان ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى يېزىلغان. بىر توپ كىشىلەر بۇ يەرگە ئولىشىۋالغان.

## 30

كۇندۇز. چوڭ يىغىن سەھنىسىدە باشلىق مەخەتكە تەقدىرنامە ۋە باشقا

خاتىرە بۆيۇملىرىنى مۇكاپات بېرىدۇ. پەستە ئولتۇرغان بىرقانچە يۈز كىشىلەر گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىتىدۇ. مۇخبىرلار ئۇنى ئۇزمەي سۈرەتكە ئېلىشىدۇ.

## 31

كېچە، مەخەتنىڭ مىدىتسىنا ئىنستىتۇتىدىكى ئوقۇتقۇچىسى تېلېۋىزور كۆرمەكتە. تېلېۋىزوردا مەخەتنىڭ جىددىي ئوپېراتسىيە قىلىۋاتقان، كېسەللەرگە دىئاگنوز قويىۋاتقان، بېرىلىپ ئۆگىنىۋاتقان كۆرۈنۈشى بېرىلىدۇ. مۇئەللىم خۇشاللىقىدا چاۋاك چېلىۋېتىدۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى ئەگىيدۇ.

## 32

كۈندۈز. جالالنىڭ ئۆيى. مەخەت كرېسلودا قورۇنۇپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدىكى تاماق ئۈستىلىگە ھەر خىل نازۇنېمەتلەر تىزىلغان. جالال:

— يارايسىز ئوغلۇم، يىگىت دېگەن مانا شۇنداق سىزگە ئوخشاش بولۇشى كېرەك، چىگىت بوپ قالسا بولمايدۇ. كەسپتە، بولۇپمۇ ئوپېراتسىيىدىكى چىداملىقلىقىڭىز، تىرىشچان، جۈرئەتلىكلىكىڭىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، — دەيدۇ.

مەخەت خىجىل بولۇپ:

— يالغۇز تىرىشچانلىقىمدىنلا ئەمەس، پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ يېقىندىن يار-يۆلەك بولۇشى كىچىككىنە ئىشلىرىمغا زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئاتا قىلدى، — دەيدۇ.

— كەمتەرلىكمۇ ئادەم ئۈچۈن بىر زىننەت. بىراق ئۇمۇ ھېسابىدا

بولغىنى ياخشى. بولۇپمۇ، ھېچقاندىغىمىز ساقايتىش مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىغان ھېلىقى بىچارە بوۋاينىڭ سۆيدۆك يولىدىكى تاشنى ئېلىش ئوپېراتسىيىسىنى قىلىشقا جۈرئەت قىلغانلىقىڭىز مېنى چوڭقۇر قايىل قىلدى. ھەم مۇۋەپپەقىيەت قازاندىڭىز. تەبرىكلەيمەن! نامىڭىز پۈتۈن گېزىت-ژۇرناللارغا كۆتۈرە بولغاندەك پۈتۈن شىنجاڭغا تارالدى. مېنىڭ 30 يىلدىن بۇيان قازانغان مۇۋەپپەقىيىتىمدىن سىزنىڭ ئۈچ ئاي ئىچىدە قازانغان مۇۋەپپەقىيىتىڭىز ئېشىپ چۈشتى. بىز پەخىرلىنىمىز. بۇ نېمىدېگەن چوڭ پەرق-ھە؟ ھا... ھا...، — دەيدۇ جالال.

ئۆيگە يېڭى مودىدا كىيىنىپ، قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، نازلىنىپ قەمسگۈل كىرىپ كېلىدۇ. جالال قىزغىن قارشى ئالىدۇ:

— ھە، كەل قىزىم، قەمسگۈل تازا ئوبدان چاغدا كەپسەن. بۇ يىگىت ھېلىقى مەن ساڭا گېپىنى قىلىپ بەرگەن داڭلىق ياش دوختۇرىمىز مەخەت بولىدۇ.

قەمسگۈل نازلىق كۈلۈمسىرەپ مەخەتكە سالام قىلىدۇ. مەخەتمۇ ئورنىدىن باش لىڭشىتىپ سالام قايتۇرىدۇ. جالال خۇشال ھالدا:

— ئىككىڭلار تونۇشۇپ قويۇڭلار، بۇ قىز مېنىڭ مالىيە ئىدارىسىدىكى ئاچامنىڭ يەنى خەلق ھۆكۈمىتىدىكى غوپۇر چوڭنىڭ قىزى قەمسگۈل بولىدۇ. ئۆزى مالىيە ئىدارىسىدا ئىشلەيدۇ، — دەيدۇ.

مەخەت بىلەن قەمسگۈل بىر-بىرىگە يەر ئاستىدىن قارىشىپ قويۇشىدۇ. جالال:

— قىزىم قەمسگۈل، ئاق ئاچىڭىزنىڭ تامىقى تەييار بولاي دەپتىمۇ؟

— دەپ سورايدۇ.

— ئاز قاپتۇ، — دەيدۇ قەمسگۈل نازلىنىپ ئەركىلەپ.

جالالنىڭ 10 ياشلاردىكى ئوغلى يۈگۈرۈپ كىرىپ:

— ئاتا، سىزگە تېلېفون، — دەيدۇ. جالال ئورنىدىن تۇرۇپ:
— ئىسسىقىلار پاراڭلاشقاچ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، قىزىم، — دەيدۇ قەمسگۈل.
جالال ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ. قەمسگۈل مەخەتكە چاي قۇيۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئىستاكاننى قولىغا ئالىدۇ.
— بولدى ئاۋارە بولماڭ، — دەيدۇ مەخەت. قەمسگۈل ئەركىلەپ تۇرۇپ:
— ئاتايىن چاي قۇيۇپ بېرەي دەپ كەلسە، ئادەمنى ئىزا تارتقۇزۇپ رەت قىلامسىز؟ ئەكىلىڭە! — دەيدۇ.
— ئىستاكاندا چاي تۇرسا! — دەيدۇ مەخەت.
— تۇرۇۋېرىپ مۇزلاپ قاپتۇ، — قەمسگۈل ئىستاكاندىكى چاينى تۆكۈۋېتىپ چايداندىن چاي قۇيىدۇ. ئىككى قوللاپ مەخەتكە سۇنىدۇ.
— رەھمەت سىزگە! — دەيدۇ مەخەت.
— تېخى رەھمەت دېگۈدەك ئىش بولغىنى يوق. سىزدەك زىيالىينىڭ رەھمىتىنى ئالماق شەرەپ، بىراق تەسمىكىن دەيمەن.
— ئانچە ئەمەس! — مەخەت چۈشىنىكسىز جاۋاب قايتۇرىدۇ.
— مەن كىچىكىمدىن تارتىپ دوختۇر بولۇشنى بەك ئارزۇ قىلاتتىم، بىراق بولالمىدىم. شۇڭا مەندە دوختۇرلارغا نىسبەتەن ئالاھىدە ھۆرمەت ھېسسىياتى بار.
— ئۇنداقتا، سىزگە رەھمەت ئېيتساق بولغۇدەك، — مەخەت جانلىنىدۇ.
— ۋىيېي، نەدىكىنى، ئانىڭىز سىزنى رەھمەت ئۈستىگە تۇغقاندەك رەھمەتنى كۆپ دەيدىكەنسىز. رەھمىتىڭىز مېنى خىجىل قىلىۋاتىدۇ.
— رەھمەت دېگەن بۇ سۆز، مېنىڭ نەزىرىمدە ئىنسانلارغا بولغان

مېھرى-مۇھەببىتىمنى، شەپقىتىگە بىلدۈرگەن ھۆرمىتىمنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭلاشقا بۇ سۆزنى ئەڭ ئۇلۇغ ئاتالغۇ دەپ بىلىپ كۆپرەك ئىشلەتكىنىم بولسا، مېنىڭ ئىلپىتىم سىزگە بولسا، دەپ ئويلىغاندىم. بىلمەيمەن، ...

— سىز بىلەن تونۇشقىنىم ئۈچۈن بەك خۇشالمەن. بىلمىلىك ئادەم بىلەن تونۇشۇپ، سۆھبەتداش بولۇش ئەڭ ئېسىل پەزىلەت دەپ ئاڭلىغانىتىم. شۇڭا ھازىر ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن. كەچتە «مۇھەببەت مۇشۇ يەردىن باشلانغان» دېگەن كىنو قويۇلىدىكەن. مەن سىزنى كىنوغا تەكلىپ قىلىمەن، تەكلىپىمنى قوبۇل قىلىشىڭىزنى، باشقىچە ئويلاپ قالماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەخەت قىزنىڭ ئاغزىغا قارىغىنىچە قېتىپ قالىدۇ.

## 33

كەچ، مەخەتنىڭ ياتىقى. مەخەت يېزىق ئۈستىلىدە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ پۈتۈن زېھنى بىلەن بىر نەرسە يازماقتا.

ئىشىك يەڭگىل چېكىلىپ، قەمسگۈل كىرىپ كېلىدۇ:

— ۋاي-ۋۇي مەخەت، تازا ئۆگىنىش مەستانىسىكەنسىز جۇمۇ! باياتىن بېرى ساقلاپ تۇرۇۋېرىپ ئاخىر ئۆزۈم كەلدىم.

— مەن چىقمايمىكى دېۋىدىم، — مەخەت خىجىللىقىنى بىلدۈرىدۇ.

قەمسگۈلنىڭ گۈلدەك ئېچىلغان چىرايى مەيۈسلۈك تۈسىگە كىرىدۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز مەخەت؟ ۋەدىگە ۋاپا قىلىش يىگىتلەرنىڭ باش تارتالمايدىغان مۇقەددەس بۇرچى ئەمەسمۇ؟

مەخەت نائىلاج خاتىرىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئىشكاپقا سالىدۇ.

## 34

كېچە، كىنوخانا ئىچى. ئېكراندا بىر جۈپ ئاشىق-مەشۇق بىر-بىرىنى

قوغلاشماقتا.

مەخەت پۈتۈن دىققىتى بىلەن تىكىلىپ كۆرىدۇ. ئۇنىڭ كۆز ئالدى ئاستا-ئاستا غۇۋالىشىدۇ.

ئەسلىمە.

## 35

ياز، كۈندۈز. مەكتەپ باغچىسى. كۆل بويىدا پۈتۈن زېھنى بىلەن كىتاب كۆرۈۋاتقان مەخەت، قولىدىكى كىتابنى بىر قول شارتتىدە ئېلىۋالىدۇ. مەخەت چۆچۈشتىن دەرغەزەپ بولۇپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، قېچىپ كېتىپ بارغان مەرھابانى كۆرىدۇ. مەخەت مەرھابانىڭ ئارقىسىدىن قوغلايدۇ.

— مەرھابا، توختاڭ! بەكمۇ مۇھىم يېرىگە كەلگەنىدىم. توختىگە!

مەخەت يالۋۇرۇپ مەرھابانىڭ ئارقىسىدىن قوغلايدۇ. مەرھابا قويۇق دەرەخلەر ئارىسىدىن ئاق بۆجەندەك مۆكۈلەڭ قىلىپ قاچىدۇ. قاقاقلاپ كۈلىدۇ.

— جېنىم مەرھابا، توختاڭ! بۇ ئىشىڭىز بولمىدى. ئۇ كىتاب بەك مۇھىم!

— كىتابىڭىزنىڭ مۇھىم ئەمەس يېرى يوق. ئەمما، تۇتالىسىڭىز بېرىمەن.

مەرھابا يەنە قاقاقلاپ كۈلۈپ قاچىدۇ.

— بوپتۇ ئەمسە! — ئاچچىقى كەلگەن مەخەت قوغلاشتىن توختاپ ئارقىسىغا قايتىپ كېتىدۇ. مەرھابانىڭ خۇشال چىرايىنى پۇشايمان، ھەسرەت قاپلايدۇ. ئۇ مەخەتنىڭ ئارقىسىدىن ئاستا مېڭىپ كېلىدۇ. مەخەت كۆلگە

تىكىلىپ بىرئاز تۇردۇ-دە، پىسىڭگىدە كۇلۇپلا يەنە ئەكسىگە قايتىدۇ.

— مەخەت رەنجىدىڭىزمۇ، مەن سىزنى خاپا بولماس دەپ...

"پولتوك" قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا مەخەت كىيىمنى سالماستىن كۆلگە سەكرەيدۇ. كۆلدىن چاچرىغان سۇ مەرھابانىڭ مەڭزىگە چۈشىدۇ. شۇئان مەرھابا مۆل-مۆل يىغلىۋېتىدۇ. مەرھابانىڭ قەلبىدىكى سۆز: "ئۇ كىتاب ئوقۇۋاتقاندا بىر نەرسە دىققىتىنى بۇزسا غەزەپلىنەتتى، لېكىن مەن بىلىپ تۇرۇپ... بىراق، ئۇ ماڭا كىتابنىڭ يىرىمچىلىك ئېتىبار بەرمەيدۇ. ئاھ!..."

مەخەت كۆلدە بىردەم چۆمۈلۈپ ئۆزگەندىن كېيىن كۆلدىن چىقىدۇ. ئۇنىڭ كىيىملىرى بەدىنىگە چاپلىشىپ كەتكەن. ئۇ يۈزىدىكى سۇنى ئېرتىپ تۇرۇپ مەرھاباغا:

— مېنى رەنجىدى دەپ ئويلامسىز؟ — دەيدۇ.

مەرھابا گۇناھكارلارچە يەرگە قارايدۇ:

— مېنى كەچۈرۈڭ مەخەت! مەن...

مەخەت يېقىملىق كۈلۈمسىرەيدۇ. ئۇ مەرھابانىڭ قولىدىكى كىتابنى ئېلىپ كۆلگە تاشلىماقچى بولىدۇ. مەرھابا ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىپ:

— سىز ... — مەرھابا ئۆكسۈپ يىغلايدۇ، — بۇنى تاشلىماڭ، مەن ساقلاپ قوياي، — دەيدۇ.

— سىزمۇ مېنى كەچۈرۈڭ، سۆيۈملۈك مەرھابا! تاشلىماقچى بولغىنىم رەنجىگەنلىكىمدىن ئەمەس. پەقەت...

مەخەت ھۆل قولى بىلەن مەرھابانىڭ سۈزۈك مەڭزىدىكى ياشنى سۈرتۈپ، ئۇنى ئۆزىگە قارىتىدۇ. مەرھابانىڭ ياش ئەگىپ تۇرغان بۇلاقتەك كۆزلىرىگە تىكىلىدۇ.

— مەخەت، سىز...

مەرھابا ئۆزىنى مەخەتنىڭ باغرىغا ئېتىپ ئۆكسۈپ يىغلايدۇ.

— بـولـدى يـىـغـلـىـمـاڭ سۆيۈملۈكۈم، مەن بىلەن مۇھەببەت باغـلـىغـىنـىڭىزغا پۇشايمان يەۋاتىدىغانسىز، بەلكىم. مەن كىتابقا بەكرەك بېرىلىپ سىزنى خۇشال قىلىدىغان ئىشلارنى ئاز قىلدىم. ئەگەر باشقا بىرسى بىلەن...

مـەرھـابا نازۇك قولى بىلەن مەخەتنىڭ ئاغزىنى توسۇۋالدۇ ھەم ئۆكسۈپ تۇرۇپ:

— بولدى سۆزلىمەڭ، — دەيدۇ.

مەخەت مەرھابانى باغرىغا چىڭ بېسىپ، جىنەستىدەك لېۋىگە لېۋىنى ياقىدۇ. ئەسلىمە توگەيدۇ.

## 36

كىنو داۋاملاشماقتا. قەمسگۈل مەيۈس ئاھاڭدا:

— نېمانچە شۈكلىنىپ ئولتۇرۇپ كېتىسىز؟ كىنونى كۆرۈۋاتامسىز مەخەت؟ — دەپ سورايدۇ.

— پۈتۈن زېھنىم بىلەن كۆرۈۋاتىمەن! — دەيدۇ مەخەت.

— بەك ياراپ كېتىپ بارامدۇ، — قىز نازلىنىپ مەخەتكە سۈركىلىدۇ.

— ئانچىمۇ ئەمەس!

— ئۇنداق بولسا ئانچە-مۇنچە گەپ قىلىپ بېرىپ ئولتۇرمامسىز؟ — قىز مەخەتكە تېخىمۇ يېقىنلىشىپ ئولتۇرىدۇ. مەخەت داجىيىدۇ. مەخەتنىڭ قەلبىدىكى سۆز: ”ئاھ... مەرھابا ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىدىغانسىز؟“

## 37

كـېـچـە. قەشقەرنىڭ ئازادە، پاكىز يولى. چوڭ-كىچىك ماشىنىلار

قـاتـارلـىشىپ ماڭماقتا. سازەندىلەر لىق ئولتۇرغان بىر ماشىنىدىن توي ناخشىسى ياڭرىماقتا. بۇ ماشىنىنىڭ ئالدىدىكى كىچىك جىپ گۈزەل زىننەتلىرى بىلەن ھەر خىل ئەكس نۇر قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە چۈمبەلگە ئورالغان تويى بولغان قىز، قىز قولدىشى بىلەن ئولتۇرىدۇ. ئېكراندا چۈمبەل ئىچىدىكى قىزنىڭ چىرايى روشەنلىشىپ، بۇ قىزنىڭ مەرھابا ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ. ئۇنىڭ چىرايى ھەسرەتلىك تۇسكە كىرگەن. كۆزىدىن يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ياش قۇيۇلۇپ تۇرىدۇ. ئۇ ئوڭ قولىنىڭ ئوتتۇرا بارمىقىدىكى يالتىراپ تۇرغان ئۈزۈككە تىكىلىدۇ. ئۈزۈك پارقىرايدۇ. كېيىن غۇۋالىشىدۇ.

ئەسلىمە.

## 38

يــاز. كــۈندۈز. ئۈرۈمچىنىڭ ئاۋات بازىرى. مەخەت بىلەن مەرھابا قولتۇقلاشقان ھالدا بازار ئارىلىماقتا. ئۇلار بىر زەرگەرلىك دۇكىنى ئالدىغا كەلگەندە مەرھابا ھەر خىل ئالتۇن، ياقۇت كۆزلۈك زىننەت بۇيۇملىرىغا زوقلىنىپ قارايدۇ.

مەخەت ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ زەرگەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىدۇ.

— قانداق نەرسە چىرايلىق كۆرۈنىۋاتىدۇ، تاللاڭ! — دەيدۇ مەخەت.

— ھېچنېمە، — دەيدۇ مەرھابا قىزىرىپ، يەرگە قاراپ.

— ھېچنېمە دېگىنىڭىز نېمىسى قىزىم. يىگىتىڭىزنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن بولسىمۇ بىرەرنى تاللاپ كۆرمەمسىز؟ مانا ماۋۇ ھەرەمنىڭ ئۈزۈكى سىزگە خويمۇ ياراشتى. قاراڭ! — دەيدۇ زەرگەر.

مەخەت سودىلىشىپ ئۈزۈكنى ئالىدۇ. ھەم ئۆز قولى بىلەن مەرھابانىڭ

بارمىقىغا سالىدۇ.

— بۇ مېنىڭ سىزگە قىلغان تۇنجى ھەم ئۆمۈرلۈك يادىكارىم بولسۇن! تـــەقدىر قىسمەت تەتۈر كېلىپ مېنى سېغىنسىڭىز مۇشۇ ئۈزۈكنى مېنى كۆرگەن كۆزۈڭىز، مېنى سۆيگەن قەلبىڭىز بىلەن سۆيەرسىز. بۇ بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنىڭ ئۆچمەس گۇۋاھچىسى بولسۇن!

ئەسلىمە تۇگەيدۇ.

## 39

مەرھابا ئۈزۈكنى چوڭقۇر مېھرى بىلەن سۆيىدۇ. كۆزىنى چىڭ يۇمىدۇ.

## 40

كىنوخانا ئىچى. مەخەت بىلەن قەمىسگۈل ياندىشىپ ئولتۇرۇپ كىنو كۆرمەكتە. قەمىسگۈل مەخەتنىڭ جىمجىت ئولتۇرغىنىغا قاراپ مەيۈسلىنىدۇ.

— مەخەت، سىزدىن بىر ئىشنى سورىسام بولامدۇ؟ — دەپ سورايدۇ قەمىسگۈل.

— قېنى سوراڭ، قۇلىقىم سىزدە!

— مەخەت سەممىي جاۋاب بېرىڭ. سىز مۇھەببەت باغلىغانمۇ؟

— باغلىغان!

— قەيەردە؟ قاچان؟

— ئالىي مەكتەپتە!

— ھازىرمۇ مۇھەببىتىڭىز بارمۇ؟

— بار!

— قەيەردە؟
— قەشقەردە!
— نېمە ئىش قىلىدۇ؟
— ماڭا ئوخشاش...
قىز ئەندىكىپ كېتىدۇ. ئۇ مەختەككە بەك سىنچىلاپ قارايدۇ.
— هازىر مۇناسىۋىتىڭلار قانداق؟
— بۇرۇنقىدەك! — قەمسىگۈلنىڭ كۆزى چەكچىيىپ كېتىدۇ.
— بىراق، ئارىلىق يىراق تۇرسا.
— مۇھەببەت زېمىنىنىڭ مەيلى نەردە بولسۇن يەنىلا يېقىن بولىدۇ.

## 41

كەچ، مەختەتنىڭ ياتىقى. مەختەت بىر بوتۇلكا هاراقنى بوتۇلكىسى بىلەنلا كۆتۈرۈپ ئىچمەكتە. تىنىماي ئىچىپ بوتۇلكىنى يېرىم قىلىپ شىرەگە قويىدۇ. ئۇ ئالدىدىكى تۆت قۇر خەت يېزىلغان بىر ۋاراق قەغەزگە ھەسرەت بىلەن قارايدۇ:

— ئاھ، مەرھابا، پۈتۈن قەلبىمنى تامام بەرگەن مەرھابا! شۇنداق قىلىپ توي قىلدىم، دېگىن. مەن... مەن سېنى تەبرىكلەيمەن. مانا، سېنىڭ بەختلىك بولۇشۇڭ ئۈچۈن ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ئىرادەمگە خىلاپ ھالدا ھاراق ئىچىۋاتىمەن. قېنى، خوش دەۋەتكىن، خوشە ئەمسە!...
مەختەت ھاراقنى يەنە ئىچىدۇ. بارا-بارا خۇدىنى بىلمەي قالىدۇ.
ئىشىك چېكىلىپ ياتاققا نۇربىيە كىرىپ كېلىدۇ:
— توۋا، مەختەت سىز ھاراق ئىچمەيتتىڭىزغۇ؟ ئۇ ياقتىن بىر ئېغىز گەپ ئاڭلاپلا بۇ ياقتىن بۇ يېڭى ھۈنىرىڭىزنى چىقىرىۋاپسىزدە.

مەخەت سەنتۇرۇلۇپ ئورنىدىن تۇرىدۇ:

— كەل، سۆيۈملۈك نۇربىيە! مەخەتنىڭ دەردى ھالىغا يېتەي دەپ كەلدىڭمۇ؟ پەقەت... پەقەت سەنلا مېنى... چۈشىنىسەن... ھە... سېنىڭ يۈرىكىڭمۇ... مېنىڭ... ماڭا ئوخشاش زىدە...

مەست بولغان مەخەتنىڭ سۆزى كۆڭلى نازۇك نۇربىيەنى ئېرىتىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىيدۇ. مەخەت يەنە سۆزلەيدۇ:

— بۇرۇن بۇ نەرسىنى سەن تېتىپ باقمىغان بولۇشۇڭ مۇمكىن. بــراق، سېنىڭ ئانچە-مۇنچە ئىچىدىغىنىڭنى بىلەتتىم... مەن سېنى... ھاياتىمدا، تۇنجى ھى... ۋە ئاخىرقى قېتىم، ھىق، مۇشۇ... مۇشۇنىڭغا تــەكــلــىپ قىلىشىم. ئابلىمىت دېگەن خۇمسىمۇ سېنى داغدا قويدى... مەرھابامۇ توي قىپتۇ. بىز... ئاخىرىدا ھەر ئىككىلىمىز داغدا قالامدۇق... قەلبىمنى چۈشىنىپ ئىچىۋەت!

نۇربىيە مەخەت تەڭلىگەن بوتۇلكىنى قولىغا ئېلىپ بىر كۆتۈرگەنچە ھەممىنى ئىچىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە غايىبانە ئوت چاقنايدۇ:

— يا-رايىسەن! سۆيۈملۈكۈم، مەن... سېنى تەبرىكلەيمەن! كېلە!

ئىككى مەست خۇدىنى يوقىتىپ، بىر-بىرىنى قۇچاقلىشىپ كارىۋاتقا يىقىلىدۇ.

## 42

كۈندۈز، چۈش ۋاقتى. دوختۇرخانا. ئىشخانا كارىدورى. ئىشخانىدىن چىققان مەخەت ياتاق تەرەپكە كېتىپ بارغان نۇربىيەنى كۆرۈپ قالىدۇ:

— نۇربىيە، ئىككى ئېغىز سۆزلىشىشكە ۋاقتىڭىز بارمۇ؟ — مەخەت سورايدۇ.

نۇرىيە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ مەخەتكە كۈلۈمسىرەپ قارايدۇ:

— بار!

— ئەمىسە ئىشخانىغا كىرىسىڭىز.

مەخەت ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئىشخانىغا كىرىدۇ. ئورۇندۇق ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، يانچۇقىدىن پاكىستان تاماكىسىدىن بىر تال ئېلىپ تۇتاشتۇرۇپ، گويا كونا بەڭگىلەردەك بۇرنىدىن قويۇق ئىس چىقىرىدۇ.

نۇرىيە ئىشخانىغا كىرىپ كېلىدۇ. مەخەتنىڭ قولىدىكى تاماكىنى كۆرۈپ:

— بۇمۇ يېڭىلىق. بۇنىمۇ دوست تۇتۇپسىز-دە، — دەيدۇ شوخلۇق بىلەن.

مەخەت چوڭ بىرنى تىنىۋالغاندىن كېيىن:

— نۇرىيە، ئاخشام بولغان سەتچىلىككە قانداق قارايسىز؟ — دەيدۇ.

— قانداق قارايتتىم، شۇنداق قىلىشقا ھەقلىقمىز، دەپ قارايمەن. مەن تېخى، — نۇرىيە ئىزا تارتىدۇ، — كېيىنكى ئائىلە ئىشلىرىنى ئويلاۋاتىمەن!

...

مەخەت چۆچۈپ كېتىدۇ:

— ياق نۇرىيە، بۇنداق دېسىڭىز مېنى ئۆمۈر بويى ئازابتا قويىسىز. ئاخشامقى ئىشلار پۈتۈنلەي كەيپچىلىكتە چوڭقۇر ھاياجانلىنىشتىن كېلىپ چىققان. قىسقىسى، شۇ چاغدا ھەر ئىككىلىمىز بىر نەرسىنى سەزگۈدەك ئەمەسكەنمىز. نېمە ئىش قىلغىنىمىزنىمۇ بىلمەپتىمىز. ئۇ ئىشلار شۇ سەۋەبتىن بولغاندىكىن ھازىرمۇ، كېيىنمۇ بىلىنمەسلىكى كېرەك.

نۇرىيە تۇمشۇقىنى ئۇشلاپ مەيۈسلىنىدۇ:

— بولىدىغان ئىش بولۇپ بولدى. بۇمۇ سىزنىڭ خاھىشىڭىز بويىچە بولدىغۇ؟ ھەممە ئىش سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك بولىۋەرمەيدۇ-دە!

مەخەت غەزەپتىن تىترەپ كېتىدۇ:

— مەن سىزگە شۇنى ئېيتىپ قوياي. ئۇ ئىشلار مەسىلىكتىن بولغان، بىلسەم شۇنداق بولاتتىمۇ؟ مېنى سىز ياخشى چۈشىنىسىز، دوستقا خىيانەت قىلىش ماڭا ئۆلۈمدىن ئېغىر. ئابلىمىتنى مەيلى سىز نېمىدەپ تىللاڭ بەربىر ئۇ مېنىڭ دوستۇم. گەرچە مۇھەببەتتىكلاردا ئۇ سىزگە ۋىجدانسىزلىق قىلغىنى بىلەن دوستلۇقتا، ماڭا ۋىجدانسىزلىق قىلغىنى يوق. شۇڭا مەن دوستۇم ئالدىدا يەرگە قاراپ قالماسلىق ئۈچۈن بۇ ئىشنى قايتا ئېغىزغا ئالمىساق. سىزمۇ شېرىن خىيالدىن ۋاز كەچسىڭىز. بىلىڭكى، ئۆلسەممۇ ئۇنداق قىلمايمەن! مېنى ”ۋىجدانسىز، مېنى نابۇت قىلغان مەخلۇق“ دەپ غەزەپلىنەرسىز. بەربىر مەيلى. ئۆچ ئالماقچى بولسىڭىز ئېلىۋېرىڭ... خەير گېپىم تۈگىدى.

نۇرىيە ئېسەدەپ يىغلىغان هالدا ئىشخانىدىن چىقىپ كېتىدۇ. مەخەت يەنە بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چېكىدۇ. بىرئازدىن كېيىن كېسەل تارىخى يېزىلغان خاتىرىنى ئېلىپ ئىشخانىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

## 43

كەچ. ئاۋۇتاخۇن قاسساپنىڭ ئۆيى. ئاۋۇتاخۇن بىلەن مەخەت يانداپ قويۇلغان تاق كىشىلىك سافادا ئولتۇرىدۇ. مەخەت يەرگە تىكىلگىنىچە بىر نەرسىنى ئويلايدۇ. ئاۋۇتاخۇن ئوغلىغا گەپ قىلماقتا:

— بالام، ئوقۇشۇڭ پۈتۈپ، خىزمەت قىلغىلى تۇرغىلى يېرىم يىل بولدى. تۇرمۇش ئىشىدىن هېچ ئېغىز ئاچاي دېمەيسەن. بىزدىن تارتىنساڭ باشقىلار ئارقىلىق پۇرۇتۇپ قويار دەپ تاما قىلدۇق. هېچبىر گەپ بولمىدى. مانا ئاخىر ئۆزۈڭگە يۈزتۇرانە دېيىشكە توغرا كەلدى. ئۆزۈڭ بىلسەن، بىز

ياشنىپ قالدۇق. ئالدىغان ئامانەتنى ئېلىپ بولغۇچە پەرىزنى ئادا قىلمىساق بولمايدۇ. بىز سېنى "پالاننى ئال" دەپ مەجبۇرلىمايمىز. ئۆزۈڭمۇ ئەقىللىق بالا. شۇڭا مۇشۇ بىرنەچچە ھەپتە ئىچىدە كىمنى ئالىدىغان بولساڭ شۇنى ئېيت. توي تەييارلىقىنى قىلىپ قويغىلى بىر يىلدىن ئاشتى. بىز ئەمدى ساڭا قاراپ تۇرالمايمىز! بالام.

پەزىلەتخان پەتنۇستا ئىككى چىنە مېزىلىك چۆچۈرە ئېلىپ كىرىپ تاماق ئۈستىلىدىكى داستىخان ئۈستىگە قويىدۇ.

## 44

كۈندۈز. چۈشتىن كېيىن. مەخەت باش دوختۇر ئابلەھەت بىلەن بىر كېسەل بالىنىڭ دىئاگنوزى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارماقتا. مەخەت:

— مېنىڭچە، كېسەلنىڭ تارىخىدىن قارىغاندا بۇ بالا تۇغما بۆرەك زەخمىسى كېسىلى ئەمەس. بۆرەك ئۈچىدىكى زەخمە، تاش بولۇپ ھازىر قاداقىا ئايلانغان. مېنىڭچە ئۇنى نەيچە ئارقىلىق... ، — دەيدۇ.

ئىشىك ۋەھىملىك جىددىي چېكىلىپ مەخەتنىڭ سۆزى ئۈزۈلۈپ قالدۇ. مەخەت بېرىپ ئىشىكنى ئاچىدۇ. بىر قىز (سېستىرا) تاتارغان ھالدا كىرىپ:

— ئابلەھەتكا، تېز بولسىلا، نۆربيەنىڭ ئەھۋالى خەتەرلىك ... — دەيدۇ.

ئابلەھەت بىلەن مەخەت جىددىيلىشىپ ئىشخانىدىن ئالدىراش چىقىپ كېتىدۇ.

## 45

كۈندۈز. جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمى. ئابلەھەت، مەخەت قاتارلىق

بــــرقــانچە دوختۇرلار نۇربيەنى جىددىي قۇتقۇزماقتا. نۇربيەنى سۇنئىي نەپەسلەندۈرمەكتە. ئاسما ئوكۇل ئاستا، رىتىملىق چۈشمەكتە. قان بېسىم ئۆلچىگۈچ ئەسۋابىنىڭ ئىستىرىلكىسى بىر چۈشۈپ بىر كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئابلەھەت ئۆز قولى بىلەن ئوكۇل سالىدۇ. نۇربيەنىڭ ئانىسى، ئاكىسى، سىڭلىسى، ئىنىسى كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇشىدۇ.

— ئۆتكۈر زەھەرلەنگەن، — دەيدۇ ئابلەھەت، پەس ئاۋازدا.

مەخەتنىڭ تېنى شۈركىنىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ چېكىسىدە پۈرچاقتەك تەر تامچىسى پەيدا بولىدۇ.

بۆلۈمگە جالال كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ نۇربيەگە چوڭقۇر ئېچىنىش نەزىرى بىلەن قارايدۇ.

نۇربيەنىڭ چىرايى قەغەزدەك ئاقىرىپ، بۇرۇن، لەۋلىرى كۆكەرگەن، كۆزلىرى يۇمۇلغان بولۇپ، تال-تال كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. چىرايى خاتىرجەم، چىشلىرى كىرىشكەن. ئاغزىدىن كۆپۈك چىقىپ تۇرىدۇ.

قان بېسىم ئۆلچىگۈچ بىردىنلا چۈشۈپ كېتىدۇ...

ھەممەيلەن كۆزلىرىنى چەكچەيتىشىپ قارىشىدۇ.

— نۇربيە!... قىزىم، نۇربيە!...

ئانا قىزىنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى تاشلاپ ھۆركىرەپ يىغلايدۇ.

بۆلۈم ئىچىنى يىغا-زارە قاپلايدۇ. مەخەتنىڭ كۆزىدىن تامچە ياش دومىلاپ چۈشىدۇ. باشقىلارنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىيدۇ.

مەخەتنىڭ قەلبىدىكى سۆز: "خەير، ئەلۋىدا، قەدىرلىك ساۋاقدىشىم! سەن مېنى ھەممىدىن ياخشى چۈشىنەتتىڭ! بىراق مەن..."

مەخەتنىڭ كۆز ئالدىدا مۇنداق بىر كۆرۈنۈش ھاسىل بولىدۇ.

ئەسلىمە (قوشۇمچە).

## 46

يـاز، كـۇندۇز. تىبىي ئىنستىتۇت، باغچا. مەخەت بىلەن نۇرىيە گۈلزارلىقتا ئاستا ياندىشىپ ماڭماقتا. مەخەت نۇرىيەنىڭ خۇشال چىھرىگە قارايدۇ. ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنى جامالى مەخەتنىڭ مەسلىكىنى تارتىدۇ.

— نۇرىيە، سىز مۇشۇ چىمەنلىكتە سەيلە قىلىشنى قەۋەتلا ياخشى كـۆرىـسىزغۇ دەيمەن. بۈگۈنمۇ چىرايىڭىز ئېچىلىپلا كېتىپتۇ، — دەيدۇ مەخەت.

نۇرىيە خۇشال ھالدا:

— بولۇپمۇ بۈگۈن ئەڭ بەك خۇشال بولدۇم، — دەيدۇ.

— نېمىشقا؟ — مەخەت قەستەن سورىغاندەك نۇرىيەگە قارايدۇ.

— چۈنكى، سىز بىلەن بىرگە سەيلە قىلدىم-دە!

— مەن سىزنى خۇشال قىلالايمەنمۇ؟

— مـەخـەت، سـىز مېنى تېخى چۈشەنمەيسىز. بۇ سىزنىڭ ماڭا قىزىقمىغانلىقىڭىز شۇنداقلا مەن توغرىسىدا بىزەمۇ ئويلانمايدىغانلىقىڭىزدىن بولغان. توغرىمۇ؟

مەخەت خىجىل بولۇپ نۇرىيەگە ئەيىبكرانە نەزىرى بىلەن تىكىلىدۇ.

— بولدى، قەلبىڭىزدىكىنى يوشۇرماڭ! قانچە تىرىشسامۇ سىزدە ماڭا نىسبەتەن ياخشى ھېسسىيات تۇغدۇرالمىدىم. ئەلۋەتتە، تەبىئىي ھېسسىيات سۈنئىي ھېسسىياتتىن ساپ بولىدۇ. بۇنى ئارتۇقچە سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوقتۇ دەيمەن... بەلكىم، كېيىن چۈشىنىپ قالارسىز...

ئەسلىمە تۈگەيدۇ.

## 47

كـــىشلەر نۇرىيەنىڭ جەسىتىنى يىغا-زارە بىلەن ئېلىپ چىقىشىپ

كېتىدۇ. مەخەت ئورنىدا قاقشان قوزۇقتەك قېتىپ تۇرۇپ قالدۇ.

## 48

كەچ، نۇرىيەنىڭ ئۆيى. نۇرىيەنىڭ ئاتىسى قارلىق باغلىغان، قايغۇلۇق ھالدا ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى پۈتكەن، قاپاقلىرى ئىششىغان، چىرايى سۇلغۇن كۆرۈنىدۇ. تاق كىشىلىك سافادا ئولتۇرغان جالالغا ۋەزمىنلىك سۆزلەيدۇ:

— بىرقانچە كۈندىن بېرى نۇرىيە ناھايىتىمۇ جىمغۇرلىشىپ كەتكەندى. مەنمۇ بۇنىڭغا ئارتۇقچە دىققەت قىلماپتىمەن. ئاخشام قارىسام ...

ئەسلىمە.

## 49

كەچ، نۇرىيەنىڭ ئۆيى. نۇرىيەنىڭ ئۆيدىكىلەر كەچلىك تاماق ئۈستىدە. ئىشىك جالاق قىلىپ ئېچىلىپ چاچلىرى چۇۋۇلغان، ياغلىقى بوينىغا چۈشۈپ قالغان نۇرىيە سەنتۈرۈلگەن ھالدا ئۆيگە كىرىپ كېلىدۇ. ئۆيدىكىلەر ھاڭ-تاڭ قالدۇ. نۇرىيەنىڭ تۇرقىدىن ھاراق ئىچكەنلىكى بىلىنىدۇ. نۇرىيەنىڭ ئانىسى "ئۇ" دەپ ئاغزىنى تۇتۇپ چەكچىيىپ قالدۇ. نۇرىيە ئانىسىغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىدۇ. غەزەپلەنگەن نۇرىيەنىڭ ئاتىسى قولىدىكى چىنىنى جاققىدە قويىدۇ. لەڭمەن داستىخانغا تۆكۈلىدۇ. ئۇ نۇرىيەنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ مۈرىسىدىن سىلكىشلەيدۇ. نۇرىيە پىخىلداپ كۈلۈپ ئاتىسىنىڭ بۇرۇتىغا چاپلىشىپ قالغان بىر تال چۈپىنى ئېلىپ ئاتىسىغا كۆرسىتىدۇ. يەنە پىخىلداپ كۈلىدۇ. ئاتا غەزەپتىن نۇرىيەنىڭ يۈزىگە بىر

تەستەك سالىدۇ. نۇرىيە يۈزىنى تۇتۇپ ئەسەبىي تۈرگى بىلەن چەكچىيىدۇ. ئانىسى ئاتىسىنىڭ قولىغا ئېسىلىۋالىدۇ. ئەسلىمە توگەيدۇ.

## 50

نۇرىيەنىڭ ئانىسى قايغۇ بىلەن سۆزلىمەكتە؛ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تاراملاپ قۇيۇلىدۇ. جالال چوڭقۇر ھېسداشلىق بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماقتا.

— شۇنىڭدىن كېيىن ئانىسى ئۇنى ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويدى. ئەتىگەن ... — دەپ تۇرۇپ قالىدۇ نۇرىيەنىڭ ئاتىسى.

ئەسلىمە.

## 51

نۇرىيەنىڭ ئانىسى. نۇرىيەنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى چەكمەكتە. ئىشىكنى بىرئاز چەككەندىن كېيىن "نۇرىيە!... نۇرىيە!..." دەپ چاقىرىدۇ. سادا چىققمىغاندىن كېيىن مۇشتلايدۇ. ئىشىك يەنە ئېچىلمايدۇ. ئانا نۇرىيەنىڭ ئاتىسىنى چاقىرىپ ئىشىكنى مۇرىسى بىلەن ئىتتىرىشىپ ئۆيگە كىرىدۇ.

نۇرىيە يەردە دۈم ياتىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا "DDT" بوتۇلكىسى تۇرىدۇ. ئۇلار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ نۇرىيەنى يۆلەيدۇ. ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرىشىدۇ.

## 52

كۈندۈز. ئەتىگەن. ئاسفالت يولدا جىددىي قۇتقۇزۇش ماشىنىسى

ھۇشقۇيتۇپ ئۇچقاندەك ماڭىدۇ. يولۇچىلار ئەنسىزلىك بىلەن ماشىنىغا قارىشىدۇ. ئەسلىمە توگەيدۇ.

## 53

— ئەھۋال مانا مۇشۇنداق بولدى، — دەيدۇ نۇرىيەنىڭ ئاتىسى يىغلاپ تۇرۇپ، قىز بالىنىڭ ھاراق ئىچىشى ماڭا قاتتىق ھار كەلدى. شۇ سەۋەب بىلەن ئاچچىقىمدا...

— مەن نۇرىيەنىڭ بۇنداق قىلىشىنى سىزنىڭ بىر كاچات سېلىشىڭىز سەۋەبىدىن دەپ قارىمايمەن. ئۇنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتكەن باشقا ئىشلار بولۇشى مۇمكىن. بولمىسا ھاراق ئىچمەس! — دەيدۇ جالال.

ئاتا چوڭقۇر نەپەس ئالىدۇ:

— ئۆيدىغۇ بۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتكۈدەك ئىش بولمىغان، — دەيدۇ.

جالال بېشىنى لىڭشىتىدۇ.

## 54

كۈندۈز، ئاۋۇتاخۇن قاسساپنىڭ ئۆيى. ئاۋۇتاخۇن پەزىلەتخانغا سۆزلەيدۇ:

— مەن كۆڭلۈمدە نۇرىيە قىز ئوغلىمىزغا تازا باب، بىرگە ئۆسكەن، بىرگە ئوقۇغان دەپ شۇ قىزنى ئوغلىمىزغا لايىق كۆرۈپ يۈرەتتىم. رەھمەتلىك قىز...

پەزىلەتخان كۆز يېشى قىلىدۇ:

— بىچارە ھەنىپىخان ئەمدى قىزىنىڭ دەردىدە تۇگىشىپ كېتىدىغان بولدى، — دەيدۇ.

— ئاڭلىسام، يېقىندىن بۇيان بىزنىڭ بالىمۇ ھاراق ئىچىدىغان، تاماكا چېكىدىغان بولۇۋاپتۇ. مەن ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن. بۇ زاماننىڭ ياش بالىلىرى نېمە بولۇپ كەتتى ئەمدى...، — دەيدۇ ئاۋۇتاخۇن.

## 55

كەچ، مەخەتنىڭ ياتىقى. مەخەت ھاراق ئىچمەكتە. تاماق ئۈستىلىدە توخۇ گۆشىنىڭ سۆڭەكلىرى، قالدۇق گۆشلەر، بىرنەچچە تەخسە ئالىي سەيلەر چېچىلىپ ياتىدۇ. ئۇ غىڭشىپ «زامان ئىشقى» دېگەن ناخشىنى ئېيتماقتا. كۆزىدىن ياش ئەگىيدۇ. كۆز ئالدىغا مەرھابانىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان سىيماسى كېلىدۇ. مەرھابا بىردىن مەخەتنىڭ ئالدىدىكى ھاراق بوتۇلكىسىنى، تاماكىنى كۆرسىتىپ مەخەتنى ئەيىبلەيدۇ. مەخەت كۆزىنى يۇمۇۋالىدۇ. كۆز ئالدىدا نۇرىيەنىڭ ئۆزگە غەمكىن قاراپ تۇرغان چىرايى پەيدا بولىدۇ. كېيىن مەخەتنىڭ ئۇنىڭغا ھاراق تەڭلىگەن كۆرۈنۈشى كېلىدۇ. نۇرىيە ھاراقنى ئېلىپ خۇشال ئىچىۋېتىدۇ. مەخەت ئۇنى ماختايدۇ:

— يەنە بىر كۆتۈرۈڭ!...

مەخەت ئالدىدىكى ھاراق بوتۇلكىسىنى ئېلىپ تەڭلەيدۇ، بىر قول ئۇنى ئالىدۇ. مەخەت بىردىن ئۆزگە كېلىپ ھاڭ-تاڭ قېتىپ تۇرۇپ قالىدۇ. ھاراق بوتۇلكىسىنى ئالغان قەمسگۈل بولۇپ چىقىدۇ. قەمسگۈل خۇمالىق كۆزىنى مەخەتكە تىكىپ، نازلىق كۈلۈمسىرەپ:

— سىزنىڭ ماڭا قىلغان تۇنجى ئىلتىپاتىڭىز ئۈچۈن ئىچىۋەتتىم! خوشە...، — دەيدۇ.

قەمسگۇل بوتۇلكنى بىر كۇتۇرۇپلا عۇرتۇلدىتىپ ئىچىشكە باشلايدۇ. مەخەت ئاعزىنى ئاچقىنىچە ئولتۇرۇپ قالدۇ. قەمسگۇل قۇرۇق شىشىنى قويىدۇ.

هاراقىنىڭ كۇچى قەمسگۇلگە تەسىر قىلىپ، مەخەتنىڭ قىشقا كىلىپ ئۇنىڭعا چاپلىشىپ ئولتۇرىدۇ. ئەركىلەيدۇ.

قەمسگۇل مەخەتنىڭ بويىنىعا گىرە سالىدۇ. مەخەت قاتۇرۇپ قويىعاندەك ئولتۇرىدۇ. قەمسگۇل جىنەستىدەك لىۋىنى ئۇنىڭ مەڭزىنگە تەگكۇزىدۇ.

## 56

كۇندۇز. ئەتىگەن. جالالنىڭ ئىشخانىسى. جالال كىرىسلوعا چۇكۇپ ئولتۇرۇپ كۇزىنى يۇمعان هالدا خيال سۇرمەكتە.

ئىشىك ئىچىلىپ مەخەت كىرىدۇ.

— مىنى چاقىرتقانمىدىڭلە؟ — دەپ سورايدۇ مەخەت.

— هىم! — جالال كۇزىنى ئاچماستىن مەخەتكە ئولتۇرۇش ئىشارىسى قىلىدۇ. مەخەت تاق كىشىلىك سافا ئالدىعا كىلىپ جالالنىڭ قارشىسىدا ئولتۇرىدۇ. جالال ئۇن-تىنسىز، كۇزىنى ئاچماستىن ئولتۇرىدۇ. مەخەت جالالنىڭ ئاعزىعا قاراپ، سۇزلىشىنى كۇتمەكتە. بىر مىنۇت... ئىككى مىنۇت ... شىرە سائىتىنىڭ رىتىملىق چىكىلدىشى كۇچىيىدۇ. ئىشخانا ئىچى سۇرلۇك تۇس ئالىدۇ، مەخەت سەل قورۇنعاندەك جالالعا تىكىلىدۇ. جالال خاتىرجەم هالدا جىممىدە ئولتۇرىدۇ. مەخەتنىڭ چىكىسىدىن تەر تامچىلايدۇ.

— مەخەت! — دەيدۇ جالال كۇچلۇك ئاۋاز بىلەن.


— هە، — مەخەت ئورنىدىن تۇرۇپ كىتىدۇ.

— ئولتۇرۇك، ئولتۇرۇك! نېمانچە ھودۇقۇپ كېتىسىز؟
مەخەت ناھايىتى ئاستا ئولتۇردى. يۈزلىرى قىزىرىپ جىددىيلىشىدۇ.
— ئاخشام ئىچىپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن؟!
مەخەتنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىدۇ. ئۇ تېخىمۇ ھودۇقۇپ قالىدۇ.
— مەن سىزگە توي خېتى ئېلىپ قويدۇم. تەييارلىق قىلسىڭىز بولىدۇ.
— نېمە؟ — مەخەت سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى.
— ئولتۇرۇك، باشقىچە پىكرىڭىز بارمۇ؟ — سورايدۇ جالال.
— جالال ئاكا، توي خېتى ئېلىپ قويدۇم، دېدىڭىزما؟
— شۇنداق، سىزگە غەيرىي، تەسادىپىي تۇيۇلۇۋاتامدۇ؟
— ئەلۋەتتە، مەن توي قىلىشنى ئويلاپ باقمىغان ھەم توي قىلىدىغان قىزىممۇ يوق!
— بۇ ئارتۇقچە سۆزلەر ئوغلۇم. توي قىلىدىغان قىزىڭىز بىلەن ئاخشام ئوبدان پۈتۈشكەنلىكىڭىزنى ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويۇپسىز-دە!؟ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم. سىزنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن توي خېتىنى ئۆزۈم ئەكېلىپ قويدۇم.
— جالال ئاكا، بۇ قانداق گەپ؟ — مەخەت غەزەپتىن ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ، — مېنىڭ نىكاھ ئىشلىرىمغا سىزنىڭ ئۇنچىلىك كۆيۈنىشىڭىز ھاجەتسىز. مەن ھېچقاچان ئۇ قىز بىلەن توي قىلىشنى پۈتۈشكىنىم يوق!
— ئاخشامقى ئىشلىرىڭىزدىن تېنىۋالماقچىمۇسىز؟ ئوغلۇم، ھازىر ئاياللارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقى دەپسەندە قىلىنىشقا يول قويۇلمايدىغانلىقىنى بىلىشىڭىز كېرەك. ئۇ قىز ئەمدى پۈتۈنلەي سىزگە تەئەللۇق. مەن ئاتىلىق يۈزىسىدىن شۇنچىلىك سۆزلىسەم بولار دەپ ئويلايمەن.
— جالال ئاكا، سىز...
— بولدى سۆزلىمەڭ! ئەسلى، باشلىقلىق سالاھىيىتىم بىلەن بۇ

ئىشلارنى سىزگە دېمەكچى ئەمەس ئىدىم. بىراق دېمىسەم بولمىدى. سىز نۇرىيەنىڭ ئۆلۈۋېلىشىغا ”مەن چېتىشلىق ئەمەس، بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ“ دەپ ئىبىتالامسىز؟ ياق. ئەمدى بۇ قىزنىمۇ ئاشۇ تەقدىرگە قالسۇن دەمسىز؟ يىگىتلىك ۋىجدانىڭىز چىدارمۇ؟ بولدى، كېلەر جۈمە كۈنى توي مۇراسىمىڭىز بولىدۇ. بۇ ئىشتىن ئاتا-ئانىڭىزنىڭ خەۋىرى بار. ئۇلار خۇشاللىقىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەيلا قالدى. سىز، پەقەت سىزلا خۇشال بولمايۋاتىسىز. گېپىم تۈگىدى. چىقىپ كەتسىڭىز بولىدۇ.

مەخەت بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا ئىشىك تەرەپكە ماڭىدۇ. ئۇ تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن ئىشىك تۇتقۇچىنى تۇتىدۇ. ئۇ شارت قىلىپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ جالالغا قارايدۇ. ئۇنىڭ چېھرىدە غەزەپ، ئەلەم، خورلۇق ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىدۇ. كۆرۈنۈش توختاپ ئېكراندا ”تامام“ دېگەن خەت چىقىدۇ.

1985-يىلى 30-مارت قىسمەن تۈزىتىلدى، قەشقەر.
(مەكتتە يۈز بەرگەن ھەقىقىي ۋەقە ئاساسىدا يېزىلدى)



مەسئۇل مۇھەررىرى: قەيسەر قۇربان
مەسئۇل كوررېكتورى: خۇدابەردى خېلىل

## ئەختەم ئۆمەر

# مۇڭلۇق زېمىن

نەشر قىلغۇچى
ۋە تارقاتقۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
(بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ.
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 010-64228007)
تىزغۇچى: "بۇغرا" كومپيۇتېرى
باسقۇچى: دىشىن باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
1999-يىل 10-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1999-يىل 10-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
باھاسى 11:80 يۈەن  سانى: 0001-4000

图书在版编目(CIP)数据

悲哀的大地:维吾尔文/艾合塔木·吾买尔著.一北京:
民族出版社,1999.7
ISBN 7－105－03554－4

Ⅰ.悲… Ⅱ.艾… Ⅲ.电影文学剧本一作品集一中国一
当代一维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.Ⅰ235.1

中国版本图书馆 CIP 数据核字(1999)第 29927 号

民族出版社出版发行
(北京市和平里北街 14 号　邮编 100013)
博海微机照排　　迪鑫印刷厂印刷
各地新华书店经销
1999 年 10 月第 1 版　　1999 年 10 月北京第 1 次印刷
开本:850×1168 毫米　1/32　印张:9.975
印数:0001—4000 册　定价:11.80 元